
ISSN 1002-9044



1997 ᠒

ISSN 1002-9044

9 771002 904009 02>

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى بىرىنچى ۋەزىپە — نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىش. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، خىلمۇ خىللىقنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. ئېسىل ئەسەر ئىشلەش ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ئېسىل ئەسەر ئىشلەش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى بىرلىككە كەلگەن، كۈچلۈك جەلپ قىلىش ۋە تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان، كەڭ ئەمما بەكمۇ قارشى ئالىدىغان بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر
توغرىسىدىكى قارارى»دىن

باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھوسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەتتىمىن ھوشۇر، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

# ئايلىق

# ئەدەبىي ژۇرنال

## 47-يىل نەشرى

## 2

## 1997

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


سۇلتان ھاشىم......... خەيرۇللا نىڭ چۈشى (ھېكايە) ................ 4
ئابدۇغوپۇر ئابدۇراخمان.. تۇرمۇش ئەينىكىدە (ھېكايە) ............... 24
گايىت مەھەممەت...... تىلەك (پوۋېست) ......................... 28
ئايمە ھەممەت ساھىبى.. قوناقلىقتىكى ئىشلار (ھېكايە) ................ 79
قۇربان ئەمەت......... كۆكلەيدىغان قاناتلار (نەسرلەر) ............... 89
ئابباس مۇنىياز......... ھۇنەرۋەن (ھېكايە) .......................... 112


## يېڭى رومانىدىن تاللانما


تۇرسۇن ياسىن.......... سادىر پالۋان (رومانىدىن پارچە) ............. 124


## نەزمىي ئەسەرلەر


مۇھەممەتجان راشىدىن... قانات ياساپ پەرۋازدا يۇرەر تۇمەن تىلەكلەر... 63
ئابدۇلئەھەت قادىرى......شائىرلىقىمغا ئىزاھات...................... 67
مۇتەللىپ جۇماخۇن.........خىسلىتىڭدە جۇپتى يوق، تاقسەن............ 68
ئابدۇقادىر سادىر.........ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك.................... 69
ئابدۇكېرىم ئوسمان........چەكسىز ئەمەس، بەك كىچىك دۇنيا............ 71
ئابدۇرېھىم مۇھەممەت.... پەرزەنتلەرگە ............................. 74
مۇسا ئەھەد..............قانداق ئۇزىتاي قايىسى سۆز بىلەن............ 75
ئىلياس ئابلىمىت.......... كېيىنكى پۇشايمان........................ 77
مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن... يىراقتا بار بىر شائىر قىز................ 77


## ئۇمىد چېچەكلىرى


دولقۇن روزى........... كۆي تۆكىدۇ قەلبىمدىكى قوڭغۇراق.............. 98
ئىبراھىمجان تاش (ئىپتىخار)... ئىككى غەزەل........................ 105

# بۇ سانىدا


ئابدۇلئەھەت داۋۇت (شەھلائى) ... كۆرۈندۇمىۇ ساڭا ........ 105
ئامىنە ھېكىم ........ خوشلىشىش ........ 106
مېھرىگۈل مۇھەممەت ........ ۋاپاسىز ........ 106
ئابدۇخېلىل ئابدۇشۈكۈر ........ كۆكۈمدىكى ۋىسال ........ 106
ئالىمجان ياسىن ........ كىچىككىنە سەھرا بازىرى ........ 107
ھۆسەن روزى تىرىك ........ بالقىپ چىقتى ئۈسمۈرلۈك ........ 107
نۇرمەھەممەت ياسىن ئۈركىشى ........ مەڭگۈلۈك باللىق ........ 109


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ........ «مەھمۇت قەشقەرى» رومانى ھەققىدە ... 136


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


ئاۋگۇستو مونتوروس ........ تايلېر ئەپەندى (ھېكايە) ........ 149
لېۋ تولستوي ........ مەسەللەر ........ 157


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


تۆمۈر داۋامەت ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى
ئۆتكۈزۈلدى ........ 159
ئىككى چوڭ قۇرۇلتاي مۇنبىرىدە ........ 160


* * *


رەسسام ۋە خەتتات: **پەرھات ئىبراھىم**

مەسئۇل كوررېكتور: **قېيۇم تۇرسۇن**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۇلتان هاشىم



# خەيرۇللانىڭ چۈشى

(هېكايە)

خەيرۇللانى تونۇيدىغانلار ئۇنى قىز بالىدەك سىلىق، تارتىنچاق يىگىت دېيىشەتتى. يېقىندىن بىلىدىغانلىرى بولسا «كۆلەڭگە» دەپ ئارقىسىدىن كۈلۈشەتتى.

ئۇ، بۇ يىل توپتوغرا يىگىرمە بەش ياشقا كىردى. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ توي تەييارلىقىنى ئاللىقاچان پۈتتۈرۈپ قويغان. ئىشەنمىسىڭىز سارايىنىڭ تۆرىدىكى چوڭ ساندۇق، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى خۇرۇم چامادانىنى ئېچىپ بېقىڭ. هەيران قالىسىز ۋە بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرگۈچى قىزنىڭ تەلەيلىك ئىكەنلىكىگە قىلچە شۈبھە قىلمايسىز. شۇنداق، توي تەييارلىقى كەم-كۈتىسىز پۈتكەن خەيرۇللا پەقەت



«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ئاتا-ئانىسىغا ئۆيلىنىش خاھىشى بارلىقىنى بېشارەت بېرىپ قويسىلا كۇپايە ئىدى. بىراق، ئۇلار بۇ خۇشاللىق كۈننى قانچە تەقەززالىق بىلەن كۈتمىسۇن، ئوغلىنىڭ ئۈنچىقماي جىملا يۈرۈۋاتقىنىدىن، ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ ئۆز ئىستەكلىرىگە چەك قويۇشاتتى، ئىشەنچ بىلەن كۈتۈشەتتى.

خەيرۇللانىڭ تەقى-تۇرقى خېلىلا كېلىشكەن، قىزلارنىڭ بىر قاراپ ياقتۇرۇپ قالغۇچىلىكى بار يىگىت. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭ قىزلاردىن تونۇشى يوق. قىزلار بىلەن تاسادىپىي سۆزلىشىشكە توغرا كېلىپ قالسا، قىزلاردىن بۇرۇنراق ئىزا تارتىپ قىزىرىپ كېتىدىغان قىزىق مىجەزى بار. شۇ سەۋەب بولدىمۇ، ئېنىق بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ قەلبىگە بىرەر قىزنىڭ سىماسى ئىسسىق، شېرىن تۇيغۇلارنى ئويغىتىپ ئورۇنلاشقان ئەمەس. قىزلار بىلەنغۇ شۇنداقمۇ بولسۇن، بايىقساق،

ئۇنىڭ سىردىشىپ، مۇڭدىشىپ ئولتۇرغۇدەك ئەر دوستىمۇ يوقتەك قىلدۇ. ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغانلار ئاز ئىدى. ئۇلارمۇ تولاراق بىرەر ھاجەت، خىزمەتتە يولۇققان ئىشلارغا مەسلىھەتلىشىش، بىرەر ئىشنى ئېيتىپ قويۇش يۈزىسىدىن كېلەتتى. ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ سىرتقا كەم چىقاتتى، ئائىلىنىپ كېلىشنى خالاپ كەتمەيتتى. ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەي يالغۇز ئۆتۈپ كېتىدىغانلارمۇ بولىدىغۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەل-ئائىلىسىز ئۆتۈپ كېتىدىغانلارنىمۇ يوق دېگىلى بولماس. ئەمما، بۇ ھەقتە بىز ئۈنچۈقماسلىقنى ئەۋزەل كۆرگىنىمىز بىلەن، ئانىسى سورىماي تۇرالمىدى:

— بالام، سەنمۇ ئاغىنىلىرىڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرىدىغانسەن. ئۇلارنى مېھمانغا چاقىرساڭ بولمامدۇ. خىجالەت بولما، قىسىلىپ قالغۇدەك ھالەتتە ئەمەسمىز.

خەيرۇللا ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمىگەندەك بىر ئاز ھاڭۋېقىپ قالدى، كېيىن چۈشىنىپ كۈلۈمسىرىدى:

— قويساڭچۇ ئاپا، بۇنىڭ نېمە كېرىكى بار، — دېدى پەرۋاسىزغىنە. گەپ شۇ بولدى-دە، باشقا ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ ئىختىيارىغا ئۆگەنگەن ئانا ئىككىنچىلەپ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى.

«ئۆزى چىقتى تالاغا، مېنى قويدى بالاغا» دېگەندەك، ئۇلار ئولتۇرغان توققۇز ئائىلىلىك جايلاشقان چوڭ قورۇدىكى كىچىككىنە بىر ئۆزگىرىش، خەيرۇللانىڭ كۆل سۈيىدەك بىر خىل ئۆتۈۋاتقان كۈندىلىك تۇرمۇشىغىلا ئەمەس، روھىي دۇنياسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

قورۇدىكى قوشنىلاردىن بىرى كۆچۈپ كېتىپ، بوشاپ قالغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە ئۈچ قىزى بىلەن بىر تۇل خوتۇن كېلىپ جايلاشتى. ئۇلار كۆچۈپ كەلگەن كۈنى خەيرۇللا خىزمەتتە بولغانلىقتىن، كەچتە خىزمىتىدىن قايتىپ تامىقىنى يەۋاتقاندا، ئانىسىدىن كەلگەن خوتۇننىڭ يەتتە يىلدىن بىرى تۇل ھەم ئاغرىقچان ئىكەنلىكى، ئۈچ قىزىنىڭ چوڭى قەمەر باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە مۇئەللىمچىلىك قىلىدىغانلىقى، قالغان ئىككى كىچىك قىزى ئوقۇيدىغانلىقى... توغرىسىدىكى دەسلەپكى مەلۇماتنى ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەن بىر ھالەتتە جىمغىنا ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ بىلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئىشىكتىن چىقىشىغىلا، بۇرۇن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى-دە، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي تۇرۇپ قالدى. گەپنىڭ ئوچۇق بولغىنى ياخشى، خەيرۇللادەك ئۆزىنى تۇتقان يىگىتنى تۇرۇپ قىلىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە — قىزنىڭ تاڭ قالغۇسىز ئاجايىپ گۈزەللىكى ئىدى. بىز بۇ يەردە بىزگە ناتونۇش بولغان بۇ قىزدىكى گۈزەللىكنى تەسۋىر قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىمىز. «ھەركىمنىڭ ئۆزىگە، گۈل كۆرۈنۈر كۆزىگە» دېگەن گەپ بار. شۇڭا بىز بۇ كەمچىلىكىمىزنى كىتابخانلارغا كىمگە قەيەردە ئەڭ گۈزەل قىزلارنى ئۇچرىتىشقا توغرا كەلگەن بولسا ياكى ئۆزىنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرىدا مۇكەممەل گۈزەل قىز ئوبرازىنى شەكىللەندۈرۈپ ئالغان بولسا، ئەنە شۇ گۈزەل قامەتنى كۆز ئالدىدا كەلتۈرۈشنى مەسلە-

uyghurkitap.com

ھەت قىلىش بىلەن تولدۇرىمىز.

خەيرۇللا قىزغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى. قىز بولسا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن يېنىدىن ئالدىراش ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۆزىگە كەلگەن خەيرۇللا بۇ ئىختىيارىدىن تاشقىرى ھەرىكىتىدىن بەكمۇ ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى. يېڭى قوشنىنىڭ قىزى شۇ بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە، دەپ ئويلىدى ئۇ گۇمانلىنىپ. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىنى تەستىقلىغاندەك خوتۇن كىشىنىڭ ئاجىز، سۇسقىنا چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى: «قەمەر، قىزىم، كەينىڭگە يانغىنا، بىر ئىشنى دەيمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن». خەيرۇللا ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلۇپ، يېڭى قوشنا كۆچۈپ كەلگەن ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق بىر ئايالنى كۆرۈپ شۇنداق ئوخشايدۇ، دەپ پىچىرلىدى ۋە ۋۇجۇدى شېرىن بىر سېزىمگە ئەسىر بولغانلىقىنى ھېس قىلغىنىچە قورۇدىن چىقتى.

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ خەيرۇللانىڭ ئارامى بۇزۇلۇپ، خىيالچان بولۇپ قالدى. خىزمەتتىن كېلەتتى-دە، ھېچ يەرگە چىقماستىن، قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ ئۆي ئىچىدە ئاستاغىنا ئايلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئوي ئويلىغاندەك، خىيال سۈرگەندەك بولاتتى، لېكىن نېمىنى ئويلاپ، نېمىنى خىيال قىلغىنىنى ئېسىگە ئالالمايتتى، بۇنىڭدىن ئاچچىقى كېلىپ تېرىكەتتى. تاماكا چەكمەيدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، يانچۇقىدىن تاماكا ئۈزمەيدىغان بولدى. تاماكا چېكىش ئۇنىڭغا خېلىلا مۇشكۇل چۈشسىمۇ، ھەرھالدا بىردەم چېكىش خىياللاردىن خالىي بولۇشقا بىر ئاز ياردەم بېرەتتى. ئۇنىڭغا دېرىزىدىن قاراپ تۇرۇش ئادەت بولۇپ قالدى. ئۆيدىلا بولىدىغان بولسا ئائىلىدە ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئىش بولمىغاچقا، خۇددى دېرىزە ئالدىغا تىكلەپ قويغان ھەيكەلدەك قىمىر قىلماستىن ھويلىغا — قەمەرلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئۇزاق قاراپ تۇراتتى. ئەگەر، قەمەر تۇيۇقسىزلا ئىشىكتىن چىقىپ قالسا ياكى خىزمىتىدىن كەچرەك قايتىپ خەيرۇللانىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ قالسا، بىردىنلا، خۇددى قەمەر ئۇنىڭ يوشۇرۇنچە قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالغاندەك ھودۇقۇپ، قىزىرىپ-تاتىرىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئالدىرايتتى، لېكىن كۆزىنى قەمەردىن زادىلا ئۈزمەيتتى.

ئۇلارنىڭ ھويلىدا ئۇچرىشىپ، گاھىدا دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ پات-پاتلا بولۇپ تۇراتتى. بەزىدە قەمەر ئۆزىنىڭ قارا كۆزلىرىنى مەيلى قايسى مەنىدىن بولمىسۇن ئۇنىڭغا تاشلاپ ئۆتەتتى. بۇ قاراشلار ئۇنىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرىنى، بارلىق يوشۇرۇن سىرلىرىنى بىلىۋالىدىغاندەك تەمتىرەپ، بەزىدە پۇتلىشىپ كېتەتتى. ئۆلدۈم، دەيتتى ساراسىمە ئىچىدە پىچىرلاپ ۋە ئۆيگە كىرىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ئەمما ھايال ئۆتمەي دېرىزە ئالدىدا ئۆز-ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالاتتى.

قورۇدا، دەرۋازىنىڭ تۈۋىدىكى كىچىكرەك ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە، ئاتمىش ياشلاردىن ئاشقان تۇرداخۇن ئىسىملىك بىر بوۋاي قىز نەۋرىسى بىلەن بىللە

تۇراتتى. خەيرۇللا باشقا قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە كەمدىن كەم كىرىپ قويسىمۇ، تۇرداخۇن بوۋاينىڭ ئۆيىگە پات-پاتلا كىرىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. بوۋايمۇ ئەدەپلىك، كىشىنىڭ هال-مۇڭىغا يېتىدىغان بۇ يىگىتنى چىن كۆڭلى بىلەن ياقتۇراتتى ۋە ئۇنى ياش بولۇشىغا قارىماي هۆرمەت قىلاتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆهبەتنىڭ مەزمۇنى سەل ئۆزگىرىشكە باشلىدى. خەيرۇللا كىرەتتى-دە، ئادەتتە ئۆزى ئولتۇرىدىغان سۇپىنىڭ تام تەرىپىدىكى قىرىغا جايلىشىۋېلىپ مۇلايىمغىنا ئەهۋاللىشاتتى ۋە ئۇيەر-بۇيەردىن پاراڭلىشىپ كېلىپ، گەپنى يېڭى كەلگەن قوشنىلار ئۈستىگە توغرىلاپ قوياتتى. تۇرداخۇن بوۋاي سىرتقا كەم چىققىنى بىلەن، قورۇ ئىچىدە بولۇپ تۇرىدىغان ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى قوشنىلار هەققىدىمۇ ئاڭلىغانلىرىنى قالدۇرماستىن ئېيتىپ بېرەتتى. پاراڭ ئايلىنىپ كېلىپ قەمەرگە توختىلاتتى. بۇ چاغدا بوۋاي ئالاهىدە جانلىنىپ قىزنى شۇنداق كۆككە كۆتۈرەتتىكى، خەيرۇللا ئوڭايسىزلانغىنىدىن ئولتۇرغان جايىدا بىئارام بولۇپ قىمىرلاپ كېتەتتى. بوۋايمۇ ئۇنچىلىك ساددا كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. يېڭى قوشنىلار توغرىلىق خەيرۇللانىڭ قىزىقىشى ۋە ئاسماقچىلاپ سوراپ كېتىشلىرى، بوۋاينىڭ ئالدىدا يىگىتنىڭ سىرىنى سەل-پەل ئېچىپ قويىدى.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى بوۋاي بىر كۈنى قەمەر ئۈستىدە ئەمدىلا گەپ ئېچىلىشى بىلەن، — سىزنى كىم قىزىقتۇرۇپ قاپتۇ-ھە، قەمەر قىزمۇ، بولدى قىزارماڭ، مانا ئەمدى لايىقىڭىزنى تېپىپسىز، ئوغلۇم. سىزگە تولىمۇ باب كېلىدۇ، بىر توي ئوينايدىكەنمىز-دە.

خەيرۇللا بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى...

بىر كۈنى بوۋاي ئۆزىنىڭ قەمەردىن زوقلانغىنىنى دېمەي تۇرالمىدى:

— ئىسمىمۇ قەمەر، جىسمىمۇ قەمەر. گەپ-سۆزىنىڭ ئوڭلۇقلۇقى، يۈرۈش-تۇرۇشىنىڭ سىلىقلىقىنى بىر ئېيتماڭ. مۇنداق قىزلار كەم ئۇچرايدۇ، قارىڭا، بىر ئۆزى خىزمەت قىلىپ تۆت جاننى هېچنىمىگە خىجالەت قىلماي بېقىپ كېتىۋاتىدۇ. پەرىشتە دېسىڭىز بولىدۇ، پەرىشتە.

يەنە بىر كۈنى بوۋاي يىگىتنى رىغبەتلەندۇردى:

— نېمىڭىز يەتمەيدۇ، سىزنىڭ ئۇ قىزدىن قېلىشقۇچىلىقىڭىز يوق، جۇمۇڭ، قولىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ يەنە، مۇنداق قىزلارنىڭ لايىقى كۆپ بولىدۇ. ئەتىسى-ئاخشىمى ئۇچرىشىپ قالغاندا سۆز تاشلاپ قويۇڭ-دە. هەي، هەي، هېلىمۇ ياخشى بىر قورۇدا بولغىنىڭلار، يىراقراق بولساڭلار كوچىسىغىمۇ كىرەلمەيدىغان ئوخشايسىز. شۇنداق بايقىغۇدەك بولسام، قىز ئۇچراپ قالسا بېشىڭىزنىمۇ كۆتۈرەلمەي قالىدىكەنسىز، تېتىكرەك بولۇڭ، تېتىكرەك.

خەيرۇللانىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئويناپ كېتەتتى. ئۇ پەقەت قىزىراتتى، ئىچىدە ئاه ئۇراتتى، تولغىناتتى.

يېڭى قوشنىلار كۆچۈپ كېلىپ تۆت -

www.uyghurkitap.com



بەش ئايدىن كېيىن ھېيت كېلىپ قالدى. خەيرۇللا قەمەرگە بولغان چەكسىز ئىنتىلىش ۋە مۇشۇ ئىنتىلىشتىن ۋۇجۇدقا كەلگەن غەيرەت بىلەن ھېيتلاپ چىقىش، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئەگەر ئىمكانىيەت تاپالىسا بىر-ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ يۈزىنى ئېچىۋېلىش نىيىتىدە، تۈنجى قېتىم بۇ ئىشىكنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلدى.

ئائىلىدىكىلەر جەم بولۇپ دالاندىكى قوش كارىۋات ئۈستىگە قويۇلغان كىچىكرەك شىرەنى چۆرىدەپ چاي ئىچىشىۋاتقانىكەن. ئۇلار ھەيران قېلىشتى ۋە قانداق تۇرۇشقان بولسا شۇ پېتىچە خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك قىمىر قىلماستىن بىرنەچچە سېكۇنت كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ قېلىشتى. لېكىن، بۇ ھالەت ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. قەمەرنىڭ ئانىسى ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئېلىشقا ئالدىرىدى:

— ۋاي تۇۋا يەي، خەيرۇللامۇسىز، قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى. ئۆيىگىزنى تاپالماي تىنەپ كىرىپ قالمىغانسىز-ھە؟! — دېدى بۇ ئاغرىقچان ئايال ھېيتلاپ كىرگەن مېھمانغا بولغان خۇشاللىقنى سىغدۇرالماي، — قېنى، ئىچكىرىگە كىرىڭ بالام، قەمەر چاي تەييارلىغىن، چاپسانراق...

بۇ سەممىي كۈتۈۋېلىشتىن ئوڭايسىزلىنىپ كەتكەن خەيرۇللا قىسىنىپ-قورۇنۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. ئۆي ئىچى يورۇق، ھەم ئازادە ئىدى. قويۇلغان جاھازلارمۇ ساددىغىنا، ئارتۇقچە ھەشەممۇ يوق. ھەربىر نەرسىگە قەمەرنىڭ قولى تېگىپ ھىدى سىڭگەن بۇ ئۆي خەيرۇللاغا يېقىملىق سېزىلدى.

قەمەر بىلەن ئانىسى ئۇنى يېيىش-ئىچىشكە زورلايتتى. خەيرۇللا چاي سۇمۇرۇۋېتىپ، پىيالىنىڭ قىرى ئارقىلىق قەمەرگە كۆز تاشلىدى. قىز ھېيتلىق كىيىملەر بىلەن تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتكەنىدى. قەمەرمۇ ئۇنىڭغا قارايتتى. قىزنىڭ تارتىنچاق بېقىشلىرىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قاماشقاندەك، بېشى ئايلانغاندەك بولدى. قىز كۈلۈمسىرەيتتى. مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىغا، مېنىڭ ئىزا تارتىپ ئولتۇرۇۋاتقىنىمنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈۋاتامدىكىن، دېگەن خىيال كىرىپ قالدى. قەمەرنىڭ ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى. ئانىنىڭ ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ قىلغان تەكەللۇپلىرى ئۇنىڭدا «سېنىڭ نىيىتىنى ئۇيلاپ ھېيتلاپ كىرگىنىڭنى بىلمەن» دېگەن گۇماننى پەيدا قىلدى. بۇ ئىككىسى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا تىنچسىزلىنىشقا باشلىغان تۇيغۇلىرىنى غۇلغۇلىغا سېلىۋەتتى. ئۇ ئولتۇرالماي قالدى ۋە ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك، ئىككى يېنىغا خاراموشلۇق بىلەن قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. قەمەر بىلەن ئانىسىنى بەكمۇ تەئەججۈپتە قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ «بىردەم ئولتۇرسىڭىز بولمامدۇ» دېگەن زورلاشلىرىغا قارىماي چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدى. ئۈستەلنى ئايلىنىپ ئۆتۈۋېتىپ ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىگە پۇتلاشتى-دە، ئۆرۈۋەتتى. مانا رەسۋاچىلىق! خەيرۇللانىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئەگەر پۇتلىرى توغرا ھەرىكەت قىلمىغىنىدا ئىدى، ئۇ ئىشىكنى تاپالماي تامغا ئۇسۇۋالغان بولاتتى.

خەيرۇللا ئۆيدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ قەمەرگە كۆز تاشلاپ ئۆتۈش بۇ ياقتا تۇرسۇن، نېرىدىن كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالسا يولىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلگۇرەلمەي قالسا گۇناھكار ئادەملەردەك بېشىنى يەردىن ئۈزمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ پات-پاتلا چۈش كۆرەتتى. پەقەت چۈشىدىلا قەمەرگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ شېرىن لەززىتىنى تېتالايتتى. بەزىدە چەكسىز خۇشاللىقتىن ھاياجانلىنىپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتسە، چۈشىنىڭ داۋامى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇزاق بىئارام بولۇپ تولغىنىپ ياتاتتى. خەيرۇللا كۆرگەن چۈشلىرىنىڭ تولىسىنى ئۇنتۇپ قالسىمۇ، تۆۋەندە بىز بايان قىلىپ بەرمەكچى بولغان چۈش ئۇنىڭ ئېسىدە مەھكەم ساقلىنىپ قالغانىدى:

ئۇ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىشخانىسىدا كىتاب ۋاراقلاپ ئولتۇرغۇدەك. دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرغان خىزمەتداشلىرىدىن بىرى تۇيۇقسىزلا: قاراڭلار-قاراڭلار، قەمەر كېلىۋاتىدۇ، دەپ ۋارقىرىغانىدى، ئىشخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېرىزىگە يۈگۈرۈلۈپ كەلگۈدەك. خەيرۇللانىڭ قەمەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدىغان خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا ھەۋەسلىرى كېلىپ خەيرۇللانى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇشقۇدەك. قەمەر كەڭ ئاسفالت يولنى بويلاپ تىكىلگەن قويۇق ئاكاتسىيە دەرەخلىرىنىڭ سايىسىدە شۇنداق بىر لاتاپەت بىلەن كېلىۋاتقۇدەككى، خەيرۇللانىڭ يۈرىكى ئويناپ تۇرالماي قاپتۇدەك. توختا، — دېگۈدەك ئۇ ئۆزىگە، — مەن ھازىرلا ئۇنىڭغا يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتىۋالمىسام، ئەمدى تاقەت قىلىپ يۈرەلمەيمەن. ئۇ دېرىزىدىنلا سەكرىمەكچى بولۇپ تەمشەلگەندە، خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ بىرەر يېرى زەخىملىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ توسىۋالغۇدەك. خەيرۇللا مەغرۇرلۇق بىلەن: مۇھەببەت جۇرئەتنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يولدا كىمكى پىداكار بولسا، ئۇ شۇنى ھۆرمەت قىلىدۇ، دەپ، ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇپ قوللىرىنى كېرىپ سەكرىگەنىكەن، خۇددى قۇشقا ئوخشاش يېنىكلىك بىلەن قەمەرنىڭ ئالدىغىلا چۈشۈپتۇدەك. بۇنىڭدىن قەمەرمۇ ھەيران قاپتۇدەك. سىز ئۇچۇپ ئاسماندىن چۈشۈشكىمۇ تەييارمەن، دېگۈدەك خەيرۇللا. قەمەر قاقاقلاپ كۈلۈپ: يۈرۈڭ، — دەپتۇ خەيرۇللانىڭ قولىدىن تارتىپ، — مەن قورقماسلارنى ياخشى كۆرىمەن. ئىككىمىز سەيلە قىلىپ كېلەيلى، سىز گۈللەرنى ياخشى كۆرەمسىز؟ قىزنىڭ خۇش مۇئامىلىسىدىن تېخىمۇ روھلىنىپ كەتكەن خەيرۇللا: سىز ياخشى كۆرگەنلەرنى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇلار پايانسىز ياپيېشىل چىمەنزارلىقتا كېتىۋاتقۇدەك. بۇ يەرلەر سىزنىڭ ئىدارىڭىزدىن ئۈچ كۈنلۈك يول، دەپتۇ قەمەر ئۇنىڭغا. لېكىن خەيرۇللا ئۆزىنى بىر سائەتمۇ ماڭمىغاندەك ھېس قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئالدىدا چەكسىز يېيىلىپ كەتكەن گۈلزارلىق كۆرۈنۈپتۇ. مانا بۇ گۈللەرنى مەن يېتىشتۇرگەن، دەپتۇ قەمەر گۈلزارلىقنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ. گۈللەر شۇنچە چىرايلىق ۋە شۇنچە پۇراقلىق ئىكەنكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قەمەر ئۈزۈپ تۇتقان هەر بىر گۈلنىڭ
پۇرىقىدىن ئۇنىڭ بېشى يېقىملىق ئايلىنىدى-
كەن. خەيرۇللا قىزنىڭ گۈل سۇنغان
قولىدىن تۇتۇۋالماقچى بولۇپ ئىنتىلگەندە،
قەمەر ناز بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ قېچىپتۇ.
خەيرۇللا ئۇنى قوغلاپتۇ. قىز شامالدەك
شۇنداق تېز يۈگۈرىدىكەنكى، تۇتۇۋالاي-تۇتۇۋا-
لاي دېگەندە يەنە ئۈزاپ كېتىدىكەن،
ئىككىسى گۈلزارلىق ئارا بىر-بىرىنى قوغلى-
شىپ يۈرۈشكەندە شامال چىقىشقا باشلاپتۇ
ۋە ناھايىتى تېزلا قارا بورانغا ئايلىنىپ
كېتىپتۇ. خەيرۇللا ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ كۈنلۈك
يىراقتا ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ ئەنسىرەش-
كە باشلاپتۇ. كېتەيلى قەمەر، — دەپتۇ
قىزغا قورقۇنچ ئىچىدە، — كەچ قالساق
يولدىن ئادىشىپ قالىمىز. قىز ئۇنىڭغا:
ياق، مەن گۈللىرىمنى تاشلاپ كېتەلمەي-
مەن. ئۇلارنى ئاسرىشىم كېرەك. سىز
ماڭا ياردەملىشىپ بېرىڭ، دەپتۇ ۋە بوران-
دىن يەرگە چاپلىشىپ كەتكەن گۈللەرنى
ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ شاخ بىلەن تىرەپ
قويۇشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ قولى تەگكەن
هەر بىر تۈپ گۈل، بوران شۇنچە قاتتىق
بولسىمۇ يەرگە يېتىپ قالمايدىكەن. بوران
دەھشەتلىك گۈركىرەيدىكەن. خەيرۇللا
قەمەرنىڭ قولىدىن تارتىپ: بۇ يەردە
قېلىش خەتەرلىك، دەپ يېلىنىپتۇ. قىز
قولىنى سىلكىپ تارتىۋېلىپ: سىز كەتسىڭىز
كېتىۋېرىڭ، مەن قالىمەن، دەپتۇ ئاچچىقى
بىلەن. ئەتراپنى سۈرلۈك قاراڭغۇلۇق
بېسىپتۇ. خەيرۇللا بىردىنلا قاراڭغۇلۇق
ئىچىدىن ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئوتلۇق چېكىت-
لەرنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ ئوتلۇق چېكىتلەر

بارغانسېرى كۆپىيىپ يېقىنلاشقۇدەك. قورقۇنچ-
لۇق هۇۋلاشلار ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپتۇ.
خەيرۇللا ئۆزلىرىنىڭ بۆرىلەرنىڭ قورشاۋىدا
قالغانلىقىنى سېزىپ قەمەرنى تاشلاپ
ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ. كۆزىگە
ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن خەيرۇللا تۇيۇقسىزلا
ئادەم چۆكۈرگۈدەك سېسىق بىر ئازگالغا
يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ ئازگال ئۇنىڭغا
قۇتۇلدۇرغۇچى نىجادەتەك بىلىنىپ قىمىرلىماي
دۈم يېتىپىۋاپتۇ. ئۈستىدىن ئەخلەت-چاۋارلار
يېپىپ كۆمۈپتۇ. ئۇ بۇ يەردە قانچىلىك
ياتقىنىنى بىلمەيدىكەن. نېمىدۇر دۈمبىسىنى
قىزدۇرغاندىلا ئۆزىگە كېلىپ، تىترەپ
ئازگالدىن چىقىپتۇ. قارىسا قۇياش چاقناپ
تۇرغان، بوران توختىغان، بۆرىلەرمۇ يوق،
لېكىن قەمەر كۆرۈنمەپتۇ. ئاھ، قەمەرنى
بۆرىلەر يەپ كېتىپتۇ، دەپ يىغان ساپتۇ
ئۇ ۋە ئىزلەپ گۈلزارلىققا كەپتۇ. گۈللەر
بوراندا نابۇت بولماي، دەسلەپ كۆرگەن-
دىكىدەك خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇرغۇدەك.
خەيرۇللا ئۇيەر-بۇيەردە تېخى ئۆچمەستىن
ئىس چىقىپ تۇرغان ياغاچ پارچىلىرىنى
ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ يەنە بىر ئاز مېڭىپ كۆل
دۈۋىسىگە دۈچ كەلگەندىلا، بۇ يەردە
كۈچلۈك گۈلخان يېقىلغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۇ
گۈلزارلىقنى ئىچكىرىلەپ مېڭىۋېرىپتۇ.
ئالدىدىن گۈللەر بىلەن ئورالغان چىمەنلىك
كۆرۈنۈپتۇ. چىمەنلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەمەر
قوللىرىنى ئىككى يېنىغا تاشلاپ، ئېغىر
مېھنەت هەم قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىنكى
شېرىن ئۇيقۇدا ياتقۇدەك، گۈللەر ئۇنىڭ
ئۈستىدىن ئېگىلىپ، قويۇق يوپۇرماقلىرى
ئارىسىدىن كۈن نۇرىنى ئۆتكۈزمەي

سايە تاشلاپ تۇرغانمىش. خەيرۇللا خۇشاللىقىدىن يۈگۈرۈپ كەپتۇ-دە، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قەمەرنىڭ قوللىرىنى سىيلاپتۇ. قەمەر ئويغىنىپ چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. قورقۇنچاق! — دەپتۇ ئۇ غەزەپ-تىن يانغان كۆزلىرىنى نەشتەردەك قاداپ، — مېنىڭ ئۇنداق ئۆز بېشىنىڭلا غېمىنى يەيدىغانلارنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق، يوقلىڭ! قىز كېتىپتۇ. كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈۋاتقان خەيرۇللا يالۋۇرماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپتۇ ۋە قانچە تېز يۈگۈرسىمۇ، ئادەتتىكى مېڭىش بىلەن كېتىۋاتقان قەمەرگە زادىلا يېتەلمىگۈدەك، قىز بارغانسېرى يىراقلىشىپ قۇياشلىق كەڭ دالىدا سۇسقىنا تۇتۇنغا ئايلىنىپ غايىب بوپتۇ. خەيرۇللا ئۇنى تاپماقچى بولۇپ دالىدا ئۇياقتىن-بۇياققا يۈگۈرگۈدەك ۋە قەمەر، قەمەر! دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىغۇدەك...

خەيرۇللا ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىپ يېنىك تىن ئالغاندى. چۈشكە ئىشەنمىسىمۇ، ئىككىنچى قەۋەتتىن سەكرەپ چۈشكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، شۇ غەيرىتىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرىگەن، قەمەرنى تاشلاپ قاچقىنى، ئازگالدا دۈم يېتىۋالغىنى ۋە قەمەرنىڭ ئاچچىقلاپ غايىب بولۇپ كەتكىنىنى ئويلاپ، چۈش دېگەن غەلىتە بولىدۇ-ھە، دەپ كۆڭۈلسىزگىنە خورسىنىپ قويغاندى.

ئەمەلىيەتتە — چۈش ئەمەس ئۆڭىدا، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا قەمەرگە قاراشقا جۈرئەت قىلالماي بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتى. توغرا، بەزىدە تاسادىپىي

كۆزى چۈشۈپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولاتتى، خەيرۇللا مۇشۇ بىر-ئىككى سېكۇنتلۇق كۆز ئۇچرىشىشىدا قىزنىڭ گۈزەل كۆزلىرىدىن نېمىدۇر كۈتكەن، نېمىدۇر تەلەپ قىلغانغا ئوخشاش ئالامەتلەرنى بايقىغاندەك بولاتتى ۋە بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئويلىنىپ كېتەتتى. ئويلىنىش قانچە چوڭقۇرلاشقانسېرى، بۇ ئالامەتلەر ئۇنىڭ پايدىسىغا بولمىغان خۇلا-سە (قەمەر مېنى ئاڭلىق قىلىشنى توختاتماپتۇ دېگەن خىيال) بىلەن ئاياغلىشاتتى.

تۇرداخۇن بوۋاي يىگىتتىكى ئۆزگىرىشنى بايقاپ، ئۇنىڭدىكى تارتىنچاقلىقنى ئاڭلىق قىلىپ غەيرەت بېرىشنى لازىم تاپاتتى:

— قىزنىق بالىدە سىز، — دەيتتى بېشىنى چايقاپ، — نېمىڭىز كېتەتتى شۇنچىلىك، سالاملىشىپ بىر-ئىككى ئېغىز گەپ تاشلاپ قويۇشقىمۇ تارتىنىپ تۇرامدى-كەن. راستىنىلا قىز بالىدەك مىجەزىڭىز بار ئىكەن-دە. ھەممىلا ئىشتا سىپايىگەرچى-لىك كەتمەيدۇ. بەزى ئىشلار نازۇكلۇقنى خالايدۇ. يەنە بەزىلىرى نازۇك تەرەپلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ. بەلكى كىشىنىڭ غەيرەت-شىجائىتىنى ۋە بەزىدە قوپاللىراق، تەۋەككۈلچى بولۇشنى خالايدۇ. قىز-يىگىت مەسىلىسىدە، مېنىڭچە، بۇنىڭ ھەر ئىككى-سىنىڭ ئارىلىشىپ كەلگىنى ياخشى. قىز بالا دېگەن نازۇك، ئۇياتچان كېلىدۇ. شۇڭا يىگىتلەرنىڭ بۇنى بىلىشنى، ئۆزىنى ھىمايە قىلالايدىغان قەيسەر مىجەزى بولۇشىنى ياقتۇرىدۇ. سىز بولسىڭىز، ھەي...

بەزىدە بوۋاي يەنە نېمىلەرنىدۇر

دېمەكچى بولغاندەك، لېكىن كۆڭۈل ئاياپ ئېيتماقچى بولغان سۆزىنى ئىچىگە سۇمۇرۇۋەتكەندەك، گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشىنىكسىز غۇدۇراش بىلەن تۈگەتتى.

بىر قېتىم تۇرداخۇن بوۋاي خەيرۇللا بىلەن ئادەتتىكىدەك مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، كۈتۈلمىگەندە ئالاھىدە بىر تەنتەنە بىلەن ئۆزى ئۈستىدە گەپ ئېچىپ قالدى:

— بىزمۇ ياش چاغلىرىمىزدا ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان يىگىتلەردىن ئىدۇق. مۇنداق ئىشق سەۋدالىرى بىزنىڭمۇ بېشىمىزدىن ئۆتكەن. بىر كۆرۈش ئۈچۈن تۈن يېرىمىدا شېرىن ئۇيقۇدىن كېچىپ، يېرىم كۈنلۈك يەرگە بېرىپ ياناتتىم، دەڭا. پاھ، پاھ، قېنى ئۇ چاغلار ئەمدى. ھازىر ئىككى چامدام يەرگە نەچچە يۆتىلىپ ئاران بارىمەن. يېرىم كۈنلۈك يول، ئاسان ئەمەس بۇ.

بوۋاي ھېكايىسىنى قانداق باشلىسا ياخشىراق بولۇشىنى ئويلىنىپ توختاپ قالدى. كېگىزگە بېسىلغان گۈللەرگە بىر ئاز تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ خەيرۇللاغا سىناش نەزىرى بىلەن قارىدى. خەيرۇللا بولسا بىر كۆرۈش ئۈچۈن تۈن كېچىدە يېرىم كۈنلۈك يەرگە بېرىپ كېلىدىغان بوۋايغا ھەيران قالغانلىقىدىن ئاغزى ئېچىلىپ، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا قاراپ قالغانىدى. بوۋايغا خەيرۇللانىڭ بۇ كۆرۈنۈشى ياقتى ۋە مەمنۇن كۈلۈمسىرەپ، ئاپئاق ساقىلىنى ئالدىرىماي سىلاپ قويدى-دە، ھېكايىسىنى باشلىدى:

— ھارۋىكەش ئىدىم. بۇ ماڭا ئاتا مىراس كەسىپ، دادام رەھمەتلىكنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ھارۋىكەشلىك بىلەن ئۆتۈپ، ئاقىۋەت مەن راسا كۈچكە تولغان يىگىرمە ياش ۋاقىتلىرىمدا، ھارۋا ئاستىدا قېلىپ قازا بولغانىدى. كونىلار «ھارۋىكەش-جاپاكەش» دەپ بىكار ئېيتىشمىغان. دېمەكچى، تولىمۇ مۇشەققەتلىك بىر ئىش، قىلماي ئىلاج يوق. تىرىكچىلىك قىلىش كېرەك، ئائىلىدە مەندىن باشقا ئانام ھەم ئىككى سىڭلىم بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ دادامنىڭ قامچىسى مېنىڭ قولۇمغا ئۆتتى. كۈچلۈك ھەم زېرەك بولغانلىقىمدىن، كۆپ ئۆتمەيلا ھارۋىكەشلەر ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنۈپ ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ قالدىم. تاپاۋىتىممۇ يامان ئەمەس بولۇپ، ئانچە-مۇنچە ئېشىندىغان بولدۇم. ئاپام مېنى ئۆيلەش كويىغا چۈشۈپ قالدى. ئۆيىمىزگە خوتۇنلار كىرىدۇ-چىقىدۇ، سىرلىق پىچىرلىشىدۇ. گاھىدا ئاپام چىقىپ كېتىدۇ. بەزىدە خۇشال، بەزىدە خاپا. خەۋىرىڭىز بار، ئۇ چاغلاردا قىزلارنى بويىغا يېتەر-يەتمەيلا تالا-تۈزگە چىقارمايتتى. ھازىرقىدەك زامانلار بولسىغۇ ئاپامغىمۇ قاراپ تۇرماس ئىدىم. خەير، شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى ئۇزۇن يولدىن قايتىپ كەلسەم، ئاپام رەھمەتلىكنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ مېنى خۇشال قارشى ئالدى. بەش-ئون كۈننىڭ ئىچىدە رەھمەت--تەزىمگە بارىدىغانلىقنى قىن-قىنىغا سىغماستىن سۆزلەپ بەردى. كىمنىڭ قىزى، چىراي-شەكلى قانداقراق، دېگەن سوئاللىرىمغا ماختاپ ئاغزى بېسىلمايدۇ. بىلمەيمەن، ئاللىقانداق بولۇپ قالدىم، خاتىرجەم ئەمەسمەن، ئۆيلىنىش دېگەن كىشىنى خۇشال قىلماي مۇنداق خىيالغا

www.uyghurkitap.com

سىلىپ قويۇشنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمە-
گەن ئىكەنمەن. ئۆمۈر سودىسى ئىشى
ئەمەسمۇ. چىرايىغۇ مەيلى، توكۇرمۇ،
چولاقمۇ، خوي-پەيلى قانداقراق... ئىشقىلىپ
بىر كۆرۈشۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئويلايتتىم.
ئاخىرى خىيالىمغا بىر پىلان كېلىپ شۇ
بويىچە ئىش قىلماقچى بولدۇم. ئاپامدىن
قىزنىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى ئۇنى دەپ-بۇ-
نى دەپ يۈرۈپ بىلىۋالدىم. ئىككى كۈندىن
كېيىن قىزنىڭ قوشنىلىرىدىن بىر موماينى
تاپتىم-دە، بىر ئىلاجى قىلىپ قىزنى ماڭا
بىر كۆرسىتىشنى يېلىندىم. ئانچە-مۇنچە
نېمىلەر بىلەن مومايىنىڭمۇ كۆڭلىنى ئېلە-
ۋالغاندىم. موماي كۆندى. ماڭا بىر
ۋاقىتنى بەلگىلەپ، شۇ كۈنى بىر ئىشنى
باھانە قىلىپ تۇيۇقسىزلا ئۆيگە كىرىشنى
ئېيتتى. تاقەتسىزلەندىم. تېنىم تىترەپ،
يۈرىكىم تىپىرلايدۇ. خەيرىيەت، بۇ كۈنمۇ
يېتىپ كەلدى. ئۆمرۈمدە بولمىغان ھودۇ-
قۇش، تەمتىرەش ۋە يەنە شۇنىڭغا
ئوخشىغان بىر ئالامەتلەر بىلەن ئۆيگە
كىردىم. مومايىنىڭ تامىقىغا ياردەملىشىپ
بىر قىز سەي توغراپ ئولتۇرغانىكەن.
كىرىپلا مېنى تاقەتسىزلەندۈرگەن بۇ جانغا
كۆزۈم چۈشتى. ئۇمۇ ماڭا لاپ قىلىپ قاراپ
قىزاردى، كېيىن يۈزىنى توسۇپ قاچىدىغان
بولۇك تاپالماي يېنىمدىنلا ئۆتۈپ سىرتقا
چىقىپ كەتتى. ئۇنى كۆردۈم-يۇ مۇز
يۇتىۋالغاندەك بولدۇم، چىرايى ھېلىمۇ
يادىمدىن چىقمايدۇ: ياپىلاق يۈزلۈك،
يۈزىدە سەپكۈنىمۇ، چوقۇرىمۇ، ئەيتاۋۇر
كۆزگە چېلىققۇدەك قارا-قۇرىلىرى بار قىز
ئىكەن. يېنىمدىن ئۆتكىنىدە سەل ئاسقاقلاپ
ماڭغىنىنى بايقاپ قالغانىدىم. روھىم چۈشۈپ
كەتتى. شۇمۇ، دەپ سورىدىم مومايدىن
ئاۋازىمنى ئاران چىقىرىپ. مەن ئالماقچى
بولغان قىزنىڭ شۇ بولۇشىغا زادىلا ئىشەن-
گۈم كەلمەيتتى. مومايدىن « ياق، ئۇ
ئەمەس، سېنىڭ جانانىڭ تېخى كىرگىنى
يوق » دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاشنى
خالايتتىم. لېكىن، موماي مېنىڭ تۇيۇقسىز
ئۆزگىرىپ كەتكىنىمدىن چۆچۈدىمۇ ياكى
تىلغان خىزمىتىدىن پۇشايمان قىلدىمۇ، تېز
جاۋاب بېرەلمىدى. سوئالىمنى تەكرارلىدىم.
ئاۋازىم قوپالراق چىقىپ كەتتىمۇ، بىلمەي-
مەن. موماي بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىپ
ئاخىرىدە قىزنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپ
قويدى. قىلغان خىزمىتىڭىزنى ئۆلگۈچە
ئۇنتۇمايمەن موما، دېدىم-دە، بوشاشقان
ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. ئەمدى
توي توغرىلىق گەپ بولۇشى مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. بىچارە قىزغا تولىمۇ ئىچىم
ئاغرىيدۇ. ھېچكىم سەت ياكى چىرايلىق
بولۇۋالاي دەمدۇ، خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش
بۇ. زادىلا كۆڭلۈم تارتمىدى. بىر ئوبدانلا
قىزغۇ، ئۆزۈم كۆرگەنمەن، دەپ ئاپام
مېنى كۆندۈرۈشكە تىرىشاتتى. يالۋۇردى،
يىغلاپمۇ باقتى، چىققان چىقىملارنى ساناپ
مېنى بۇ تەرەپتىنمۇ قىستاشقا ئۇرۇنۇپ
كۆردى. ئاخىرى سەۋر قاچىسى توشۇپ
تىللاشقا ئۆتتى. زادىلا ئۇنىمىدىم. شۇ
چاغلاردا رەھمەتلىك ئاپام ناھايىتى خاپا
بولغانىدى.

نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك، تاپا-تەنىلەر،
ئاھانەتلەردىن كېيىن بۇ ئىشتىن قۇتۇلۇپ
چىققان ئاپام ئەلەمگە چىدىماي مېنى

قارغايتتى: « ئادەم بولماي ئۆل ئىلاھىم، ئەمدى ئۆلگۈچە بويتاق ئۆتۈپ كېتەرسەن » ۋە ھاكازالار. يەرگە قارىۋېلىپ جىمغىنا ئولتۇرۇپ چىدام بىلەن ئاڭلايتتىم. خەير، بۇ ئىشمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى مەن ئاپامنىڭ قىز ئىزلەپ يۈرۈشىگە قارىمايلا، ئۆزۈم ئىزلەپ، ئۆزۈم تاللاشنى نىيەت قىلدىم.

ھارۋىكەش دېگەننىڭ يۈرمەيدىغان يولى، بارمايدىغان يېرى بولمايدۇ. تولاراق سۈيدۈك، قورغاس تەرەپلەرگە سودىگەرلەرنىڭ مېلىنى بېسىپ ماڭاتتۇق. كۆرە بىلەن چەيلەگىزنىڭ ئوتتۇرىداراق بىر جاڭزا بولىدىغان. جاڭزىدا يارمەھەممەت ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئۆيى بولۇپ، باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ياز كۈنلىرى قوغۇن-تاۋۇز تېرىپ قويىدۇ، ئوت-چۆپمۇ مول. ھاردۇق ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بىزگىمۇ، ئات-ئۇلاغلارغىمۇ ياخشى ئىدى. قىشتا كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغانلارغا ئاجرىتىپ قويىدىغان ئۆيىمۇ بار. كونا بولسىمۇ سوغۇقتا مۈزلاپ كەلگىنىڭدە جېنىڭغا ئارام بېرىدۇ. ئەنە شۇ ئائىلىدە ئون ئالتە-ئون يەتتە ياشلارغا كىرىپ قالغان بىر قىز بار ئىدى. قىز بولغاندىمۇ قانداق ئىدى دەڭ، سىزنىڭ قەمەرىڭىزدىن قالغۇچىلىكى يوق ئىدى. جاڭزىغا ئادەم كەم كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىسى قىزنى بىزدىن ئانچە قاچۇرۇپ كەتمەيتتى. قانداقلارچە بولدى، ئىككىمىز تونۇشۇپ قالدۇق. ئىسمى زۆرەم ئىكەن. كۆرۈپلا قالسام سۆز تاشلاپ چاقچاقمۇ قىلىپ قويىمەن. ئۇمۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. يۈك ئىزلىسەممۇ شۇ تەرەپكە تارتىپ ئىزلەيمەن. بىر-ئىككى ھەپتە كۆرەلمەي قالسام، بىرنېمەم كەمدەك غەلىتە بولۇپ قالىمەن. تېخىمۇ ئۇزاقراق كۆرمىسەم بىھۇدە تېرىكىدىغان، چېچىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇنى كۆرگىنىمدە، بولدى، قويۇۋېرىڭ، ئېچىلىپ-يېيىلىپ كېتىمەن، مەندىن خۇش خۇي ئادەم يوق. زۆرەممۇ بۇنى سېزىشكە باشلىدى. بىزنىڭ ھارۋىلىرىمىزنىڭ قوڭغۇراقلىرى يىراقتىن ئاڭلىنىشى بىلەنلا، ئۇلارنىڭ يۈگلۈق ئىتى ھاۋشۇپ ئالدىمىزغا ئۇقتەك ئېتىلىپ كېلىدىغان، لېكىن تونۇغاندىن كېيىن ئەركىلەپ كېتەتتى. زۆرەممۇ غورۇغا يۆلىنىپ قوللىرىنى سايە قىلىپ قارايتتى. بۇرۇن ئۆيىدىن چىقىپمۇ باقمايدىغان. بىز يېتىپ كېلىپ ھارۋىدىن چۈشۈشكە باشلىغاندىن كېيىنلا، ماڭا يەر ئاستىدىن كۈلۈپ قاراپ قوياتتى-دە، شوخلۇق بىلەن قېچىپ كىرىپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئىككىمىز چىقىشىپ قالدۇق. چەكسىز خۇشالمەن. ئۆزۈمنى مەندىن ئارتۇق بەختلىك ئادەم يوق دەپ چاغلايتتىم.

مېنىڭ جاڭزىغا تولاراق كېلىشىمدىن ئاتا-ئانىسى گۇمانلىنىپ قالدىمۇ ياكى باشقا بىر ئىش بولغانمۇ، كېيىنچە قىزنى ئۆيىدىن چىقارمايدىغان بولۇۋالدى. ئاپلا، كۆرەلمەي كېتەرمەنمۇ، دەيتتىم ئىچىمدە ھەسرەت بىلەن. لېكىن بەرىبىر بىر ئامال قىلىپ كۆرۈشۈپ بىر-ئىككى ئېغىز سۆزلىشىۋالاتتۇق. بۇ بىزنىڭ تەلپۈنۈپ تۇرغان يۈرەكلىرىمىزنى قاندۇرالمايتتى. قانداق قىلدىڭ دەپ سورىمامسىز. قاراڭغۇچۈشۈشى بىلەنلا

ئاتلاردىن بىرىنى ياۋىداق مىنەتتىم-دە، جاڭگىلغا قاراپ ئۇچاتتىم. ئات قارا تەرگە چۆكۈپ كېتەتتى. ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىدىن ئاتا-ئانىسى ئويغىنىپ قالمىسۇن دەپ، جاڭگىلدىن نېرىراق بىر يەرگە ئاتنى باغلاپ قويۇپ، مۆشۈكتەك ئاۋاز چىقارماستىن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى بوستانلىققا يوشۇرۇناتتىم. گاھىدا ھېلىقى يۇگۈلۈق ئىتى سېزىپ قىلىپ ھاۋشىغىنىچە يېنىمغا كېلەتتى. كونا تونۇش بولغاچقا، مېنىڭ پۇرىقىمنى ئېلىپ، خاپا بولما دېگەندەك ئەركىلەپ قويۇپ كېتەتتى. مەنمۇ قۇرۇق چىقمايتتىم. نان، گۆشكە ئوخشاش نېمىلەرنى ئېلىۋالاتتىم، تاشلاپ بېرەمەن. ئۆزۈم تاقەتسىزلىك بىلەن زۆھرەمنى كۈتەتتىم. ئۇ چىقاتتى، قانغۇچە سۆزلىشىپ قايتاتتىم. ئۆيگە كەلگىنىمدە تاڭ يورۇپ ئاتلارغا يەم بېرىش ۋاقتى بولۇپ قالاتتى. كېچىچە ئۇخلىمىغان بولساممۇ ئۆزۈمنى تېتىك، روھلۇق، تېخىمۇ كۈچكە تولغاندەك سېزەتتىم. شۇنداق ئۆچرىشىپ يۈرۈپ بىر يىلچە بىر-بىرىمىز بىلەن ئىچ-سىر ئېلىشقاندىن كېيىن توي قىلىش قارارىغا كەلدۇق. ھارۋىكەشلەر ئارىسىدىكى مويسىپىتلاردىن بىر قانچىسىنى مېھمانغا چاقىرىپ نىيىتىمنى مەلۇم قىلدىم. ئۇلار ئەلچىلىككە ئادەم بەلگىلىدى. ئەلچىلەر سەھەر يولغا چىقىپ، خۇپتەندىن ئۆتكەندە خاپا قايتىپ كېلىشتى. «ئويلىشىپ باقايلى» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. بۇ گەپنى «قىزى بارنىڭ نازى بار» غا جورىدۇق-دە، يەنە مەسلىھەتلىشىپ، بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپ ئىككىنچى قېتىم ئەلچى چىقاردۇق، بۇ قېتىمقىسىغا بىر-ئىككى ئايالنىمۇ قوشتۇق. ئەلچىلەر بىر كۈن قونۇپ ئەتىسى قايتىپ كېلىشتى. چىرايلىرىغا قاراپلا سەپەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقىنى بىلدىم. دېگىنىمدەك چىقتى. بېرىلگەن جاۋاب: ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەتلىشەيلى، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. راستىنى ئېيتسام تېڭىرقاپ قالدىم. ئەلچىلىككە چىققان ئاياللاردىن بىرى مېنى ئاستا چەتكە تارتىپ: «زۆھرەم سىزنى ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر يولۇقسۇن» دېدى، دەپ پىچىرلىدى. ئۈچ كۈننى ئۈچ ئايدەك ئۆتكۈزدۈم. دېيىلگەن كۈنى يېرىم كېچىدە چىقىپ زۆھرەم بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇقسام، مېنىڭ ھارۋىكەشلىكىم ئاتا-ئانىسىنى ئويلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. بىرەر ھۈنەرۋەن-كاسىپ بولغان بولسام، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولىدىكەن. ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ ئۆزۈمنى تۇتتۇم. چۈنكى زۆھرەمنىڭ دادىسى ئۆزىنى ئەمەس قىزىنى ئويلايتتى. ئۆز بېشىغا چۈشكەن تۇرمۇش كۈلپەتلىرىنىڭ جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان قىزىنىڭ بېشىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن قايغۇراتتى. ھۈنەرۋەن-كاسىپ قانداقلا بولمىسۇن ھۈنىرىگە تايىنىپ تۇرمۇشنى قامداپ كېتەلەيدۇ، دەپ ساددىلىق بىلەن ئويلايتتى. دېمىسىمۇ، رەھمەتلىك كۆپ باللىق بولۇپ، ئارىلا تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتاتتى. زۆھرەم ماڭا يەنە بىر نەچچە ۋاقىت سەۋر قىلىشنى، دادىسى يۇمشاق كۆڭۈل ئادەم بولغاچقا، كېيىنرەك جەزمەن ماقۇل بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مېنى خېلىلا خاتىرجەم قىلىپ قويدى.

كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بىزنىڭ ئويلى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



غانلىرىمىزنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. زۆرەمنىڭ دادىسى كۆرە بايلىرىدىن بىرىنىڭ يىللىقچىسى ئىدى. باينىڭ چوڭ ئوغلى قانداقلارچە بولغان، زۆرەمگە كۆزى چۈشۈپ ياقتۇرۇپ قاپتۇ-دە، خوتۇن ئۈستىگە — توقاللىققا ئالماقچى بولۇپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئارىغا كۆرەنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئارىلىشىپ يارمەھەممەت ئاكىنىڭ ئىختىيارىغا قاراپ ئولتۇرماي، توي تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىپتۇ. مەن بۇنىڭ ھەممىسىنى زۆرەمدىن ئاڭلاپ غەزەپتىن تىرەپ كەتتىم. زۆرەمنىڭ ئانىسى «توقال» سۆزىنى ئاڭلاپلا ھوشىدىن كېتىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. دادىسى مېنى ھارۋىكەش دەپ ئىككىلىنىپ قالغىنىغا پۇشايمان يەپ، غەم-قايغۇدىن باش كۆتۈرەلمەي مۈكچىيىپ كېتىپتۇ. زۆرەمنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى. «ئۆلىمەن» دەپ ياشاشتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئاغىنىلىرىم ماڭا قىزنى ئېلىپ قاچ، دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. بىزگە بۇنىڭدىن باشقا يول قالمىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ قەتئىي قارارغا كەلدىم-دە، زۆرەمگە ئېيتتىم. قېچىش ئۈچۈن بىر كۈننى بەلگىلىدۇق.

— قېچىش ئۈچۈن؟! — دېدى بېرىلىپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان خەيرۇللا چۆچۈگەندەك بولۇپ.

بوۋاي چايدىن سۇمۇرۇپ قۇرىغان لەۋلىرىنى ھۆللىدى.

— شۇنداق، قېچىش ئۈچۈن، — دېدى باش لىڭشىتىپ، تۇرقىدىن ئۆز ۋاقتىدا قىلغان شۇ غەيرىتىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، — باشقا ئىلاجىمىز يوق ئىدى-دە. مۇھەببەت — ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان ئۇلۇغ كارامەتتۇر. ئۇنى قوغدىماق كېرەك. كىم بوشاڭلىق قىلسا ئۇ شۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئوغلۇم. شۇنداق قىلىپ بەلگىلەنگەن كۈنى ئىككى ئاغىنەم بىلەن باش توخۇ چىللىغاندا جاڭزىغا يېتىپ كەلدۇق. زۆرەم كۈتۈپ تۇرغانىكەن. لېكىن ئۆزىنى تۇتۇشىدىن تەييارلانغانلىقى كۆرۈنمەيتتى. كېلىپ كۆكسۈمگە بېشىنى قويدى-دە، «ئاھ، خۇدايىمغا زارىمىز يەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ھەم كۈلەتتى، ھەم يىغلايتتى. بىلسەڭ، باي ئوغلى شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يەنە قايسىدۇر بىر باينىڭ نەۋرىسىنىڭ سۈننەت تويىنىڭ داۋرىڭىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئوغلاق تاشلاپ بەرگەنىكەن. ئەنە شۇ ئوغلاق تارتىشتا قىزىپ كېتىپ توپنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ-دە، ئاتتىن يىقىلىپ يۈلۈنى ئۈزۈلگەنمۇ، شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ. ئاخىرىنىڭ نېمە بولۇشىنى قاراپ باقماقچى بولۇپ قايتىپ كەتتۇق. بىر-ئىككى ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ھەر بىر كۈننى خۇددى ئىشىكتىن بىر يىرتقۇچ ھايۋان كىرىپ كېلىدىغاندەك تەشۋىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان يارمەھەممەت ئاكىنىڭ ئائىلىسىگە ھېچقانداق گەپ-سۆز كەلمىدى. گويا ئۇلار ئالەمدە يوقتەك، باي ئائىلىسى تەرىپىدىن ئۇنتۇلغانىدى. شۇبھىسىزكى، ئۇلار ئاللادىن كەلگەن بۇ جازاغا ئەلھۆكمىلىللا دېيىشكەن.

بوۋاي جىم بولدى.

— كېيىنچۇ، كېيىن؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى خەيرۇللا ھېكايىنىڭ ئاخىرىغا قىزىقىپ.

بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ،
نەچچە ئېغىز سۆز بىلەنلا ھېكايىنى
ئاخىرلاشتۇردى:
— نېمە بولاتتى، بولىدىغىنى بولدى.
كۆزدە ئىككىمىز توي قىلىپ مۇرادىمىزغا
يەتتۇق. كەمبەغەل بولساقمۇ بارىغا شۈكرى
قىلىپ، يوقىنى بار قىلىشقا تىرىشىپ ياخشى
ئۆتتۇق، شۇ...
ئۇ خېلىغىچە بېشىنى كۆتۈرمەي خىيال
سۈرۈپ قالدى. ئېھتىمال ياشلىقىدىكى شۇ
ئاجايىپ خاتىرىلەر ئۇنىڭ خىرەلىشىپ قالغان
ھېسسىياتلىرىنى ئويغىتىپ قويغاندۇر. بوۋاي
بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ،
ئۆزىنىڭ خىيال سۈرۈپ قالغىنىدىن ئوڭاي-
سىزلاندىمۇ، تامىقىنى قىرىپ يۆتەلدى.
بېشىدىن ئۆتكەن بۇ ھېكايىنى سۆزلەشتىكى
ئەسلى مۇددىئاسىنى ئېسىگە ئېلىپ
خەيرۇللاغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.
— ھازىر جاھان باشقىچە، قايسىلا
ئىشتا بولمىسۇن ئەركىڭىز قولىڭىزدا، —
دېدى مۇلاھىزىگە كىرىشىپ، — قىز-يىگىتلەر
ئۆزئارا سىنىشىپ، خالىغىنى، يەنى كۆڭلىگە
ياققىنى بىلەن توي قىلىشىدۇ. نېمىدېگەن
ياخشى. سىزگە كەلسەك يىراقتا چېپىشىڭىزمۇ
ھاجىتى يوق، قول سوزسىڭىز يەتكۈدەكلا
يەردە. لېكىن، بىلمەيمەن، تا ھازىرغىچە
ئىشىڭىز پىشمايۋاتىدۇ. قولىڭىزدىن چىقىرىپ
قويماڭ يەنە.
خەيرۇللا بوۋاينىڭ مەقسىتىنى چۈشەن-
دى: ئۇ ئۇنى دادىللىق ھەم تېزراق
ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيتتى. شۇڭا، ئۇ
بېشىنى ساڭگىلىتىپ چوڭقۇر خىياللارغا چۆمۈپ
كەتتى.

قىش ئۆتۈپ ياز كەلدى. خەيرۇللانىڭ
قەمەرگە بولغان مۇئامىلىسىدە ھېچقانداق
ئۆزگىرىش كۆرۈلمىدى. مۇنداق دېسەك
خاتا ئېيتقان بولارمىز. كىشىنىڭ ئازغىنە
بولسىمۇ ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى كۆرمەي
ئۆتۈپ كېتىش خالىس ئادەملەرنىڭ ئىشى
ئەمەس. ئۆزگىرىش بولدى: ئىككىسى
ئۇچرىشىپ قالغانلىرىدا خەيرۇللا «ياخشىمۇ-
سىز قەمەر» ياكى «خىزمەتكە ماڭدى-
ڭىزمۇ؟!» دەپ ئېيتالايتتى، ھەتتا
قىزنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا جۈرئەت قىلا-
لايتتى. قەمەرمۇ ئۇنىڭ سالاملىرىغا لايىقىدا
جاۋاب قايتۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭ كۈلكىدىن
خالىي بولمايدىغان كۆزلىرىدە، خەيرۇللا
بۇرۇنقىدەك نېمىدۇر كۈتكەنگە ئوخشاش
ئالامەتلەرنى كۆرەلمەيتتى. ئەكسىچە بۇ
كۆزلەردىن قانداقتۇر كىنايە، ئىستىھزا
ئۇچقۇنلىرى چاچرىغاندەك بولاتتى.
بىر كۈنى تۇرداخۇن بوۋاي خەيرۇللاغا
يېڭى بىر ئەھۋالدىن خەۋەر بەردى:
— دىققەت قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى
خەيرۇللا ھەرقاچان سائەتلەپ ئولتۇرىدى-
غان ئورنىغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، —
يېقىندىن بېرى بىر يىگىت ئۇلارنىڭ ئۆيىگە
پات-پاتلا كېلىدىغان بولۇپ قالدى، بايقاپ
قالدىم...
— قايسى يىگىتنى دەيسىز؟
— ئېسىڭىزگە كەلمىدىمۇ، — قولتۇقىغا
ياستۇق قويۇپ يانپاشلاپ ياتقان بوۋاي
كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇردى. چىرايىدا قانداقتۇر
شۈبھىلەرنى بىلدۈرىدىغان قورۇقلار پەيدا
بولدى، — ئىككىنچى ئايدىغۇ دەيمەن،
ئۇلار بىر ماشىنا كۆمۈر چۈشۈرگەنىدە

ياردەملىشىپ بەرگەن يىگىتچۇ. شۇ كۈنى يەكشەنبە ئىدى. سىزنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ قاراپ تۇرغانلىقىڭىز ھېلىمۇ يادىمدا.

خەيرۇللانىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. بوۋاي توغرا ئېيتىدۇ. شۇنداق بىر يىگىت قىشتا قەمەرلەرنىڭ ئۆيىگە كۆمۈر چۈشۈرۈشكە ياردەملەشكەن. خەيرۇللا بۇ يىگىتنى قەمەرلەرنىڭ تۇغقىنى بولسا كېرەك، دەپ باشقىچە خىياللاردىمۇ بولمىغان. شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، خەيرۇللا بىر كۈنى خىزمەتتىن كەچرەك قايتىپ، قەمەرلەرنىڭ ھويلىغا قارىغان دېرىزىسىدىن ئاڭلانغان كۈلكە ئاۋازىدىن ھەيران بولۇپ، بېرىپ قۇلاق سالغان ۋە بۇ كۈلكە-پاراڭلار ئۇنى شۇنچىلىك ئۆزىگە تارتقان ئىدىكى، ئىختىيارسىز بىر ھالدا دېرىزىدىن مارىلاش-تىن ئۆزىنى توختىتالمىغانىدى. ئۇ تۆردە ئولتۇرغان يىگىتنى قىينالمايلا تونۇدى، بۇ ھېلىقى كۆمۈر چۈشۈرۈشكە ياردەملەشكەن يىگىتنىڭ ئۆزى ئىدى. يىگىت قوللىرىنى سىلكىپ قىزىق بىر نېمىنى سۆزلەپ بېرىۋاتسا كېرەك، ھەتتا قەمەرنىڭ كېسەل-چان ئانىسىدىن تارتىپ ھەممىسى قاقاقلىشىپ كۈلۈشەتتى. خەيرۇللا بىردىنلا دېرىزىدىن ئوغرىلىقچە قاراۋاتقانلىقىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قىزىرىپ كەتتى-دە، دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالدى. يۈرىكى خۇددى بىرى چىمدىۋالغاندەك ئېچىشقانىدى. شۇ چاغدا ئۇنى خېلىلا پاراكەندە قىلغان بۇ ئىش بىرقانچە كۈنگىچە ئويلىنىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ئەگەر ئۇ يىگىت قەمەرلەرنىڭ تۇغقىنى بولمىسا ئۆيىدە مۇنچىۋالا ئەركىن ئولتۇرالمايتتى، دېگەن سۆز بىلەن خۇلاسىلەنگەندى ۋە ئۆزىمۇ خاتىرجەم بولغانىدى.

ھازىر بوۋاي شۇ يىگىتنى ئىما قىلىۋاتاتتى. خەيرۇللا تىنچسىزلىنىپ قالدى. ئەجەب شۇ يىگىت ئۇنىڭ يولىنى توسۇشقا پېتىنسا-ھە. ئاددىيلا بىر يىگىت، باشقىلاردىن پەرقلەنگۈدەك يېرىمۇ يوق، لېكىن ئۆزىنى قىزنىڭ ئۆيىدە بەكمۇ ئەركىن-ئازادە تۇتىدۇ. تېخى كۆمۈر چۈشۈرۈشكە ياردەم-لىشىدۇ. قىزىق، ئەگەر ئۇ قەمەرلەرنىڭ تۇغقىنى بولمىسا نەرى يىقىپ قالدىكىن-ھە. خەيرۇللا شۇ يىگىتنى قىشتا كۆمۈر چۈشۈ-رۈۋاتقان ھالىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى: ئوتتۇرا بويلۇق، كەڭ مۈستەھكەم گەۋدى-لىك، ھەرىكەتلىرى چاققان، كۈچلۈك يىگىت ئىدى. ئىسسىق كىيىنگەن خەيرۇللا ئۇنىڭ ئىشلىشىگە بىردەم قاراپ تۇرغىنىغا مۇزلاپ كېتىپ، چىدىيالماستىن ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنىدى. يىگىت بولسا يۇڭ پوپايكا بىلەنلا ئىشلەۋاتاتتى.

— يادىڭىزغا ئالدىڭىز ئەتىمالىم، — دېدى بوۋاي ئاستاغىنا.

خەيرۇللا ئەندىككەندەك بېشىنى كۆتۈردى ۋە خىجالەت بولۇپ قىزاردى.

— ھە... شۇنداق... يادىمدا...— دېدى دۇدۇقلىنىپ.

— ئاڭلىسام ياغاچچىلىق قىلارمىش، ئانىسى شۇنداق دەيدۇ، ھۈنەرگىمۇ ماھىر ئىمىش. قاراڭا، ئۇ بۇ جەھەتلەردىنمۇ بوش كەلمەيدىغاندەك تۇرامدۇ، قانداق. بۇ يىگىتنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدا، قەمەر قىزنىڭ ئۆيىگە كېلىپ-كېتىشىدە، شۇنداق قارىغۇدەك بولسام ئۆزىگە تولىمۇ ئىشىنىدىغانلى-

قى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

بوۋاينىڭ سۆزلىرى تۈنجى قېتىم خەيرۇللاغا قاتتىق تەسىر بەردى. ئۇ بۇ ياغاچچى يىگىتتىن راستىنلا گۇمانلىنىپ قالدى. مەن كىچىكىپ قالغاندىمەنمۇ، — دەپ ئازابلىق پىچىرلىدى ئۇ كېچىسى ئورنىدا تولغىنىپ، — ئاخىر مەن ئۆزۈمنى ئەدەبلىك، مۇلايىم تۇتتۇمغۇ. بۇ ئۇنىڭغا ئاللىقاچان تەسىر قىلىشى ۋە باشقا يىگىت-لەرنىڭ ئۈيىگە كېلىشىگە چەك قويۇشى كېرەك ئىدىغۇ. ياق، بوۋاي توغرا ئېيتىدۇ. مەن سۆزۈم، ھەرىكىتىم بىلەن بىلدۈرمە-سەم، قىز بالا مېنىڭ كۆڭلۈمنى نەدىن بىلىدۇ. جۈرئەت قىلالمىدىم، كىچىكتىم. ئۇ ئېغىر پۇشۇلدايتتى. ئىسسىپ كېتىپ يوتقانىنى بېلىگىچە سۈرۈپ قويغان بولسىمۇ قىزىپ تەرلەپ كەتكەندى. قەمەر بىردەم كۆلۈمسىرەپ كېلىپ، يۈرۈڭ، ئايلىنىپ كېلەيلى. سىز ئېغىزىڭىزدىن چىقىرالمىغىنىڭىز بىلەن، مەن سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، دېگەندەك قىلاتتى. بىردەم ئىككىسى يېقىن ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتقاندەك، قەمەر نېمىلەرنىدۇر سورىغاندەك خىيالىدىن كېچەتتى. ھېلىقى ياغاچچى يىگىت بولسا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېشىنى ئەگكىنىچە كەچۈرۈم سورايت-تى. ئۇنىڭ خىيال دەرياسى ناھايىتى تېز ئېقىپ، ھەر بىر كۆرۈنۈشنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەي ئۆزى بىلەن بىللە ئېقىتىپ كېتەتتى ۋە بۇ ئېقىن ئۇنىمۇ قوينىغا ئېلىپ ئۇيقۇغا غەرق قىلدى.

ناھايىتى زور، ھەيۋەتلىك بىر مەخلۇق خەيرۇللانى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن كېلىۋاتاتتى. ئۇ بولسا قارا تەرگە چۆمۈپ، بار كۈچى بىلەن قاچاتتى. مەخلۇق بىر قەدەممۇ قالماستىن چاڭ-توزان يۇرقىرىتىپ، يەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ قوغلايتتى. خەيرۇللا بۇ مەخلۇقنى كۆرەلمىسىمۇ، ئالدىغا چۈشكەن ئاجايىپ يوغان سايىسىنى، سايىدىكى ھەرتەرەپكە تەرتىپسىز چۇۋۇلۇپ چۈشكەن ئۇزۇن چاچلىرىنى، داشقازاندەك قوپال باشىنى، خۇددى پۇتاقلىق دەرەختكە ئوخشاش ئۇزۇن ئەگرى-دوناي قوللىرىنى كۆرۈپ يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولاتتى، ھەم شۇ سايىنى دەسسەپ جان-جەھلى بىلەن يۈگرەيتتى. توختا! دەيتتى مەخلۇق گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ. خەيرۇللا ئۇنىڭ پۇشۇلداشلىرىنى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىلا سېزەت-تى. مەخلۇقنىڭ ئاغزىدىن چىققان سېسىق پۇراقتىن كۆڭلى ئاينىيتتى. بەزىدە مەخلۇق-نىڭ قوللىرى ياقىسىدىن، چاپىنىنىڭ يەڭ-پەش-لىرىدىن تۇتۇۋالىدىغاندەك، بەلكى قوللىرى تېگىپمۇ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. خەيرۇللانى شۇنداق دەھشەت باساتتىكى، تېخىمۇ زور بېرىپ يۈگۈرۈشكە باشلايتتى. ئۇ ھېچنېمىنى پەرق قىلماي يۈگۈرەتتى. پۇتلىشاتتى، سەنتۈرۈلەتتى، ئېرىق-ئۆستەڭلەردىن قۇيۇندەك ئاتلاپ ئۆتكىنىدە تېيىلىپ كېتىپ دەلدەڭلەيتتى، لېكىن يىقىلماستىن يەنە ئالدىغا يۈگۈرەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىن قىش كېچىلىرى قەھرىتان سوغۇقتا چۈشىدىغان قويۇق تۇمان كۆرۈندى. خەيرۇللا مۇشۇ تۇمان قۇتقۇزۇۋېلىشنى بىلىپ، ئىككىلەنمەس-تىن ئۆزىنى تۇمانغا ئاتتى. ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ قاقاقلىغان كۈلكە ئاڭلاندى. «ھېچيەرگە قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، بەرىبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆلىسەن » — دېگەن گۇركىرەشتىن خەيرۇللانىڭ قۇلاقلىرى پاڭ بولۇپ قالاي دېدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئاستىدا سۇ شالاقلىغاندەك، نېمىلەردۇر پۇتلىرىغا ئىلىنـغاندەك بولاتتى. ئەمما خەيرۇللا بۇنى پەرق قىلماستىن يۈگۈرەيتتى، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۇزاق پالاقلاپ يۈگۈرگەندىن كېيىن، قوغلاپ كېلىۋاتقان مەخلۇقنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قەدەملىرىنى ئاستىلاتتى. تۇمان تارقىلىپ، خەيرۇللا ئۆزىنى لىغىرلاپ تۇرغان ساسلىقتا كۆردى. ساسلىقتىن نېرىدا ئېگىز يارلىق بولۇپ، يارنىڭ ئۈستىدە دەرەخلەر ئارىـسىدىكى ئاقىرىپ تۇرغان ئۆيلەرنى كۆرۈپ، مەخلۇقتىن قۇتۇلغىنىغا كۆزى يەتتى ھەم چەكسىز خۇشال بولۇپ كەتتى. ساسلىق تۆگەي دەپ، يېشىل چىمەنلىك قىرغاققا تۆت قەدەمچە قالغاندا ھاردۇقنى چىقىرىۋېـلىش ئۈچۈن توختىدى. كېيىن ئىككىلا ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ بار كۈچى بىلەن سەكرىگەندى، قىرغاققا يېنەلمەي تىزلىرىغىـچە قارا پاتقاققا كىرىپ كەتتى. پۇتلىرىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن كۈچەندى. پاتقاق ئۇنى قويۇپ بەرمەستىن بىلىنگىچە سۈمۈـرۈۋالدى. خەيرۇللا تېپىرلىدى، قانچە كۈچىگەنسېرى پاتقاق ئۇنى شۇنچە سۈمۈـرۈپ، قولتۇقلىرىغىچە تارتىپ كەتتى. ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا بولىدىغان تەلۋىلىك بىلەن يۇلقۇناتتى. ئىككىلا قەدەم ئارىلىقىدىكى قىرغاقنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قوللىرىنى سوزاتتى. قولغا ئىلىنغۇدەك نەرسە تاپالـماي، قاپقارا سېسىق پاتقاقنى چاڭگاللاۋالاتـتى. ئەمدى ئۇ مۇرىلىرىگىچە پېتىپ، ساسلىقنىڭ قاڭسىق سۈيىدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئىچىۋالدى. خەيرۇللا ئادەم ئاۋازىغا ئوخشىمايدىغان ياۋايى خىرقىراش بىلەن ۋارقىرىۋەتتى. ئاخىرقى مىنۇتتا ئۆلۈم ئالدىدىلا ئۇ يارلىقتىن تۆۋەنگە سوزۇلۇپ چۈشكەن تارغىنا يولدا، ئەپكەش بىلەن چېلەكلىرىنى داراڭلىتىپ سۇغا كېلىۋاتقان قەمەرنى كۆرۈپ قالدى. قەمەر، قەمەر! دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئاغزىدىن پاتقاق ئارىلاش سۇ چاچرىتىپ. قەمەر ئاڭلىدى، تونۇپ قېلىپ قىرغاققا يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى. چېلەكلىرىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېـتىپ، ئەپكەشنىڭ بىر ئۇچىنى خەيرۇللاغا سۇندى. قىز ئۇنى خۇددى قوزۇقنى سۇغۇرۇۋالغاندەك پاتقاقتىن تارتىپ چىقىـرىۋالدى. خەيرۇللانىڭ ئۈستىبېشى شۇنچىلىك بۇلغىنىپ كەتكەن ئىدىكى، قەمەر ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. « قاراڭ، نېمىلەرگە ئوخشاپ قاپسىز. مەن سىزنى تازىلاپ قوياي » دەپ، قىز چېلەكنى ئېلىپ بۇلاقتىن سۇ ئەكەلدى-دە، تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمەي تىترەپ تۇرغان خەيرۇللانىڭ ئۈستىگە مۇزدەك سۇنى شارقىرىتىپ قۇيۇۋەتتى.

ۋاي، دەپ ۋاقىرىۋەتتى خەيرۇللا ۋە ئويغىنىپ كەتتى.

ئانىسى كارىۋاتنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۆي-ئىچى يورۇق، دېرىزىدىن چۈشكەن ئەتىگەنكى قۇياشنىڭ نۇرى ئۈستەلنىڭ بۇرجىكىدە جىمىرلايتتى.

— جۆيلۈپ كەتتىڭمۇ بالام، — دېدى ئانىسى مېھرىبانلىق بىلەن ۋە ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى، — بىرنىڭ

ئىسمىنى ۋارقىرىدىڭ، ئۆزۈڭ كارىۋاتتا ئۇياق-بۇياققا تولغىنىسەن.

خەيرۇللا چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ تەرلەپ كەتكەنىدى، ئۇ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ئاپىسىغا گۇمانسىراپ نەزەر تاشلىدى. ئاپىسى ئۇنىڭغا كىمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئېيتمىغان بولسىمۇ، مۇلايىم كۆزلىرىدىن خىجالەت بولۇپ قالمىسۇن دەپ تۇرغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. بىلىپ قاپتۇ، — دېدى خەيرۇللا ئىچىدە، — نېمىدېگەن سەتچىلىك. ئۇنىڭ يۈزى ئىزادىن يېنىپ ھۇپپىدە قىزاردى. ئانىسىدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ، يوتقان ئۈستىدە ھەرىكەتسىز ياتقان ئاپئاق قوللىرىغا قاراپ كەتتى. چۈشىدە قەمەرنىڭ ساسلىقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالغىنى، قاقاقلاپ كۈلۈپ چېلەكلەپ سۇ چاچقىنى خىيالىغا كەلدى. ئەگەر قەمەر تارتىپ چىقىرىۋالمىغان بولسا چۆكۈپ كېتەتتىم، — دېدى يەنە ئىچىدە، — چۆكۈپلا كېتەتتىم. نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق چۈش. پاتقاقتىن چىققاندا تولۇم چاشقانغا ئوخشاپ قالدىمغۇ، دەيمەن. قەمەر راسا كۈلۈۋالدى-دە. ئوڭۇمدىمۇ ئۇ ماڭا ئەنە شۇنداق ياخشى ھەمراھ بولسا... قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە غايىبتىن بىر ئاۋاز شىۋىرلايتتى: ئۇ ساڭا سەن ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇق ياخشى ھەمراھ بولالايتتى. كېچىكتىڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئەخمەقلەرچە خىياللىرىڭ بىلەن بەختىڭنى قولۇڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭ.

خەيرۇللا سەسكىنىپ كەتتى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، نەپەس ئېلىشى تېزلەشتى. قەمەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىققۇسى، قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يۈكسەك ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىزھار قىلغۇسى، ئەگەر كېچىكىپ قالغان بولسا تىز چۆكۈپ يالۋۇرغۇسى كەلدى. بۈگۈندىن قېلىپ قالسا قەمەرنى ئىككىنچى كۆرەلمەيدىغاندەك ئالدىراپ تىپىرلىدى. شۇنداق قىلماقچى بولۇپ بېشىنى كۆتۈرگەنىدى، ئالدىدا ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئانىسىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ئاپا، — دېدى. قىلماقچى بولغان سۆزى ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ قىستىشى ئارقىلىق چىقىۋاتقاندەك ئاۋازى خىرقىرايتتى، — ئاپا، — دېدى تەكرارلاپ، — سەن ئۇ يەرگە چىقىپ سۆزلىشىپ باقساڭ...

— قەيەرگە، بالام، — دېدى ئانىسى ئانچە چۈشەنمەي.

خەيرۇللا ئېڭىكى بىلەن قەمەرلەرنىڭ ئۆيى تەرەپنى ئىشارەتلىدى:

— ئۇلارنىڭ ئۆيگە... قەمەرنىڭ...

ئانا ئاۋۋال ھەيران بولۇپ قاشلىرىنى كۆتۈردى. بىر پەس ئوغلىغا تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا چىرايى ئېچىلىپ كەتتى. خەيرىيەت، ئوغلى ئۆيلىنىش خاھىشىنىڭ بارلىقىدىن ئىشارەت بەردى. زارىقىپ كۈتكەن خۇشاللىق كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى.

— بۇرۇنراق شۇنداق دېسەڭ بولماسمىدى جېنىم بالام، مەن سېنىڭدىن شۇ سۆزنىلا كۈتۈپ يۈرەتتىم، — دېدى خۇشاللىقىدىن روھلىنىپ كەتكەن ئانا، — قەمەر ئوبدان قىز. ھەرقانچە ئىزدىسەڭمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىراقىغا يولۇقماس ئىدىڭ...

uyghurkitap.com


شۇنىڭدىن كېيىنكى يېرىم ئاي ئىچىدە خېلىلا ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى.

خەيرۇللانىڭ ئانىسى دەرھال تۇتۇش قىلىپ، بىرھەپتە ئىچىدە، قىز چوڭ قىلغان ئائىلىلەرگە قىلىنىدىغان ھەممە رەسىم-قائىدىلەرنى، خۇش مۇئامىلىلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ، قەمەرنىڭ ئانىسىدىن مۇنداق جاۋابقا ئېرىشتى: خەيرۇللا كۈيئوغۇللۇققا ئەڭ لايىق يىگىت. بىراق، ھازىر قىز-يىگىتلەر ئۆزلىرى خالىشىپ توي قىلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىسى پۈتۈشۈپ قويۇشقانلا بولسا، باشقىلار خۇشاللىق بىلەن قوشۇلىدۇ، شۇڭا ئۇلار قەمەرنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ.

خەيرۇللانىڭ ئانىسى ئاڭلىق ئايال بولغاچقا، بۇ جاۋابتىن رازى بولدى ۋە ئوغلى بىلەن قەمەرنىڭ پۈتۈشۈپ قويغىنىغا قاتتىق ئىشەنسىمۇ، ھەرھالدا ئوغلىدىن سوراپ بېقىشنى توغرا كۆردى. بىراق ئوغلى «پۈتۈشۈش» نىڭ بولمىغانلىقىنى بەكمۇ ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ ئېيتىپ بەردى. ئانا مۇنداق بولۇشنى كۈتمىگەنىدى، لېكىن تېڭىرقاپ قالمىدى. ئۇ ھەرقانداق بىر قىزنىڭ ئوغلىدەك ئۆزىنى تۇتقان، ئەدەپلىك، بىلىملىك يىگىتكە ماقۇل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ جەھەتتە خاتىرجەم بولىدىغان ئانا، قەمەرنىڭ كېلىپ-كېتىپ يۈرگەن دوستلىرىنىڭ بەزىلىرىنى تونۇغاچقا، شۇلار ئارقىلىق جاۋاب ئېلىشنى ئويلىدى. ئانا بۇ مەقسەتكىمۇ يېتىپ، قەمەرنىڭ دوستلىرى ئارقىلىق ھېچ كۈتۈلمىگەن جاۋابنى ئاڭلىدى. قەمەر مۇنداق دېگەنىدى: مەن خەيرۇللانى، ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ھۆرمەت قىلىمەن. خەيرۇللا قايسىلا تەرەپتىن بولمىسۇن سۆزسىز ياخشى يىگىت. بىراق مېنىڭ لايىقىم بار، مەندىن رەنجىمەسلىكىنى سورايمەن.

ئوغلىغا مۇنچە ئۈستۈن باھا بېرىپ، لېكىن ئۆزىگە لايىق كۆرمىگەن بۇ جاۋاب ئانىنى بەكمۇ ئەجەبلەندۈردى. قانچە ئويلىسىمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي بېشى قاتتى. بىراق ئۇنىڭ شۇ كۈنلەردە قەمەر بىلەن ئانىسى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنۇ قىسقىغىنا سۆھبەتتىن خەۋىرى يوق ئىدى.

ئائىلىنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا قىزى قەمەر بىلەن مەسلىھەتلىك ئىش قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئانا، بولغۇسى قۇدىدارچىلىق ئۈستىدىمۇ قىزى بىلەن ئوچۇق سۆزلىشىپ، گېپىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى:

— قىزىم، — دەپ گەپ باشلىدى ئانىسى ئۆيدە ئىككىسى خالىي قالغاندا، — خەيرۇللانىڭ ساڭا كۆڭلى بار ئىكەن. ئانىسى ماڭا سۆز ئېچىۋاتىدۇ. بالىغۇ ياخشى بالا، قىز بالىدەك مۆمىن يىگىت. كۈيئوغۇلۇق بارمۇ دېسە بار دېگۈچىلىكى بار. مەنغۇ لايىق كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. سەن قانداق قارايسەن؟

قەمەر ئۇزاق ئويلىنىپ تۇرمىدى. خېلىدىن بېرى مۇنداق سوئالنىڭ بولۇشىنى كۈتۈپ تەييارلىنىپ تۇرغاندەك، ئانىسىغا:

— بۇنى مەنمۇ سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن ئاپا. بەش-ئون كۈندىن بېرى ئانىسى ئۆيىمىزگە پات-پاتلا كىرىدىغان بولۇپ قالدى. خەيرۇللاغۇ ياخشى يىگىت. بىز كۆچۈپ كېلىپ ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئۇ ماڭا

ياققانىدى. قاچان سۆز قىلىدىكىن دەپ كۈتۈپمۇ يۈردۈم. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى مەن ئۇنىڭدا قىزىرىش، تارتىنىش، ھودۇقۇشتىن باشقا ھېچنېمە كۆرەلمىدىم. ئاڭلىسام، ئاغىنىلىرى ئۇنى «كۆلەڭگە» دېيىشىدىكەن. راستىنلا كۆلەڭگىگە ئوخشايدۇ. ئەتراپىڭدا بار-يوقلۇقىنى، بار بولسا نېمىگە لازىمى بولىدىغانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ كىشى. كېيىنرەك كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى كەلگۈسۈم ئۈچۈن خاتا ئىش قىلدىم، دەپ پۇشايمان قىلمايمەن. قىز بالىدەك مۆمىن يىگىت دېدىڭ، بۇمۇ راست. ئويلاپ باققىنا ئاپا، ئائىلىمىزدە تۆتىنچى بىر قىزنى كۆپەيتىپ نېمە قىلىمىز. كۆڭلۈم تارتمايدۇ. مەن باشقا بىرىگە... ھېلىقى يىگىتكە جاۋاب بېرىپ قويغان... — دېدى.

ئانا قىزىنىڭ سۆزلىرىنى ئانىلىق كۆڭلى بىلەن چۈشەندى ۋە ئۇزۇن ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى. خەيرۇللانىڭ ئانىسىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىش توغرىلىقمۇ كېلىشىۋالدى.


بۇ كۈنلەردە ھەممە كۆڭۈلسىز جاۋابلاردىن خەۋەر تاپقان خەيرۇللا، ئوتتا ئولتۇرۇپ قالغاندەك ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قالدى. ئۇ پەقەت بىردىنبىر سىردىشى بولغان تۇرداخۇن بوۋايغىلا قايغۇ-ئالەملىرىنى ئېيتىپ ئىچىنى بوشىتالايتتى.

— ياغاچچى يىگىتنى ياقتۇرۇپ قاپتۇدە، — دېدى بوۋاي خەيرۇللانىڭ دەردىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — مەنمۇ شۇنداقراق بولارمىكىن دەپ يۈرەتتىم. خەير، ئامال قانچە. مەن سىزگە ئېيتسام تا بۈگۈنگىچە كەلگۈچە بىر ئادەمنىڭ قۇرۇق خىيال بىلەن مەقسىتىگە يەتكىنىنى ئاڭلىمىغانمەن. كونىلار «جاندىن كەچمىگۈچە جانانىغا يەتكىلى بولماس» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئىرادىلىك، جۈرئەتلىك كىشى كۆزلىگەن نىشانىغا يەتمەي قويمايدۇ، مۇنداق ئادەمنى باشقىلارمۇ ياخشى كۆرىدۇ. كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن بالام، ئۆزىڭىز كۆپ ياخشى يىگىت بولسىڭىزمۇ، مۇنداق خىسلەت سىزدە كەم، — بوۋاي خەيرۇللانىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ كەتتى، — بۇ ئىشلار سىزگە ساۋاق بولۇپ قالار، روھىڭىزنى چۈشۈرمەڭ، قەمەر قىزدىنمۇ ياخشىراقىنى تېپىۋالارسىز، — دەپ قوشۇپ قويدى.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇغوپۇر ئابدۇراخمان



# تۇرمۇش ئىنكىدە

(ھېكايە)

ئىسرائىل ئاكا ياسىداق مېھمانخانىسىدا شەھەردىن چىققان مېھمانلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ مېھمانلىرى بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆزىنى تېلېۋىزوردىن ئۈزمەيتتى.

ئېكراندا ئاۋۋال ناھايىتى كەڭ كەتكەن دەرەخزارلىق ۋە دەرەخزارلىق ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن توپ-توز بىر يول كۆرۈندى. ئارقىدىنلا يولدا ئاستا ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئىككى كۆلەڭگە پەيدا بولدى-دە، بۇ كۆلەڭگىلەر ئاستا-ئاستا سۈزۈكلىشىپ، ئىككى ئادەمگە ئايلاندى. بۇنىڭ بىرى، سېرىق چاچلىرى يەلكىسىگە يېيىلىپ تۇرغان كۆك كۆزلۈك قىز، يەنە بىرى، سوزۇق يۈزلۈك، قاڭشارلىق، گەۋدىلىك يىگىت ئىدى. ئۇلار بىر-بىرىگە سۈركىلىشىپ ئاستا قەدەم تاشلىغان ھالدا قىزغىن پاراڭلىشىپ كېلىۋاتاتتى. تويۇقسىزلا قىز قەدەملىرىنى توختىتىپ، يىگىتنىڭ كۆزىگە تەبەسسۇم بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپلا بىر نېمىلەرنى دېۋېدى، يىگىتمۇ دەرھال توختاپ قىزغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئىككى قولىنى ئالدى. بۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان چەت ئەل فىلمى بولۇپ، ئىسرائىل ئاكا قىزنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمىگىنىگە ئەپسۇسلانغان ھالدا:

— قىز ناھايىتى ياخشى بىر گەپ قىلدى بولغاي، بىراق بىلەلمىدۇق. ھەي... مۇشۇنداق فىلىملەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلسا بولمامدۇ-ھە، — دەپ تىلىنى چېكىلداتتى. توساتتىنلا ئىسرائىل ئاكىنىڭ ئالتە ياشلىق قىز نەۋرىسى مېھمانە تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتى.

— مېھمانە، نېمە قىلغىنىڭ بۇ، تېلېۋىزورنى ئاچ! — دەپ ۋارقىرىدى ئىسرائىل ئاكا.

— ياق، بىردەم تۇرۇپ ئۇلار سۆيۈشۈپ بولغاندا ئاچىمەن، — مېھمانە تېلېۋىزور يېنىدا تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— كىملەر سۆيۈشۈپ بولغاندا ئاچىسىز،
قىزىم؟ — دەپ سورىدى خۇش خۇي
مېھمانلاردىن بىرى.

— تېلېۋىزوردىكى ئىككىسى سۆيۈشۈپ
بولغاندا.

— هازىر ئاچىسىز نېمىشقا بولمايدۇ،
قىزىم؟ — مېھمانلاردىن يەنە بىرى
قىزىقىپ سورىدى.

— ئۇلارنىڭ سۆيۈشكىنىنى كۆرسە
بوۋام يىقىلىپ چۈشىدۇ.

ئۆي ئىچىدە قىسقا جىملىق ھۆكۈم
سۈرگەندىن كېيىن، بىردىنلا پاراققىدە
كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كۈلكە بېسىلغاندىن
كېيىن، مېھمانە كىچىككىنە بارماقلىرى بىلەن
تېلېۋىزورنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى. تېلېۋىزورد-
كى ھېلىقى كۆرۈنۈش ئالماشقان بولۇپ،
ئېكراندا قانداقتۇر بىر شەھەرنىڭ ھەيۋەت-
لىك كوچىلىرى ۋە ئۇ كوچىلاردىكى خىلمۇخىل
ماشىنىلار، مىغ-مىغ ئادەملەر كۆرۈنۈۋاتات-
تى. لېكىن مېھمانلارنىڭ يۈزىدىن باياتىنقى
كۈلكە ئىزلىرى تېخى ئۆچمىگەنىدى.

ئىسرائىل ئاكىنى تېلېۋىزور كۆرۈش
چولپىنى دېسە ئەرزىيتتى. ئۇ قوش
ياستۇققا يېنىچە يېتىۋېلىپ زېرىكمەي
تېلېۋىزور كۆرەتتى. لېكىن تېلېۋىزور كۆرۈشتە
ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، رومانتىك
تۈيغۇغا باي مۇھەببەت فىلىملىرىنى كۆرۈش-
كە ئامراق ئىدى. «ھۇزۇرلىنىش»،
«تەنتەربىيە دۇنياسى»، «سەنئەت
پروگراممىسى»، «ھايۋانات دۇنياسى»
دېگەندەك پروگراممىلار بىلەن خۇشى يوق
ئىدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە يارىشا، ھازىر
تېلېۋىزورنىڭ ھەممە قاناللىرىدا دېگۈدەك
ئىسرائىل ئاكىغا ياقىدىغان فىلىملەر قويۇلۇپ
تۇراتتى. ناۋادا، بىرەر كۈن تاسادىپىي
بۇنداق فىلىملەر قويۇلماي قالسا، كۆزىنى
تېلېۋىزورغا بۈركۈتتەك تىكىپ ئولتۇرۇپ،
كۇنۇپكىلارنى زېرىكمەي بېسىپ، ھەممە
قاناللارنى قايتا-قايتا ئاختۇرۇپ چىقاتتى.
قاناللارنىڭ بىرىدىن بىرەر ياخشى مەنزىرە
كۆرۈنۈشى ياكى ناخشا-ئۇسسۇللار چىقىپ
قالسا، بالىلىرى، بولدى، بولدى مۇشۇنى
كۆرەيلى، دەپ ۋارقىرىشىپ كېتەتتى.
ئىسرائىل ئاكا بالىلىرىنىڭ تەلپىگە نارازى
بولغان ھالدا تىللىرىنى چېكىلدىتىپ:

— ھەرقانچە گۈزەل مەنزىرە، ئېسىل
ناخشا-ئۇسسۇل بوپ كەتسىمۇ، مەنىسى
يوق بۇنىڭ، يەنە شۇ «ئاكام ئېيتقان
بايىقى». ئادەمنىڭ روھىغا لەززەت بېرە-
لەيدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈش كېرەك، —
دەپ رەددىيە بېرەتتى.

بىر كۈنى ئىسرائىل ئاكا قاناللارنى
ئاختۇرۇپ يۈرۈپ كۆڭۈلگە تازا ياقىدىغان
بىر ياخشى فىلىمنى تېپىۋالدى. ئۇنىڭ ھەر
بىر كۆرۈنۈشىدە دېگۈدەك سۆيى شاۋقۇنلاپ
تۇرغان پايانسىز دېڭىز، ئۇنىڭ چەت-چۆ-
رىلىرىدە بەدىنىنىڭ نازۇك جايلىرىنى
ئانچە-مۇنچە يېپىۋالغان يالىڭاچ ئەر-ئاياللار-
نىڭ سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان پائالىيەتلىرى
كۆرسىتىلىۋاتاتتى. ئىسرائىل ئاكا بۇ كۆرۈ-
نۈشلەرنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز تىلىنى
چاكىلدىتىپ:

— پاھ، پاھ، مانا بۇنى ھەقىقىي
تۇرمۇش دېسە بولىدۇ، قەيەردە ئىشلىگەن
فىلىمكىنابۇ، — دەۋەتتى.

— غەرب ئەللىرىدە ئىشلىگەن، —

uyghurkitap.com



دېدى ئىسرائىل ئاكىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى بوش ئاۋازدا. ئىسرائىل ئاكا مەمنۇن بولغان ھالدا:

— غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتمۇ بولىدىكەن جۇمۇ، — دېدى.

فىلىم داۋاملىشىپ كۆرۈنۈشلەر كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي پائالىيىتىدىن ئالمىشىپ شەخسلەرنىڭ پائالىيىتىگە مەركەزلەشتى؛ دېڭىز بويىدىكى قۇملۇق، سۇنىڭ ئىچىدىن بالاغەتكە يەتكەن بىر قىز ۋە بىر يىگىت يۈگۈرۈشۈپ چىقتى. ئۇلار يوغان سەپەر سومكىسىنىڭ ئىچىدىن بىر پارچىدىن رەختنى ئېلىپ بىر-بىرىگە ئۇن مىتىردەك ئارىلىق قالدۇرۇپ، رەختنى قۇم ئۈستىگە يايدى-دە، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاشتى. ئۇلار بىردەم ئوڭدىسىغا ياتتى. بىردىنلا قىز يېنىچە بولۇپ، يىگىت تەرەپكە قارىدى. بىردەمدىن كېيىن يىگىتمۇ ئۆرۈلۈپ يېنىچە بولۇپ، قىزغا قارىدى. ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. چىرايلىرىدا كۈلكە پەيدا بولدى. بىر-بىرىگە قاراپ كۆزلىرىنى قىسىشتى. قىز نازلىق كۈلۈمسىرەپ بىر نىمە دېۋىدى، يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ قىز تەرەپكە قاراپ ماڭدى. فىلىم خەنزۇ تىلىدا بولۇپ، ئىسرائىل ئاكا بىرەر ئېغىز خەنزۇ تىلى ئۇقمىسىمۇ، لېكىن:

— مېنىڭ يېنىمغا كەل، دېدى-دە، بۇ كاساپەت، غەرب قىزلىرى نىمىدېگەن ئەركىن پىكىرلىك-ھە. ھەرنىمە دېگەن بىلەن ھازىر بىزنىڭ قىزلىرىمىزمۇ بوش كەلمەيدىغان بوپكەتتى، — دېدى.

— تىلىڭىزنى تارتىڭ، يېنىڭىزدا باللار بار جۇمۇ! — دەپ ئاگاھلاندۇردى ئىسرائىل ئاكىنىڭ ئايالى. لېكىن شۇ تاپتا ئىسرائىل ئاكىنىڭ قۇلىقىغا ھېچقانداق گەپ كىرمەيتتى.

ئېكراندىكى كۆرۈنۈشلەر داۋاملىشىۋاتاتتى. يىگىت ئېرىپ قىزنىڭ يېنىدا ياتتى-دە، قوللىرىنى سوزۇپ ئۇنىڭ يالىڭاچ دۈمبىسىنى ئاستا سىلاشقا باشلىدى.

— جىم تۇرۇڭلار، جىم تۇرۇڭلار! — ئىسرائىل ئاكا يېنىدا تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان باللىرى ۋە كېلىنلىرىگە چاقىرىق قىلىپ، ئىختىيارسىز ئىككى قولىنى ئىككى يانغا قارىتىپ كەڭ يايدى. ئۇنىڭ چوڭ كېلىنى ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىپ، ئېھتىيات بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. باشقا باللىرى ئۇنچىقماي يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋېلىشتى. ئىسرائىل ئاكا قوللىرىنى يايغان پېتى خۇددى يېڭىدىن ئۆمۈلەشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان بوۋاقتەك شىپقاپ تېلېۋىزور تەرەپكە قاراپ سىلجىۋاتاتتى.

بىردىنلا يىگىت ئېڭىشىپ تۇرۇپ قىزنى سۆيۈشكە باشلىدى. قىزمۇ بىلەكلىرىنى يىگىتنىڭ مۈرىسىگە ئېلىپ ئۆرۈن، ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ بويۇنلىرىنى، چاچلىرىنى سىلىغىلى تۇردى.

— مانا، مەن دېمىدىمما، مانا مۇشۇنداق قىلىدۇ، دېمىدىمما، مانا راستىنلا شۇنداق قىلدى. ئەمدى يەنە نىملەر بولۇپ كېتەر-ھە! — ئىسرائىل ئاكا تىترەپ چىقىۋاتقان ھاياجانلىق ئاۋاز بىلەن شۇنداق دېدى-دە، تۇيۇقسىزلا بىراۋ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتكەندەك ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئۇنىڭ ئىككى قولى ئىككى ياققا تاشلانغان، قىسقا پۇتلىرىمۇ ئىككى ياققا كېرىلىپ تۇراتتى.

شۇئان ئۆي ئىچىنى پاتىپاراقچىلىق، قورقۇنچ-
لىۇق كەيپىيات قاپلىدى. ھەممەيلەن
چاچراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئىسرائىل
ئاكىنىڭ بېشىغا يىغىلىشتى. شۇ ئارىدا
ئىسرائىل ئاكىنىڭ ئايالىنىڭ يۈرىكىدىن
كۆچلۈك بىر سادا كۆتۈرۈلدى:
— ئۇلۇغ خۇدايىم، ئۆزۈڭ ساقلا! —
تويۇقسىز يىقىلىپ، ئورۇق-تۇغقانلىرىغا بىرەر
ئېغىزمۇ ۋەسىيەت قالدۇرالماي ئۆلۈپ
كەتكەن كىشىلەر ھەققىدىكى پاراڭلارنى
كۆپ ئاڭلاپ تۇرغان بىچارە ئايال قاتتىق
قورقۇپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئىسرائىل
ئاكىنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى دارديىپ ياتقان
دادىسىنىڭ بېشىنى ئېھتىيات بىلەن كۆتۈر-
گەنىدى، كۆتۈلمىگەندە ئىسرائىل ئاكا:
— نېمە قىلىۋاتىسەن، توختا، تېلېۋىزورنى
توسماي مايافقا ئۆت! — دەپ ۋارقىرىدى.
ھەممەيلەننىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ،
يۈرىكىنىڭ سوقۇشى نورماللاشتى. لېكىن
ئىسرائىل ئاكىنىڭ ئايالى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا
ئولتۇرۇۋېلىپ ئۆزۈنىچە مىشلداپ يىغلىدى.
شۇ كۈنى مېھمانە بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن
ۋە قاتتىق قورقۇپ كەتكەنىدى...
مېھمانلارمۇ كەتتى. ئىسرائىل ئاكىمۇ
يەنە ھېلىقىدەك فىلىملەرنى كۆرۈپ خۇمار-
دىن چىقىپ يۈرۈۋەردى. ئۇ سىرتلارغا
چىقىپ تونۇش-بىلىشلىرىگە ئۇچرىشىپ
قالغاندا ئۆزى كۆرگەن فىلىملەر ھەققىدە
قىزىشىپ سۆزلەپ، تەسىراتلىرىنى ئۇلار
بىلەن ئورتاقلىشىپ تۇراتتى:
— تېلېۋىزوردا بۈگۈن يەنە بىر يېڭى
فىلىم قويىدى قارا، ھەرقانداق فىلىملەرنىڭ
ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ. پاھ، پاھ،
ئۇنىڭدىكى قىزلار بېلىقنىڭ ئۆزى دېگىنە.
ناز-خۇلقىنىڭ تاتلىقلىقىنى دېمەمسەن تېخى.
ئادەمنى مەست قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ كاساپەت-
لەر. ئاشۇنداقلاردىن بىرنەچچىسى بىر
باغدا غىلجىڭلىشىپ قىلىدىغان قىلىق تاپ[illegible]ي
تۇرىشاتتى دېگىنە، مەيدىسىدە تۈكى بار
بىر نەرسە كېلىپ قالدى. ئۆزىمىغۇ
تەلەيلىك گويكەن. ئۇلارنى باشلاپ بىر
ئۆيگە ئەپكىرىپ ئۇيەر-بۇيەرلىرىنى
مىجىقلاپ قارا... پاھ، پاھ بىر-بىرلەپ
قىرىۋەتتى، قىرىۋەتتى... ئۇ قىزلىرىڭمۇ
قەيەردە سەن، دەپ تۇرغان نەرسىلەر
ئىكەن دېگىنە. ئىست ياشلىقىم، دەپ
قالدىم، مۇشۇ كۈنلەردە يىگىرمە ياش
بولۇپ قالسىچۇ كىشى.
شۇ كۈنلەردە ئادەمنى بىئارام قىلىد-
غان كىچىككىنە بىر ۋەقە يۈز بەردى.
ئىسرائىل ئاكىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بىر
نەچچە تەڭتۇشى بىلەن بىرلىشىپ بىر
نارەسىدە قىزغا نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق
قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ تۈرمىگە كىرىپ
كەتتى. بۇ ئەھۋال ئىسرائىل ئاكىنىڭ
داۋاملىق ئۆزى ياقتۇرىدىغان فىلىملارنى
كۆرۈپ تۇرۇشىغا قىلچە تەسىر يەتكۈزەلمە-
دى. ئۇ يەنە ئۆز تەسىراتلىرىنى بايان
قىلىپ تۇراتتى.
— ... يەنە بىر يېڭى فىلىم كۆردۈم قارا،
پاھ، پاھ، ئۇنىڭدىكى كۆرۈنۈشلەر... غەرب
دۆلەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىمۇ بولىدىكەن جۇمۇ!

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

www.uyghurkitap.com



گايىت مەھەممەت

# تىلەك

(پوۋېست)

ئاياللار ئۈچۈن تۇغماسلىقمۇ چوڭ بىر ئەيىب ھېسابلىنىدىكەن. تۇراخان مۇشۇ ئەيىبى ئۈچۈنلا تۇرمۇش مۇساپىسىدە بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. 40 ياشتىن ئاشقىچە ئۈچ قېتىم ياتلىق بولدى. ئۇ ئەل-جامائەت ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمىدى. ئۆزىنى ھەمىشە گۇناھكاردەك ھېس قىلدى.

لېكىن يېقىندا كارامەت بىر ئىش بولدى. ئۆيلەنگەن يەردىن ئۈچىنچى ئېرى ھېلىمنىياز ھاجىدىن بويىدا قالدى. تۇراخان بۇنداق بولۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئىلگىرىكى كۆتەكتەك تەمبەل، ۋۇجۇدىدىن كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئەرلەردىن ھېچنېمە قالماي، ئەمدىلىكتە پەي-مۇسكۇللىرى لاتىدەك بوشاپ، ئورۇقلىقىدىن سۆڭەكلىرىنى سانىغۇدەك بولۇپ قالغان يەتمىش ياشلىق بۇ ئادەمدىن بالىلىق بولۇپ قالغانلىقىغا تولىمۇ ھەيران ئىدى. ئۇ ئويلا-ئويلا ئاخىرى بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى مۇشۇنداق بولسا كېرەك، دېگەن يەرگە كەلدى.

نېمە بولسا بولسۇن، ئىشقىلىپ تۇراخان بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولدى. چۈنكى ئىلگىرى ھەر قېتىم بىرەر ئايالنىڭ تۇغقانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا: ھەي خۇدا، نېمىشقا ماڭىلا بالا بەرمەيدىغانسەن، مەنمۇ ئايال زاتىغۇ، ئاھ خۇدا، سېنىڭ ئالدىڭدا قانداق گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندىمەن؟ دەپ قاتتىق ئۆكۈنەتتى. بەزى ئاياللار ئۇنى ئەركىكزەدەك، قېچىر دېگەندەك گەپلەر بىلەن ھاقارەتلەيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ تېخىمۇ بەك ئازابلىناتتى. مانا ئەمدى يېشى قىرىقتىن ئاشقاندا ئۇمۇ باشقا ئاياللارغا ئوخشاش ئانا بولۇش ئالدىدا تۇراتتى.

تۇراخان كۈندىن-كۈنگە يوغىناپ كېتىۋاتقان قورسىقىنى ئاستاغىنە سىلاپ ئولتۇرۇپ، بالام قىزمىدۇ، ئوغۇلمىدۇ، دەپ خىيال قىلاتتى. ئەگەر بالىسى ئوغۇل بولسا «توختى»، قىز بولۇپ قالسا «توختىخان» دەپ ئىسىم قويماقچى بولدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىسىملار تۇراخاننىڭ كۆڭلىگە ئانچە يېقىپمۇ كەتمەيتتى. بىراق، بالىنىڭ يورۇق دۇنياغا

كۆز ئاچقاندىن كېيىن كۆتۈلمىگەن بالايى-قازالاردىن ساقلىنىپ، ھايات ياشاپ تۇرۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە تۇرسۇن، توختى، تۇردى، تۇرسۇنخان، تۇردىخان، توختىخان دېگەندەك ئىسىملارنى ئەنە شۇنداق ئارزۇدا قويغانلىقىنى بىلەتتى. يەنە كېلىپ ئۆزىگە «تۇراخان»، ئاكىسىغا «تۇرسۇن» دېگەن ئىسىمنىڭ قويۇلۇپ قېلىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ رەھمەتلىك ئاپىسى ئىككى ئوغۇل، ئۈچ قىز پەرزەنت كۆرگەن، ئۇلاردىن پەقەت تۇرسۇن دېگەن ئوغلى بىلەن تۇراخانلار تۇرۇپ قېلىپ، قالغان ئۈچى چېچەكتە كەتكەنىدى. شۇڭا تۇراخانمۇ ئۆز بالىسىغا قويماقچى بولغان ئىسىمنىڭ يېقىملىق-چىرايلىق بولۇشى بىلەن ھېسابلاشماي، بەلكى ئۇنىڭ مەنىسى ۋە رولى ئۈستىدە ئويلىناتتى. ئۇمۇ بالىسىغا شۇنداق ئىسىم قويسىلا، ئۇنىڭ تۇرۇپ قالىدىغانلىقىغا ۋە بۇ دۇنيادا ئۇزۇن ياشىيالايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى.

تۇراخاننىڭ قورسىقىدىكى بالا تەۋرەشكە باشلىدى. ئۇ قورسىقىنى خۇددى بوۋاقنى سىلىغاندەك ھېسسىيات بىلەن يۇمشاققىنە سىلاپ قويدى. ئۇ بوۋاقنىڭ كۆپرەك تەۋرەپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەگەر ئۇزۇنراق تەۋرىمەي جىم بولۇپ قالسا ھەر قىسما خىياللارنى قىلىپ ئەندىشىگە چۆمەتتى-دە، ئاھ قۇدرەتلىك ئاللا ئىگەم، ئۆزۈڭ ساقلاپ ئامانلىق بەرگەيسەن، دەپ، ئىچىدە قايتىدىن ئايەتلەرنى ئوقۇپ كېتەتتى.

كېچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ تۇراخاننىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي دېمەيتتى. تۈگۈلۈكتىن چۈشۈۋاتقان ئاي نۇرى ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان ئېرى ھېلىمنىياز ھاجىنىڭ ساقاللىق ئاۋاق چىرايىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. تۇراخان يېنىغا ئۆرۈلۈپ ئېرىگە قارىدى. ئېرى چىشى قالمىغان ئاغزىنى كاماردەك ئاچقىنچە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ھەر قېتىم چوڭ-چوڭ نەپەس ئالغاندا بىر تۇتام ئاپئاق ساقلى ئۇيان-بۇيان تەۋرىنىپ قوياتتى. چاچسىز بېشى ئاي نۇرىدا خۇددى چۆمۈچتەك پارقىرايتتى. يۈزلىرىنى بولسا تور تارتقان قوغۇندەك قورۇقلار باسقانىدى. ئېرىنىڭ بۇ كۆرۈمسىز تەلەتىگە قارىغانچە تۇراخاننىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇرۇنمۇ ئېرىگە قارىسىلا كۆڭلى مۇشۇنداق غەش بولۇپ قالاتتى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، تۇراخان بۇ ئادەمنى ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. لېكىن تەقدىر... تۇراخان ئىختىيارسىز ھالدا ياشلىقىنى ۋە تۇرمۇش ئىشىدا بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى ئەسلەپ قالدى.

تۇراخان كىچىكىدىنلا چىرايلىق، ئەقىللىك، زېرەك قىز ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، شەھەرگە كىرىپ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇيدىغان چېغىدا رەھمەتلىك ئاپىسى رىسالەتخان يالغۇز قىزىدىن ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيماي ئۇنى ئوقۇشتىن زورمۇ زور توختىتىۋالدى. تۇراخاننىڭ ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغاچقا ئاپىسىغا يېلىندى، يالۋۇردى، قېيداپ باقتى. لېكىن ھېچقانداق رولى بولمىدى، ئاپىسى قىز بالا دېگەن ھامىنى ئۆي كىشىسى، ئۇنىڭغا ئوقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، دەپ

ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ تۇراخان ئاپىسىنىڭ رايىغا بېقىپ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشتى، بارا-بارا ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا قاتناشتى. چوڭ بولغانسېرى ھۆسنىگە تولۇپ، كېلىشكەن، چىرايلىق قىز بولۇپ يېتىلدى. شۇ چاغلاردا مەھەللىدىكى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى نۇرغۇن يىگىتلەر ئۇنىڭغا سۆيگۈ-مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ نۇرغۇن خەتلەرنى يېزىشقانىدى. ئەمما تۇراخان ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئىشىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ «توققۇز ئوغۇلنىڭ بىر گۈلى مەن» دەپ يۈرگەن ھەر-ھەر يىگىتلەرنىڭ يالقۇنلۇق مۇھەببەتكە تولغان خەتلىرى، ئادەمنى مەست قىلىپ ئېرىتىۋەتكۈدەك چىرايلىق گەپ، كۈچلۈك ۋەدىلىرى ئالدىدىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى. چۈنكى ئۇنىڭمۇ ئۆز كۆڭلىگە پۈككىنى بار ئىدى. ئۇ ئۆزلىرىگە قوشنا ئولتۇرىدىغان قاۋۇل ئىسىملىك بىر يىگىتنى ياخشى كۆرەتتى. قاۋۇل ئىسمى جىسمىغا لايىق كېلىشكەن، خۇش چاقچاق، ئىشچان يىگىت ئىدى. قاۋۇل تۇراخانغا تەلەپ قويمىغان بولسىمۇ تۇراخان ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. تولا ۋاقىتلاردا قاۋۇل تۇراخاننىڭ ئەتراپىدا بىر سەۋەب بىلەن پەيدا بولاتتى. ئۇ ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ سۇغا ماڭسا، قاۋۇلمۇ ئەپكەشنى ئېلىپ سۇغا ماڭاتتى. تۇراخان ئورغاقنى ئېلىپ تەكلىككە ئوت ئورۇغىلى ماڭسا، ئۇمۇ ئورغاقنى كۆتۈرۈپ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تەكلىكتە پەيدا بولاتتى. بىر كۈنى تۇراخان ئېتىزدا ئوت ئورۇۋاتقاندا سول قولىنى ئورغاق كېسىۋەتتى. ئۇ قولىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي ۋايجان قانداق قىلاي! دەپ توۋلاپ تاشلىدى. بۇ ۋاقىتتا قاۋۇلمۇ تۇراخاننىڭ يېنىدىكىلا بىر ئېتىزدا ئوت ئورۇۋاتاتتى. ئۇ تۇراخاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال ئورغاقنى تاشلاپ تۇراخاننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— نېمە بولدى تۇراخان؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى.

— ئورغاق قولۇمنى كېسىۋەتتى، — دېدى تۇراخان قان ئېقىپ تۇرغان باش بارمىقىنى كۆرسىتىپ.

تۇراخاننىڭ قولىدىن قان تامچىلاپ ئېقىپ تۇراتتى. قاۋۇل ئويلىنىپ تۇرمايلا يانچۇقىدىن بىر يېڭى قول ياغلىقىنى چىقىرىپ چارت قىلىپ يىرتتى-دە، ئۇنىڭ بىلەن تۇراخاننىڭ قولىنى تاڭماقچى بولدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، يېڭىلا ياغلىقنى يىرتىۋەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى تۇراخان.

— سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ياغلىق دېگەن نېمىگە ئەرزىيتتى تۇراخان، قېنى قولىڭىزنى ئەكىلىڭ، مەن تېڭىپ قوياي، — قاۋۇل شۇنداق دېدى-دە، تۇراخاننىڭ چوغدەك ئىسسىق، يۇمشاق قولىنى ئالقىنىغا ئېلىپ تېڭىپ قويدى.

قاۋۇل تۇراخاننىڭ قولىنى تېڭىپ بولغاندىن كېيىنمۇ بىر ھازاغىچە قويۇۋەتمىدى. تۇراخانمۇ قولىنى تارتىۋېلىشقا ئالدىرىمىدى. قوللاردىن ئۆتۈشكەن ئىسسىق ھارارەت ۋە ئاجايىپ شېرىن بىر سېزىم ئىككى ياشنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. سۆيگۈ ئوتلىرى چاقناپ تۇرغان جۈپ كۆزلەر ئۈن-تىنسىز بىر-بىرىگە بېقىشتى. تۇراخان قولىنىڭ

ئاغرىقنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتقانىدى. بىر چاغدا ئۇ ئويالغاندەك بولۇپ قولىنى ئاستا تارتىۋالدى.

— قولىڭىز يەنە ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ياق، ئەمدى ئاغرىمايۋاتىدۇ. قولىڭىز بەك شىپالىق ئىكەن، — دېدى تۇراخان يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن.

— مېنىڭ قولۇملا ئەمەس، قەلبىممۇ سىز ئۈچۈن شۇنداق، — دېدى قاۋۇلمۇ ئۇنىڭ گېپىگە ئۇدۇل كەلتۈرۈپ، ئاندىن تۇراخاننىڭ قولىنى چىڭ سىققىنىچە يەنە نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغانىدى، تۇراخان:

— ۋايجان، قولۇمنى ئاغرىتىۋەتتىڭىز، — دېدى ۋايساپ.

— ئاغرىپ كەتكەن بولسا مانا ئەمسە، — قاۋۇل شۇنداق دەپلا تۇراخاننىڭ قولىغا چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويدى. تۇراخان ئالدىراپ قولىنى تارتىۋالدى-دە، ھۇپپىدە قىزارغىنىچە ئوت، ئورغاقلىرىنىمۇ ئالماي قىر ياقىلاپ كېتىپ قالدى.

بۇ كىچىككىنە ئىش تۇراخاننىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز ئىز قالدۇردى. تولا-تولا: قولۇمنى ئورغاق كېسىۋەتكىنىمۇ ياخشى بوپتىكەن، بولمىسا يەنە نەۋاققىچە ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ئۆتەردىم، دەپ ئويلاپ قالاتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تۇراخان ئوت ئورىغىلى چىققاندا چۆرىسىگە چۇچا تۇتۇلۇپ كەشتىلەنگەن چىرايلىق بىر قول ياغلىقنى قاۋۇلغا بەردى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئىشق-پىراقىدا كۆيۈپ-پىشىپ بىر يىلنى ئۆتكۈزدى. ئىككىنچى يىلى يەنى تۇراخاننىڭ دەل ئون توققۇز ياشقا تولغان ۋاقتىدا ئۇلار مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتىشىپ توي قىلدى. بۇ تويدىن قىز-يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمۇ قەۋەتلا خۇش ۋە رازى بولۇشتى. تويدىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئۇلارغا ئۈچ كۈنچىلىكمۇ بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتتى. ئاشۇ چاغلار تۇراخاننىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ئەڭ بەختلىك چاغلار ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ بېشىغا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر كەلدى. رەھىمسىز تەقدىر ئۇنى ئۇيان تاسقاپ، بۇيان تاسقاپ ئاخىرى ئاتىسى بىلەن تەڭ دېمەتلىك، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان مۇشۇ كۆرۈمسىز بىر قېرىنىڭ قوينىغا ئەكىلىپ تاشلىدى.

تۇراخان ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يەنە ئىختىيارسىز ھالدا قورسىقىنى سىلاپ قويدى. ھەي، خۇدا بۇرۇنلا ئۇنچىلىك خەسىسلىك قىلماي مۇشۇ بالىنى بېرىۋەتكەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى-ھە!؟ ئۇ چاغدا بۈگۈنكى كۈنگىمۇ قالمىغان بولاتتىم، دەپ ئويلاپ قالدى. دېمىسىمۇ راست. ئەگەر بۇ ئىش تۇراخاننىڭ ئويلىغىنىدەك بولغان بولسا ئۇنىڭ تەقدىرى چوقۇم باشقىچە بولغان بولاتتى. تۇراخان توي قىلىپ ئۈچ يىلغىچە تۇغمىغاندىن كېيىن قېيىن ئاپىسى ئەنسىرەپ قالدى.

بىر كۈنى تۇراخان چۈشلۈك تاماققا خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى، قېيىن ئاپىسى تالادىن كىرىپ:

www.uyghurkitap.com

— يۇقىرى مەھەللىدىكى سەيدۇلنىڭ خوتۇنى تۇنجى بالىسى ئىككى ياشقا توشماي تۇرۇپلا ئىككىنچى بالىسىنى تۇغۇپتۇ، سەيدۇل بىلەن قاۋۇلاخۇن بىر يىلدا تۇغۇلغان، تويىڭىزلارمۇ بىر يىل ئىچىدە بولغان، مەنمۇ كۆزۈم ئوچۇق چاغدا قاۋۇلاخۇننىڭ بالىسىنى كۆرسەم بولاتتى، — دېدى

بۇ گەپنى ئاڭلىغان تۇراخان نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

— ئايال كىشى توي قىلغاندىن كېيىن تۇغمىسا قانداق بولىدۇ، «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپ بار قىزىم. بۇ دۇنيا سەۋەب ئالىمى، سىزمۇ ئۆزىڭىزگە ئازراق سەۋەب قىلىپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى قېيىن ئاپىسى.

تۇراخان خىجىللىق ئىچىدە:

— بىز تېخى ياش بولغاندىكىن ۋاقتى كەلگەندە بوپمۇ قالار، — دېدى قىسقىلا قىلىپ.

— ۋاقتى كەلگەندە دەپ بەك ئۆزىراپ كەتسىمۇ ئوبدان بولمايدۇ قىزىم. پاتراق سەۋەب قىلايلى.

تۇراخان شۇ كۈنى كەچتە بۇ گەپلەرنى قاۋۇلغا يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلاپ قاۋۇلنىڭمۇ كۆڭلى سەل باشقىچە بولدى-يۇ، ئارتۇق گەپ قىلمىدى. تۇراخان سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مەن دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆزىمىزنى تەكشۈرتۈپ باقساقمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن، سىزچە قانداق؟ — دېدى تەستە ئېغىز ئېچىپ.

— مەيلى، بۇ نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس، دوختۇرخانىغا ئەتىلا بارايلى، — دېدى قاۋۇلمۇ تۇراخاننىڭ پىكرىنى قوۋۋەتلەپ. چۈنكى تۇراخانغا ئوچۇق ئېيتمىغىنى بىلەن قاۋۇلنىڭمۇ باللىق بولۇش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىدى.

ئۇلار ئەتىسىدىن باشلاپ بىرنەچچە كۈن دوختۇرخانىغا قاتىرىدى. ئاتاقلىق تېۋىپلارغا، ئىچكى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسلىرىگە، ئاياللار كېسەللىكلىرى دوختۇرلىرىغا ئۆزلىرىنى تەكشۈرتكۈزدى. نەتىجىدە قاۋۇلدا ھېچقانداق مەسىلە سېزىلمىدى. تۇراخاننى بولسا يا تۇغىدۇ، يا تۇغمايدۇ دەپ ئوچۇق ھۆكۈم چىقىرالمىدى. ئۇنىڭغا بىر مۇنچە دورىلارنى بەردى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى ئېيتىپ بەردى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. دوختۇرلار بەرگەن دورىلارنىڭمۇ ۋە ئۇلار كۆرسەتكەن مەسلىھەتلەرنىڭمۇ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. تۇراخاننىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. قاۋۇلمۇ كەم سۆز بولۇپ قالدى. ئۇلاردىن ئۆتە قاۋۇلنىڭ ئاپىسى نەۋرە كۆرۈشكە بەكلا تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

بىر كۈنى چايدىن كېيىن قاۋۇل ئېتىزغا كېتىپ، تۇراخان ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. قېيىن ئاپىسى بۇ ئىشنى يەنە تىلغا ئېلىپ قالدى.

— قىزىم، مەن سىزدىن غەم قىلىۋاتمەن، ئىچكەن دورىلىرىڭىز نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ قارىغاندا دورا ئىچىپلا بالا تۇغقىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، مېنىڭچە بالىنى خۇدا بېرىدۇ، سىز بۇنىڭغا شەك كەلتۈرمەي، دىلىڭىزنى پاك تۇتۇپ ھەر كۈنى بەش ۋاخلىق ناماز ئوقۇپ خۇدادىن تىلەڭ، ئەمدى كونىچە سەۋەبلەرنىمۇ قىلىپ باقايلى، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇراخاننىڭ قەلبى ئۆرتىنىپ، خۇددى بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ گەپ قىلالمىدى. پەقەت ماقۇل، شۇنداق قىلاي، دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى ئارانلا لىڭشىتالىدى. بىراق ئۇ ناماز ئوقۇشنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدىكى بىر بوۋى خوتۇننى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن ناماز ئوقۇشنى ئۆگەندى. ئۆگەنگەندىمۇ چىن ئېتىقادى بىلەن ئۆگەندى. كۈندۈزى ئۆگەنگەنلىرىنى كېچىسى قايتا-قايتا تەكرار قىلىپ پىششىقلىدى. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا بەش ۋاخ نامازنىڭ قائىدىلىرىنى تولۇق ئىگىلىۋالدى. ھەر كۈنى بەش ۋاخلىق نامازنى قازا قىلماي تولۇق ئوقۇدى. ھەرۋاخلىق نامىزىنىڭ ئاخىرىدا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن دۇئا قىلىپ خۇدادىن پەرزەنت تىلىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ قېيىن ئاپىسى نېمە دېسە شۇنى قىلدى. قېيىن ئاپىسىغا ئەگىشىپ، باللىق بولۇپ ئۆلگەن ئاياللارنىڭ مېيىت ئۇزىتىشلىرىغا قاتنىشىپ، كېچىلىك خەتمە ئۆتكۈزۈش تۈنەكلىرىدە كۆڭلىكى ئىچىگە ئاچمىغان چوكچ ياكى سۈپۈرگىدەك نەرسىلەرنى تىقىۋېلىپ بېلىنى تاڭدۇرۇپ، زىكرى سالدۇرۇپ روھلاردىن مەدەت تىلىدى. ھەر پەيشەنبە كۈنى ئۆيدە خەتمە قۇرئان ئوقۇتۇپ، سۇغا دەم سالدۇرۇپ ئىچتى. ئەتىيازلىق تېرىم ۋاقتىدا ئېتىزمۇ-ئېتىز يۈرۈپ، تېرىمچى دېھقانلاردىن بۇغداي، قوناق، ماش، پۇرچاق دېگەندەك ئۇرۇقلارنى تىلەپ ئېلىپ، ئۇلارنى قاينىتىپ ئىچتى. كونا مازار، غوجاملارنى يوقلاپ چىراغ ياقتى. ئۇ قېيىن ئاپىسىنىڭ دېگىنى بويىچە كونا غوجام-مازارلارنىڭ قىسمالچاق-تۆشۈكلىرىگە قولىنى تىقىپ، نېمە چىقسا شۇنى كۆزىنى يۇمۇپلا ئاغزىغا سېلىپ يۇتتى. شۇ تاپتا تۇراخان بالا تۇغۇش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى ئىدى. يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىراق قىلغان شۇنچە كۆپ ئەجىر-ئەقىدىلەرنىڭ زادىلا ئۈنۈمى بولمىدى. تۇراخان بۇ جەرياندا ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ ئايىنىپ قالايلا دەپ قالدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئازاب بارغانچە كۈچىيىپ ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمىدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خۇش خۇي، سۆزمەن تەبىئىتىمۇ ئۆزگىرىپ بارغانچە روھى چۈشۈپ مىسكىن، خامۇش يۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى تۇراخان تالادىن كىرىۋېتىپ چوڭ ئۆيدە قېيىن ئاپىسى بىلەن قاۋۇلنىڭ دېيىشىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدى. گەپ ئۆزى ئۈستىدە بولۇۋاتقاچقا، ئۇ ئۆيگە كىرمەي سىرتتا تۇرۇپ گەپكە قۇلاق سالدى.

— سېنىڭ دېگەنلىرىڭمۇ راست بالام، ئۇنىڭ مىجەزى ئوبدان. بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بېرى خىزمىتىمىزنى ناھايىتى ئوبدان قىلدى. بۇنىڭغا مەنمۇ كۆز يۇممايمەن، لېكىن ئۆي

دېگەندە بالا بولمىسا بولمايدۇ. خوتۇن دېگەننى بالا تۇغامدىكىن، ئۆي ئىشلىرىنى قىلامدىكىن دېمىسە نېمە قىلىدۇ ئېلىپ. «باللىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دېگەن گەپ بار. بالا يوق ئۆيدە جىم-جىم ئولتۇرۇپ زېرىكىپمۇ قالمىدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئانا.

— ئاپا، بىز تېخى ياش بولغاندىكىن، يەنە سەۋەب قىلىپ باقمايمىزمۇ، — دېدى قاۋۇل.

— بولدىلا بالام، بىز قىلغان سەۋەبلەرمۇ ئاز ئەمەس، تۇغىدىغان بولسا ھازىرغىچە تۇغقان بولاتتى. ئۇنىڭ تۇغۇشىدىن ئەمدى ئۈمىد يوق، بۇنى ۋاقتىدا ئويلاشماي بولمايدۇ بالام.

قاۋۇل گەپ قىلمىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ گەپلىرىگە قوشۇلمايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— نېمە، بېشىڭ ساڭگىلاپلا كەتتىغۇ ئوغلۇم. خوتۇن قويۇپ بېرىش ئەيىب ئىش ئەمەس. بىر ئەرگە يەتتە قېتىم خوتۇن ئېلىش دۇرۇس، بۇمۇ ئۇلۇغلىرىمىزدىن قالغان ئىش.

— شۇنداق دەپلا ئۇنىڭغا گۇناھ قويساق قانداق بولىدۇ ئاپا. ئۇنىڭغىمۇ نېمە ئامال ئەمدى، — دېدى قاۋۇل نارازى بولغان ھالدا.

— مۇسۇلمان بەندىگە تۇغماسلىق دېگەن ئېغىر گۇناھ، بالام. ھەتتا تۇغمىغان خوتۇننىڭ قولىدىكى تاماقنىمۇ يېگىلى بولمايدۇ، — دېدى ئانا سەل تۇرۇۋېلىپ، — ئۇنىڭغىمۇ ئامال يوقلىقىنى بىلمەن. لېكىن ئۇ بۇنى ئۆز پېشانىسىدىن كۆرسۇن.

تۇراخان ئۇلارنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى تىڭشاشقا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىدى. گويا بىرى ئۈستىدىن بىر چېلەك سۇغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك شۈركىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى.

ئۇ ھۇجرىسىغا كىرىپلا يوتقاننى بېشىغا پۈركەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبى قاتتىق ئۆرتەندى. ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق تەتۈر تەلەيى، شور پېشانە يارىتىلىپ قالغانلىقىدىن ئاغرىندى. ئاھ خۇدا، سەن ماڭا نېمانچە رەھىمسىزلىك قىلىدىغانسەن، ئەجىبا بەزىلەرگە قوشلاپ-قوشلاپ بالا بېرىسەنۇ، شۇلاردىن بىرەرنى ماڭا بېرىۋەتسەڭ نېمە بولاتتى. بۇۋى مەريەم ئانا ھېچقانداق ئەر زاتىنى كۆرمەيمۇ ئەيسا پەيغەمبەرنى تۇغقانىكەنغۇ. قوشنىمىزنىڭ قىزىنىڭ توي قىلمايلا بويىدا قېلىپتىغۇ، ئۇ نومۇستىن ئۆلۈۋالغۇدەك بولۇپ يۈرىدۇ. شۇنداقلارغا بەرگەن بالىنى ئۆزۈڭ ياراتقان مېنىڭدەك بىر ئاجىزەڭگە بەرسەڭ بولماسمىدى... تولا يىغلاۋېرىپ تۇراخاننىڭ كۆزلىرى ئىششىپ كەتتى. گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى. قاۋۇل ئاپىسى بىلەن قىلىشقان گەپلەرنى ئۇنىڭغا دېمىدى. بىراق ئۇنىڭمۇ روھى ناھايىتى چۈشكۈن ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرگەنلىكىنى تۇراخان بىلمەيتتى.

قېيىن ئاپىسىنىڭ تۇغماس خوتۇننىڭ قولىدىكى تاماقنىمۇيېگىلى بولمايدۇ، دېگەن

گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇراخاننىڭ ئاش-تاماق ئىچىش تۇگۇل، قاچا-قۇچا، قازان-قومۇچلارغا قول تەگكۈزۈشكىمۇ رايى بارمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەمدى بۇ ئۆيدە كۈن ئۆتكۈزۈشى بارغانچە تەس بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ كۆڭلىدە پەقەت قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزلەيتتى. بىراق ھەرقانچە ئويلىسىمۇ بۇ كېلىشمەسلىكنى قانداق ئوڭشاشنى بىلمەيتتى.

شۇ كۈنلەردە قاۋۇل ئىشلە پچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە سۇ قورۇلۇش ئەمگىكىگە كېتىپ قالدى، تۇراخان چىگىش خىياللارغا ئەسىر بولۇپ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇراتتى، ھۇجرىغا قېيىن ئاپىسى كىرىپ كەلدى.

— بىرنەچچە كۈندىن بېرى باشقىچىلا كۆرۈنىسىزغۇ، سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى ئانا كاڭنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— ھېچنېمە بولمىدى، — دېدى تۇراخان قىسقىلا قىلىپ.

— چىرايىڭىز باشقىچە تۇرىدۇ، ساقلىقىڭىز يوقمۇ-يا؟ — دېدى ئانا يانداۋرۇپ سوراپ.

— ياق ئۇنداق ئەمەس، — دېدى تۇراخان سەل ھودۇقۇپراق.

— مەن سىزگە مۇنداق بىر ئىشنى دېگىلى كىرگەن، — دېدى قېيىن ئاپىسى بىر پەس زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرغاندىن كېيىن، — مەن بۇ گەپنى خېلىدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن. سىزنىڭمۇ بۇنى توغرا چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىز بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بېرى بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى ئوبدان قىلدىڭىز، بۇنى ھەممىمىز چۈشىنىمىز، بۇنىڭغا خۇدامۇ رەھمەت قىلار، شۇنىسى ھازىرغىچە باللىق بولالمىدىڭلار. بۇنىڭغا قىلمىغان سەۋەبلەرمۇ قالمىدى. سىزمۇ ئويلاپ بېقىڭ، ئادەم دېگەنگە بالا بولمىسا بولمايدۇ. ئۆلسە جىنازا ئەتراپىدا ئايلىنىپ ۋاي ئاتام، ۋاي ئاپام دەپ يىغلاشقىمۇ، پەيشەنبە، جۈمەدە قەبرىسىنى يوقلاپ دۇئا قىلىشقىمۇ، ئاتا-ئانىنىڭ تۇتقان ئۆيىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي ياندۇرۇپ ئولتۇرۇشقىمۇ بالا بولمىسا بولمايدۇ. ئۆتكەن ئىشلاردىن قارىغاندا باللىق بولالمىغانلار ئايرىلىپ كېتىپ قايتىدىن باشقىلار بىلەن ئۆي-ئوچاقلىق بولسا باللىق بولۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىكەن. سىزمۇ بىلىسىز، بۇلاق بويىدىكى تۆمۈرئاخۇننىڭ چوڭ ئوغلى خوتۇنىنى تۇغمىدى دەپ ئاجرىشىپ كېتىپ باشقىدىن توي قىلىۋېدى، ھازىر ئىككى باللىق بولۇپ قالدى. ئەپلەشمىگەندە ئاجرىشىپ كېتىشمۇ جاھاندا بوپباقمىغان ئىش ئەمەس. ھازىر سىزمۇ، قاۋۇلئاخۇنمۇ تېخى ياش، قايتا ئۆي-ئوچاقلىق بولساڭلار، خۇدا خالىسا باللىق بولۇپ قالارسىلەر، — دېدى كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتىپ.

مۇشۇنداق گەپنىڭ ھامان بىركۈنى بولىدىغانلىقىنى خېلىدىن بېرى كۆڭلى تۇيۇپ تۇرۇۋاتقان تۇراخان بۇنى بەك تاسادىپىيلىقمۇ ھېس قىلمىدى، بىراق يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن مىڭ تەسلىكتە

www.uyghurkitap.com



ئېغىز ئېچىپ:

— بۇنىڭغا قاۋۇل نېمە دەيدىكىن، — دېدى بوغۇق ئاۋازدا.

— ئۇنىڭمۇ سىزدىن ئايرىلغۇسى يوق، شۇڭا بۇ گەپلەرنى سىزگە دېيىشكە پېتىنالمايدۇ. سىز قاۋۇللاخۇن بىلەن مېنى ئاياپ بولسىمۇ ئاجرىشىپ كېتىشكە ۋەدە بېرىڭ، قانچە بالدۇر بولسا شۇنچە ياخشى، — ئانا شۇ گەپنى قىلىپلا ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. تۇراخان ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۇنىڭ ئەلەملىك كۆزياشلىرى ئېگەكلىرىنى بويلاپ ئاقتى. ئۇ قاۋۇلنى جېنىدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايتتى. ئەمما مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپمۇ يەنە بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىشكە قانداقمۇ يۈزى چىدىسۇن. كىشلەرنىڭ «ئايال كىشى بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئۆز، بىر ئېغىز گەپ بىلەن يات بولىدۇ» دېگىنىدەك، ئۇ قاۋۇلدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىسىمۇ بۇ ئۆيدىن دەرھال كېتىش قارارىغا كەلدى-دە، يۆتكەپ كىيىدىغان بىر قۇر كىيىمىنى ئېلىپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

تۇراخان شۇ چىقىپ كەتكىنچە بۇ ئۆيگە قايتا ئاياغ باسمىدى. قاۋۇل سۇ قۇرۇلۇشىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئالدىغا بىرنەچچە قېتىم باردى. بىراق تۇراخان قايتىپ كېتىشكە ئۇنىمىدى. چۈنكى ئۇ قاۋۇلنى دەپ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ قەلبىنى ئازابلاشنى، قاۋۇلنىڭمۇ ئۆزىنى دەپ بىر ئۆمۈر بالا يۈزى كۆرەلمەي پۇشايماندا قېلىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ بۇ قارىشىنى قاۋۇلغا قايتا-قايتا ئېيتىپ، ئاجرىشىپ كېتىش تەلىپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ بۇ بىر جۈپ ياش ئەر-خوتۇنلار ئامالسىز ئاجرىشىپ كېتىشتى.

بۇ ئاجرىشىش تۇراخان بىلەن قاۋۇلنىڭ ھەر ئىككىسىگىلا ئېغىر كەلدى. تۇراخاننىڭ تالا-تۈزگىمۇ چىققۇسى كەلمەيتتى. ئۇ ئولتۇرغان جايىدا سائەتلەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالىدىغان، گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى. دەردىنى تارتقان بىلىدۇ، ئاچچىقنى يۇتقان، دېگەندەك، ئاخىرى تۇراخان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى قاتتىق ئازابلاندى. قىزىم، ئۆزۈڭنى بەك ئازابلاپ كەتمە، بۇ جاھاندا ئۆتمىگەن ئىش ئەمەس، خۇدا بەختىڭنى، كېيىنلىكىڭنى بېرەر، خۇداغا ئىشەن قىزىم. ئۆزۈڭنى بۇنداق قىينىمىغىن، مېنىمۇ ئاسرىغىن، — دەيتتى تۇراخاننىڭ ئانىسى ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ يىغلىغىنىچە.

قورساقتىكى بوۋاقنىڭ مىدىرلىشى تۇراخاننىڭ ئەسلىمىسىنى ئۈزۈپ قويدى. ھەي، سەن شۇ چاغدا نەدە بولغىيدىڭ-ھە! دەپ پىچىرلىدى ئۇ خۇددى قورسىقىدىكى يىگى جان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقاندەك. ئاندىن يېنىدا بىر خىلدا خورەك تارتىپ ئۇخلاپ ياتقان ئېرىگە قارىدى ۋە خورەك ئاۋازىدىن بىزار بولۇپ، ئۇنى قوپاللىق بىلەن نوقۇدى. ئوڭدىسىغا ياتقان ئېرى يېنىغا ئۆرۈلۈۋىدى، خورەكمۇ بېسىقتى. تۇراخاننىڭ كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كېلەي دېمەيتتى. تۈگۈلۈكتىن چۈشۈۋاتقان ئاي شولىسى ئەمدى

سۇرۇلۇپ تۇراخاننىڭ ئۈستىگە ئۆدۈل كەلگەنىدى. ئۇ ئاي نۇرىغا قارىغىنىچە يەنە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى يەنە بىرىپ ئۆتكەن ئىشلارغا ئۇلاشتى...

تۇراخان بىلەن قاۋۇل ئاجرىشىپ ئىككى يىل ئۆتكىچە ھەر ئىككىلىسىلا قايتا ئۆي-ئۇچاقلىق بولمىدى. تۇراخانغا بىرنەچچە يەردىن لايىقلارمۇ كەلدى. بىراق ئۇنىڭ يەنە ياتلىق بولۇشقا پەقەتلا كۆڭلى تارتمىدى. شۇڭا لايىقلارنىڭ ئىرى-بىرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئۇلارنى رەت قىلدى. ئۇ يەنە كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. ھەمىشەم دېگۈدەكلا قاۋۇل بىللە ئۆتكەن چاغلىرىنى ئەسكە ئالاتتى.

ئۇلار تام قوشنا بولغاچقا بەزىدە سىرتلاردا ئۇچرىشىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا بىر-بىرىگە قاراپ قويغۇسى، ئەھۋال سورىغۇسى بولسىمۇ قارىمايتتى، گەپمۇ قىلىشمايتتى. بۇنىڭغا ئەدەب-ئەخلاق، قائىدە-نومۇس كۆچى يول قويمايتتى. مۇشۇنداق تەڭ قىسلىقتا ئۆتۈۋاتقان كۈنلەردە مەھەللىدىكى ئاياللار ئىچىدە «تۇراخان يەنىلا قاۋۇلغا ئىشتەي ساقلاپ يۈرۈپتۇ. شۇڭا لايىق كەلسىمۇ ئۇنىماي تۇرۇۋېلىپتۇ» دېگەن گەپ پەيدا بولدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ جاراھەتلىك قەلبى تۇز سەپكەندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى سىرتقا چىقىشتىن، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىدىنمۇ خۇدۇكسىندىغان بولۇپ قالدى. تۇراخان ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى كىشىلەرنىڭ سۆز-چۆچەكلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قاۋۇلدىن بۇرۇن توي قىلىپ بۇ مەھەللىدىن چىقىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئىككى باللىق بولغان، ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن، ئوتتۇز ياش ئەتراپىدىكى سىپىرئاخۇن ئىسىملىك بىر كىشىدىن ئەلچى كەلدى. تۇراخاننىڭ ئاتا-ئانىسى ئارتۇق گەپ قىلماي، قانداق قىلىشنى تۇراخاننىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويدى. تۇراخان ئۇنىڭ ياش جەھەتتىن ئۆزىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئەر تەرەپنى بەك ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيلا ياتلىق بولۇشقا قوشۇلدى.

تويدىن كېيىن تۇراخان ئۆزىنىڭ ئاياللىق بۇرچىنى سەممىي ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلىپ، سىپىرئاخۇنغا قىزغىن مۇئامىلە قىلدى. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاستا-ئاستا ئۇنى چۈشىنىشكە باشلىدى. تۇراخان ئۇنىڭغا ھەرقانچە قىزغىن ۋە مۇلايىم بولسىمۇ، سىپىر ئۇنىڭغا ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيتتى. بەلكى ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئاياللارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، دەپ قارايتتى. ئۇ ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان چىرايلىق گەپلەرنى قىلىشنى زادىلا بىلمەيتتى. ئەكسىچە گەپلىرى ناھايىتى توڭ بولۇپ، قۇلاققىمۇ مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى. كېيىنچە ئۇ كېچە-كېچىلەپ ھاراق ئىچىپ، مەست كېلىدىغان ئادەتنى چىقىرىۋالدى. بىرەر ئىش دېتىغا ياقمىسىلا چىنە-قاچا، قازان-قومۇچلارنى ئۇرۇپ چاقاتتى. ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان تىل-ھاقارەتلەر بىلەن تۇراخاننى تىللايتتى. تۇراخان بىرەر ئېغىز گەپ ياندۇرۇپ قويسا شۇ ھامان ئۈستىگە تاياق ياغاتتى. مانا، توي قىلىپ يىلغا يەتمەي تۇرۇپلا تۇراخان نەچچە قېتىم

قاتتىق تاياق يېدى. تۇراخان دەسلەپتە سىپىرنىڭ تېگى-تەكتىنى ئوبدان سۈرۈشتۈرمەي، چۈشەنمەي ئالدىراپ توي قىلىپ قويغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزى رازى بولۇپ كەلگەن ئۆي بولغاچقا، بارلىق دەرد-ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، چىشىنى چىشلەپ چىداش قارارىغا كەلدى.

بىر كۈنى تۇراخان ئاپىسنى يوقلاپ كەلمەكچى بولدى. ئۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن هالقا، ئۈزۈكلىرىنى تاقىماقچى بولۇپ چامادانىنى ئېچىپلا چۆچۈپ كەتتى. چامداندا هالقا بىلەن ئۈزۈك يوق ئىدى. بۇ نەرسىلەرنى ئۇ تونۇگۈن چامداننى ئاچقاندىلا كۆرگەن، ھەتتا قولىغا ئېلىپ قېپىنى ئېچىپ قاراپمۇ باققانىدى. تۇراخان جىددىيلىشىپ قالدى. ئوغرى ئالدىمىكىن دەي دېسە، تونۇگۈندىن بېرى تۇراخان سىرتقا چىقمىغان، ئۆيگىمۇ ئۆزى بىلەن سىپىردىن باشقا ئادەم كىرمىگەنىدى. سىپىر باشقا بىر جايغا ئېلىپ قويغانمىدۇ-يا، دەپ ئويلىغان تۇراخان سىپىرنى ئىزلەپ سىرتقا چىقتى. بىراق ئۇ يېقىن ئەتراپلاردا كۆرۈنمەيتتى. تۇراخان دىلغۇل بولۇپ يەنە ئۆيگە قايتىپ كىردى. هالقام يىتىپ كەتمىسە بولاتتى، — دەيتتى تۇراخان، ئۇ غورۇرلۇق، ئاقكۆڭۈل ئايال بولغاچقا قاۋۇل بىلەن ئاجراشقاندا هېچنېمە تەلەپ قىلمىدى. ھەتتا ئۇلار تويلۇق سالغان هالقاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بەردى. شۇڭا ئاپىسى ئەل-جامائەت، دوست-دۈشمەن ئالدىدا قىزىمنىڭ يۈزى ئۆرە بولسۇن دەپ يېمەي-ئىچمەي يىغقان پۇلىغا چوڭ ھەم كۆركەم قىلىپ هالقا ياستىپ بەرگەنىدى. ئۈزۈك بولسا سىپىرنىڭ ئالدىنقى ئايالىغا تويلۇق سېلىپ، ئاجرىشىپ كەتكەندە ئېلىۋېلىپ، تۇراخانغا تويلۇق سالغان ئۈزۈك ئىدى. تۇراخان بۇ ئۈزۈكنى تويدىن كېيىن بىرەر قېتىممۇ قولىغا سېلىپ باقمىدى. تۇراخانغا هازىر مۇھىمى هالقا. ئۇ هالقا يوقىلىپ كەتسە زادىلا بولمايتتى. ئۇ كۆڭلى غەش هالدا سىپىرنى كۈتۈپ ئولتۇردى. بىردەم-بىردەم سىرتقا چىقىپ قاراپ باقاتتى. كەچ بولدى. سىپىرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغدا سىپىر ئىگىز-پەس دەسسەپ دەلدەڭشىگىنىچە ئۆيگە كىردى. ئۇ مەستلىكتىن قىسىلىپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئېچىپ ياتماي ئولتۇرغان تۇراخانغا تىككىنىچە:

— ئەجەپ بۇ ۋاقىتچە ياتماي ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟ قارىغاندا مېنى ساقلاپ ئۇيقۇڭ كەلمىگەن ئوخشىمامدۇ؟ نېمىدېگەن ياخشى خوتۇن سەن-ھە! — دېدى.

تۇراخان جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ سىپىرنىڭ مەست هالىتىگە قاراپ، هالقا، ئۈزۈكنىڭ ئىشىنى دەيمۇ-دېمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالدى. دېمەي دېسە بۇنى بىلىشكە كۆڭلى ئالدىرايتتى. دەي دېسە ئۇنىڭ مەستچىلىكتە ئۇلۇڭ-تەتۈر گەپلەرنى قىلىشىدىن ئەنسىرەتتى.

سىپىر ئايىغىنى تەستە سېلىپ، كاڭغا چىقىپ يېشىنىشكە باشلىدى.

— نېمە بولدۇڭ، مىڭ يارمىقنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك سالپىيىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭغۇ، — دېدى سىپىر كىيىملىرىنى قالايمىقان تاشلىغاچ.

— چامادانىدىكى ھالقا بىلەن ئۈزۈك يوق تۇرىدىغۇ، ئۇنى ئۆزلىرى بىرىيەرگە ئېلىپ قويغانمۇ-يا؟ — دېدى تۇراخان قورقۇمسىرىغان ھالدا.

سېپىر ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىرەر جىددىيلىك ياكى ئەنسىرەش ئالامەتلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تۇراخان ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ سەل خاتىرجەم بولدى ۋە يەنە سورىدى:

— قارىغاندا، ئۇنى ئۆزلىرى باشقا بىر جايغا ئېلىپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟

— مەنمۇ؟ مەن ئۇنى نەگە ئەپ قوياتتىم، قىمارغا تىكىۋەتتىم، شۇ، — دېدى سېپىر پەرۋاسىز ھالدا.

— نېمە، قىمارغا تىكىۋەتتىم!؟ — تۇراخان توۋلىۋەتتى.

— نېمانچە چۆچۈيسەنۇي، ھېلىقى ئۈزۈك بارغۇ، بىر قول ئوشۇقتىلا كەلگەن نېمە ئۇ، ئەمدى ھەممىسىنى تىكىۋەتتىم. قىماز دېگەن شۇنداق نەرسە، بىردە ساڭا ئۆتسە، بىردە ماڭا ئۆتىدۇ، — دېدى سېپىر قىلچە ھېيىقماي.

بۇنى ئاڭلاپ تۇراخان زادىلا چىداپ تۇرالمىدى.

— ھالقىدا سېنىڭ ھەققىڭ يوق، ئۇ مېنىڭ، ئۇنى دەرھال تېپىپ كەل! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي.

— نېمە، ھالقا مېنىڭ؟ نەدىمۇ بىر ئۆينىڭ ئادەملىرىدە سېنىڭ-مېنىڭ دەيدىغان ئىش بار، سەن مېنىڭ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىلەرمۇ مېنىڭ بولىدۇ-دە، ئەلۋەتتە، — دېدى سېپىر ئۆكتەملىك بىلەن كۆزىنى ئالايتىپ.

— ياق، ھالقىنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ كەل! — تۇراخان ئاچچىقىغا پايلىماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— بولدى قىل، بولدى قىل دەيمەن، ئاغزىڭنى يۇم! — سېپىر ئەلپازىنى بۇزۇپ قاتتىق ھۆركىرىدى.

بۇ دورمۇ تۇراخانمۇ بوش كەلمىدى. نېمە بولۇشى بىلەن ھېسابلاشماي ھالقىنى تېپىپ بەر، دېگىنىچە سېپىرنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى. تۇراخاننىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرۈپ سېپىرنىڭ كۆزلىرىگە قان تولدى. ئۇ تۇراخاننىڭ چېچىدىن تارتىپ تۇرۇپ ئۆزىدىن تەستە ئاجراتتى-دە، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ تېپىپ، دەسسەپ-چەيلەشكە باشلىدى. تاياق دەستىدىن تۇراخاننىڭ قارشىلاشقۇدەك، ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى قالمىدى. ئۇ چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا دۇم ياتاتتى.

— ۋۇ، ئاناڭنى... سەن تېخى مېنىڭ بىلەن قارشىلاشقۇدەك بولدۇڭما، بىلىپ قوي، ئەر دېگەنچۇ خوتۇن كىشىنىڭ خۇداسى، بۇ ئۆيدە مېنىڭ دېگىنىم دېگەن، قىلغىنىم قىلغان، — سېپىر تۇراخاننىڭ يۈزىگە بىر نەچچە تەستەك سالغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ ھاردى بولغاي، ئۇرۇشتىن توختىدى ۋە بىر پەستىن كېيىن چوشقىدەك خورۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى. تۇراخاننىڭ پۈتۈن مۇسكۇللىرى سۆڭەكلىرىدىن ئاجراپ كەتكەندەك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



سىرقىراپ ئاغرىيتتى. ئۇ خورلۇق، تاياق ئازابىدىن ئىچ-ئىچىدىن بۇقۇلداپ، ئۇزۇندىن-ئۇزۇن يىغلىدى. ئۇ شۇ تاپتا قولىغا قىنگراقنى ئېلىپلا ئۇخلاپ ياتقان سىپىرنى چاناپ قىيما-چىيما قىلىۋېتىپ ئاندىن ئۆزىمۇ ئۆلۈۋېلىپلا بارلىق دەرد-ئەلەملەردىن بىراقلا قۇتۇلۇشنىمۇ ئويلىدى. لېكىن شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مېھرىبان ئاتىسى بىلەن كۆيۈمچان ئاپىسى پەيدا بولدى. ئۇلار تۇراخانغا قار-يامغۇر يىغلاپ تۇرۇپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ نەسىھەت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزى بۇ دۇنيادىن كېتىپ ھەممە دەرد-ئەلەملەردىن قۇتۇلغىنى بىلەن بۇنىڭ ئۇۋالى ۋە ھەممە تارتقۇلۇقى ئاتىسى بىلەن ئاپىسىغا كېلەتتى. ئۇلار شۇ يېشىدا بۇنداق قاتتىق كۆڭۈل ئاغرىقىغا، دەرد، ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. تۇراخان بۇلارنى ئويلاپ يەتكەندىن كېيىن غەزەپ-نەپرىتىنى بېسىۋېلىپ، ئۇ نىيىتىدىن ۋاز كەچتى. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن سىپىردىن دەرھال ئايرىلىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. بۇ چاغدا كېچىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. تۇراخاننىڭ ئەمدى بۇ ئۆيدە بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇ مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا بۇ ئۆيدىن كەتمەكچى بولدى. ئەگەر تاڭ ئېتىپ بۇنى سىپىر تۇيۇپلا قالسا ئۇنىڭغا يول قويمايتتى. تۇراخان بىرنەچچە قۇر كىيىمنى بىر بۇغجۇما قىلىپ چىگدى. ئاندىن بىرخىلدا خورەك تارتىپ بەخۇدۇك ئۇخلاۋاتقان سىپىرغا نەپرەت بىلەن بىر قارىۋېتىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

تۇراخان ئۇن چاقىرىمدەك يولنى بېسىپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگۈچە تاڭمۇ يورىدى. قىزىنىڭ بۇنداق سەھەردە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئاپىسى چۆچۈپ كەتتى، ئالدىراپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. تۇراخان ئاپىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ گەپمۇ قىلالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ بىر ھازا يىغلاپ ئىچىنى سەل بوشىتىۋالغاندىن كېيىن يىغىسىنى توختاتتى ۋە ئۆزىگە بىتاقەت بولۇپ قاراپ تۇرغان ئاپىسىغا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى. قىزىنىڭ تارتقان خورلۇق، زۇلۇملىرىنى ئاڭلاپ ئاپىسىنىڭمۇ باغرى ئېزىلدى. ئۇ قىزىنىڭ قاتتىق تاياق زەربىسىدىن ئىششىپ كۆكىرىپ كەتكەن يۈز-كۆزلىرىنى، دوردىيىپ قالغان لەۋلىرىنى سىلىغىنىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

— ھوي، ۋەھشىي ھايۋان، قاراپ تۇرۇپ بىر ئايالنىمۇ مۇشۇنداق ئۇرغان بارمۇ؟! خۇدايىم ھامان جاجاڭنى بەرمەي قويمايدۇ سېنىڭ! — ئۇ سىپىرنى بىر ھازاغىچە تىللاپ، قارغىدى.

تۇراخاننىڭ ئاتىسى بىلەن ئاكىسى تۇرسۇنمۇ سىپىرغا قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى بىر تونۇتۇپ قويماقچى، تۇراخاننىڭ ئەنتىنى ئالماقچى بولدى. لېكىن تۇراخان ئۇلارنىڭ بۇ قارشىغا قوشۇلمىدى. ئۇ: پوقنى تەپسە سېسىيدۇ، ئەسكى بىلەن تەڭ بولمىز دەپ ئۆزىمىزنى پەسلەشتۈرمەيلى، قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەرز قىلايلى، دېدى. تۇراخان ياغلىق بىلەن يۈزىنى چۈمكەپ، ئاكىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا يېزىلىق

هۆكۈمەتكە بېرىپ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە سېپىر بىلەن توي قىلغاندىن بۇيانقى ئەھۋاللارنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۇراخاننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بەدىنىدىكى تاياق ئىزلىرىنى كۆرگەن قانۇن كادىرلىرىنىڭ سېپىرغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ۋە ئۇنى دەرھال يېزىلىق هۆكۈمەتكە چاقىرتتۇزدى. سېپىر كادىرلارنىڭ ئالدىدا پىلىكتەك يۇمشاپ، مەستچىلىكتە ئۇرۇپ قويۇپتىكەنمەن، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى ۋە تۇراخان بىلەن ئاجرىشىشنى رەت قىلىپ، خېتىنى بەرمەيمەن دەپ پەقەت ئۇنىمىدى. بۇنىڭ بىلەن سوراقچى كادىرمۇ ئامالسىز قالدى. ئۇ: نىكاھتىن ئاجرىشىشتا ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بولمىسا ئاجراشتۇرۇشقا بولمايدۇ، يەنىمۇ ئوبدانراق ئويلىشىپ كۆرۈڭلار، دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتتى.

تۇراخان سېپىرنىڭ ئۆيىگە قايتا قەدەم باسمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجرىشىش تەلىپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. لېكىن سېپىر يەنىلا ئاجرىشىشنى رەت قىلىپ، تۇراخاننى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتتى. بىراق تۇراخان شۇ تاپتا ئۆلۈشكە رازى ئىدىكى، ئۇنىڭ ئۆيىگە يېرىشنى قەتئىي خالىمايتتى.

ئارىدىن بىر يىلدەك ۋاقىت ئەنە شۇ تەرىزدە ئۆتۈپ كەتتى. تۇرمۇشتىكى بەختسىزلىك ئاز كەلگەندەك، تۇراخاننىڭ ئاتىسى يۈرەك كېسىلى بىلەن تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى. بۇ ئىش تۇراخاننىڭ دەرد-ئازابىغا يېڭى ئازاب قوشتى. ئۇ قاقشىدى، يىغلاپ-زارلىدى، ئەمما تەقدىرنىڭ قىسمىتىگە نېمە ئامال، ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولاتتىمۇ؟

تۇراخان ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ قارىلىق بىلەن ئۆتتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە «سېپىرنى ساقچىلار تۇتۇپ كېتىپتۇ» دېگەن گەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. ئۇنىڭ باشقىلاردىن بىلىشىچە، سېپىر قىماردا كۆپ ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، شۇ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلىپتۇ. يەنە بىر ئاققۇن ئايالنى ئۆيىگە ئەكىرىۋېلىپ قالايمىقان مۇناسىۋەتتە بوپتۇ. تۇراخان بۇلارنى بىلگەندىن كېيىن دەسلەپتە سېپىرغا ئازراق ئىچىندى. چۈنكى ئۇ ھەرقانچە ئەسكى بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل ئەر-خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشكەن يولدىشى، بىراق تۇراخان سېپىرنىڭ ئۆزىگە قىلغانلىرىنى ئويلاپ، — قولغا چۈشكىنى ياخشى بوپتۇ. ئاخىرى ئۆز قىلمىشى بېشىغا چىقىپتۇ، — دېدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تۇراخان سوت ئورنىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ سېپىردىن ئاجرىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەرز سۇندى. سوت ئەھۋالنى قايتا تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، سېپىرنىڭ قوشۇلۇشىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنى نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇۋەتتى، كېيىن سېپىرغا ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى هۆكۈم قىلىندى. تۇراخان ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئۈستىدىن ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك، ئۆزىنى ئەركىن ۋە ئازادە ھېس قىلدى. ئۇ ئەمدى ھېچكىمنىڭ خورلىشىغا ۋە بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىمايدۇ،

ھەممە ئىشتا ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇپ، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ ئەركىن ياشىيالايدۇ، بىراق ئۇنىڭغا بىرلا ئىش، يەنە ياپىياش تۇرۇپلا ئىككى قېتىم نىكاھتىن ئاجراشقانلىقى بەكلا ھار كەلدى. بۇنى ئويلىسا ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولاتتى. ئۇ تۇرمۇش دېگەن مۇشۇنداقلا بولىدىغان بولسا ئەمدى ھەرگىزمۇ ئەرگە تەگمەيمەن، كىشلەر نېمىدەپ سۆز-چۆچەك قىلسا قىلىشىۋەرسۇن، ئۇلار بىلەن پەرۋايىم پەلەك دېگەن قەتئىي قارارغا كەلدى.

تۇراخان ھېچنېمىنى ئويلىماي، كۈنلىرىنى ئاپىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر خىيالى ياشىنىپ قالغان ئاپىسىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ، خىزمىتىنى ئوبدان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئانا ئالدىدىكى پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلىش ئىدى.

تۇراخان ئەنە شۇنداق ئىرادە ۋە ئارزۇ-ئىستەك بىلەن ھېچنېمىنى خىيال قىلماي بىرنەچچە يىلنى غەم-ئەندىشىسىز ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا ئىلگىرىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇپ، ئۆزىنى خاتىرجەم، ئازادە ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بىركۈنى تۇراخان ھويلىدا ئولتۇرۇپ ئاپىسىنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيۇۋاتاتتى. بىر نەچچە باللار ھويلىغا يۈگۈرۈشۈپ كىرىشتى. تۇراخان ئۇلارغا ھەۋەسلىنىپ قارىدى. باللار مۆكۈ-مۆكۈلەڭ ئوينىشىۋاتاتتى. ئۇلار دالدىلارغا مۆكۈشەتتى. بىر-بىرىنى قوغلىشاتتى. تاپىچاقلاردەك سەكرىشەتتى. شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۈچ ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا بىرىگە ئۇرۇلۇپ، يىقىلىپ كەتتى. ئۇ قاتتىق يىقىلىپ كەتكەچكە دەرھال ئورنىدىن تۇرالماي، يىغلاپ تېلىقىپ قالدى. تۇراخان قولىدىكى كىرنى داسقا تاشلاپ، دەرھال كېلىپ بالىنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى ۋە كىيىملىرىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇرۇپ، ياشلىرىنى سۈرتكەچ بالىنى بەزلىدى:

— بولدى يىغلىماڭ، ئوغۇل بالا دېگەن يىغلىسا سەت بولىدۇ. ئېيتىڭا، سىز كىمنىڭ بالىسى بولىسىز؟

— ئاتامنىڭ.

— ئاتىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

بالا بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگۈچە ئۇلارغا قاراپ تۇرغان باللاردىن بىرى:

— ئۇ قاۋۇل ئاكامنىڭ ئوغلى، — دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇراخاننىڭ كۆڭلى باشقىچە بولۇپ قالدى. بالىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى ئىختىيارسىز بوشاشتى. بالىنىڭ چىرايى دېمىسىمۇ قاۋۇلنىڭ چىرايىغا قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايتتى. بۇ ئىش تۇراخاننىڭ ئالدىدا ئۆتۈپ كەتكەن كەچمىشلىرىنى قايتا ئېسىگە سېلىپ، ئەمدىگىنە جايىغا چۈشكەن كۆڭلىنى داۋالغۇتىۋەتتى. ئۇ قاۋۇل بىلەن بەش يىل ئۆي تۇتۇپ بىرەر باللىق بولالمىغىنىغا يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئېچىندى. ئەگەر ئۇ شۇ چاغدا بالا يۈزى كۆرۈپ قالغان بولسا، ئۆزى ياخشى كۆرۈپ كۆڭۈل

بەرگەن كىشىسى بىلەن ھازىرغىچە بەختلىك ئۆتكەن بولماسمىدى-ھە!؟

تۇراخان ئۆزىنىڭ كەچمىشلىرىنى ئەسلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قاتتىق ئەمگەك قىلىپ ھارغان ئادەمدەك ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۇ تۈڭلۈكتىن چۈشۈۋاتقان ئاي نۇرىغا قارىدى. ئاي نۇرى ئەمدى ئۆيىنىڭ سول تەرەپ تېمىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ كېچىنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بىراق تۇراخاننىڭ يەنىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. ھېلىمنىياز ھاجى بولسا بىخىرامان ھالدا خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۇخلاپ ياتاتتى. ئۇ ھەر قېتىم خورەك تارتقىنىدا كارنىيىدىن گىژىلداپ قالغان رادىئودەك گاژ-گۇژ ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. تۇراخان بۇ يېقىمسىز ئاۋازدىن بىزار بولۇپ يېنىغا ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى. بىراق قورسىقىنىڭ سىقىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بالىغا زىيان-زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن دەپ يەنە دەرھال ئوڭدىسىغا ئۆرۈلۈۋالدى-دە، بارغانسېرى يوغىناپ چىڭقىلىپ كېتىۋاتقان قورسىقىنى يۇمشاققىنە سىلاپ قويدى. قورسىقىدىكى بالىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك بىردىنلا تىپىرلاپ تەۋرەپ قويدى. بۇنىڭدىن تۇراخاننىڭ دىلى يەنە سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ ھەتتا تېخى دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بالىسىنىڭ چىراي-شەكلىنى غايىۋى تەسەۋۋۇر بىلەن كۆرگەندەك بولدى ۋە مېنىڭ بالامۇ قاۋۇلنىڭ بالىسىدەك چىرايلىق، ئوماق بولارمۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ كۆڭلىدە ئۆز بالىسىنىڭمۇ كەلگۈسىدە قاۋۇلنىڭ بالىسىدەك چىرايلىق، ئوماق بولۇشىنى ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

تۇراخاننىڭ خىيال كەپتىرى يەنە كونا ئىزلارنى بويلاپ ئۆتكەنكى ئۇۋىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلىمنىياز ھاجىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش جەريانى بىرمۇ بىر ئۆتۈشكە باشلىدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ تۇراخاننىڭ قەلبىدە قاۋۇلنىڭ بالىسىنى كۆرگەندىن كېيىن پەيدا بولغان رەشىك-ھەسەت ئوتىمۇ ئاستا-ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى. ئۇ ئەمدى بۇ ھەقتىكى ھەممە ئوي-خىياللارنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىدە، ئېتىقادى بويىچە ئاپىسىنىڭ يىرىقىنى يېقىن قىلىپ، پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدى. زېرىكسە، ھېرىپ-چارچىسا ئاپىسى بىلەن مۇڭدىشاتتى، بىر ھېسابتا ئانا-بالا ئىككىيلەننى بىر-بىرىگە ھەمراھ بولۇپ، كۈنلىرىنى خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، دېيىشكە بولاتتى. بىراق ئىنساننىڭ غەم-ئەندىشە بىلەن ئۆتىدىغان ۋاقتى كۆپ بولىدىكەن، قىسقىسى ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ ئىنسان ئۈچۈن بىر غەم ئىكەن. ئانا-بالا ئىككىيلەن بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇراخاننىڭ ئاپىسى كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. تۇراخان بىلەن ئاكىسى ئاپىسىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتكۈزدى، بالنىستا ياتقۇزۇپ داۋالاتتى. بىراق داۋالاش تۈزۈككىنە ئۈنۈم بەرمەيۋاتاتتى. بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئانا بارغانچە زەئىپلىشىپ ئاجىزلاپ، بىر تېرە-بىر سۆڭەك بولۇپ قالدى. تولا داۋالىنىپ دوختۇرخانىدىن زېرىكىپ كەتتىمۇ ياكى

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدىمۇ ئاخىرى داۋالىنىشنى رەت قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار ئامالسىز ئاپىسىنىڭ رايى بويىچە ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدى.

كېسەل كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئاپىسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تۇراخاننىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ جاھاندا ئۆزىنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان بىردىنبىر ئادىمى ئاپىسى ئىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ چىرايىغا قارىسىلا كۆڭلىنى بىر خىل ۋەھىمە باساتتى. خۇدادىن ئاپىسىغا شىپالىق بېرىشنى تىلەيتتى. بىر كۈنى ئاپىسى ئۇنىڭ قولىنى ماغدۇرسىز قولى بىلەن سىقىپ تۇرۇپ ھازىرلا ئۆچۈپ قالىدىغان شامدەك پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى تۇراخانغا تىكىپ:

— قىزىم، سەن ماڭا بەك ياخشى قارىدىڭ. مەن سېنىڭدىن ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى قىزىم. ساڭا كۆپ جاپا سالدىم، — دېدى.

— بۇنى قانداقمۇ جاپا دېگىلى بولىدۇ ئاپا. ساڭا نېمىلا قىلىپ بەرسەم ئەرزىيدۇ، — دېدى تۇراخان كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ.

— مەن سېنىڭ ھەققىڭدە خۇداغا كۆپ دۇئا قىلدىم، قىزىم، بۇرۇن بەختىڭ چىقمىغان بولسىمۇ، كېيىنلىكىڭ بولسىمۇ ئاسايىشلىق ئىچىدە ئۆتەر، — دېدى ئانا ئېغىر-ئېغىر تىنغىنىچە.

تۇراخان گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— قىزىم، سېنىڭدىن... ئۆتۈنىدىغان بىر ئىش بار. قوشۇلارسەنمۇ؟ — دېدى ئانا ئۈزۈپ-ئۈزۈپ.

— نېمە ئىش بولسا دەۋەرگىن ئاپا. سېنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا مەن تەييار، — دېدى تۇراخان كۆز ياشلىرىنى ئېرتىشتۇرگىنىچە.

ئاپىسى بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قىزىم، سېنىڭ تۇرمۇش ئىشىڭ كۆڭلۈڭدىكىدەك بولماي قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈڭنى تولا يېرىم قىلما. بىز ئاياللار ئەسلىدە شۇنداق ئاجىز يارالغانىكەنمىز. ھەممىسى ئاللا ئىگەمنىڭ پېشانىمىزگە پۈتكەن تەقدىر-قىسمىتى. مەن سېنىڭ كېيىنلىكىڭ ئۈچۈن خۇدادىن تىلەپ كۆپ دۇئا قىلدىم. خۇدايىم كېيىن بەختىڭنى بېرىدۇ. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە جەننەت ئاياللارنىڭ تاپىنى ئاستىدا بولغۇدەك. ئاياللار ئەرلىرىگە سادىق بولۇپ، ئېرىنىڭ بەش ۋاخلىق نامىزىدا تەرتىكە سۇ بېرىپ، ئەرنىڭ رازىلىقىنى ئالسىلا خۇدا ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكىنى بەرگۈدەك... سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىڭدىن ئەندىشە قىلىپ كېلىۋاتىمەن، ئاياللارغا ئۆزۈڭنىچە يالغۇز ئولتۇرۇپ قېلىش ياخشى ئىش ئەمەس. بۇنىڭ گۇناھىنى نېرىقى ئالەمدە ئاتا-ئانىسى تارتىدىكەن. مېنىڭ ئۈمىدىم— ئۆزۈم باقىيغا كەتكۈچە سېنىڭمۇ بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئۆتكىنىڭنى كۆرسەم، دەيمەن. بولمىسا ئۇ ئالەمگە كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ، مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈم بۇنداق ياتقان بىلەن پۈتۈن ئەس-يادىم سېنىڭدىلا قالدى. خۇدا ماڭا شۇ كۈنلەرنى كۆرۈشنى

ئېسىپ قىلارمۇ؟ — ماغدۇرسىزلىقتىنمۇ ياكى ئېيتماقنىڭ تەسلىكىدىنمۇ ئانا بۇ گەپلەرنى توختاپ-توختاپ ناھايىتىمۇ تەستە دەپ تۈگەتتى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىققان ياش ئۇنىڭ يۈزلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

تۇراخان ئاپىسىنىڭ ۋەسىيەت ئورنىدا كۈچلۈك ئۆتۈنۈش ۋە ئۈمىد بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىدىن ئۆز ھالىدىن كۆرە ئاپىسىنىڭ ئازابىغا چىداپ تۇرالمىدى-دە، ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە ياخشى بىر ئائىلە ئايالى بولۇش ئۈچۈن كۆرمىگەن كۈنى، تارتمىغان خورلۇق، ئازابلىرى قالمىدى. قىسقىسى بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاز بەدەل تۆلىمىدى. ئەگەر ئۇنىڭغا قايتا ياتلىق بولۇش پىكرىنى ئاپىسىدىن باشقا بىرەر ئادەم دەپ قالغان بولسا، تۇراخاننىڭ ئۇنىڭغا دەيدىغان بىرمۇنچە گەپلىرى بار ئىدى. بىراق بۇ گەپنى ھازىر ئۇنىڭغا بىردىنبىر يېقىنى، قۇياشى بولغان ئاپىسى ئېيتىۋاتاتتى. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك، ئۇ مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاپىسىنىڭ دىلى چېكىلىدىغان ھەرقانداق ئىش ۋە گەپنى قىلىشنى خالىمايتتى. شۇ تاپتا ئاپىسى ئۈچۈن جان بېرىشكىمۇ رازى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئاپىسىنىڭ لەۋزى ئۈچۈن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

— بولىدۇ ئاپا، سەنلا رازى بولىدىغان ئىش بولسا خۇدا ئالدىدا ۋەدە بېرەي، ھەرقانداق ئىشقا مەن تەييار، — دېدى قەتئىي قىلىپ.

كۈندىن-كۈنگە كېسىلى ئېغىرلىشىپ ھاياتىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىۋاتقان ئانا قىزىنىڭ ۋەدىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن ئۇرۇق-تۇغقانلارغا تۇراخاننىڭ ئىشىنى سۆزلەپ، ئۇلارنىڭمۇ قىزىغا ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈندى. ئاپىسىنىڭ بۇ ئىشى تۇراخاننىڭ دىتىغا زادىلا ياقمىسىمۇ ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ قارشىلىق بىلدۈرمىدى، ئۇ كۈنلىرىنى سائەت ئىستىرىلكىسىدەك ئايلىنىپ داۋام قىلىدىغان ئۆي ئىشلىرىغا بەنت بولۇپ، غەم-ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىرەم بىر تۇغقىنى ئاپىسىنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ ئادەم ئانا بىلەن ئۇزۇندىن-ئۇزۇن مۇڭداشتى. تۇراخان ئۇلارنىڭ نېمىلەر ئۈستىدە سۆزلەشكەنلىكىگە ئانچە ئېرەن قىلىپمۇ كەتمىدى. پەقەت مېھمان كەتكەندىن كېيىنلا ئۇ ئادەمنىڭ تۇراخانغا ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتى. بۇنى ئاڭلاپ تۇراخاننىڭ ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى.

— قىزىم، بۇرۇنقى توي ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسىدە مەن سېنىڭ رايىڭغا باقاندىم. ئەمدى بۇ قېتىم مېنى رازى بولسۇن دېسەڭ مېنىڭ رايىمغا باق. ھېلىمنىياز ھاجى ياشقا چوڭ بولسىمۇ، يۇرت ئىچىدە ھۆرمىتى بار، خۇدا يولىدا بىر ئوبدان ھەج پەرزىنىمۇ ئادا قىلغان ئادەم. ئاياللار شۇنداق ئادەملەرنىڭ تەرىتىگە سۇ بېرىپ، خىزمىتىنى قىلىپ دۇئاسىنى ئالسا بۇنىڭ ساۋابى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، — دېدى پەس ئاۋازدا، ئاندىن يەنە، — ئۇ ئادەمنىڭ ئون بالىسى بار. ھەممىسىنى ئۆي-ئوچاقلىق قىلىپ بولغان، ئۇ سېنى تۇغمىدى دەپمۇ خورلىمايدۇ. خۇدا بۇيرۇسا تۇرمۇشۇڭ ياخشى

uyghurkitap.com

ئۆتىدۇ، — دېدى ھارغىن ھالدا.

تۇراخان ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپلا قالدى. نېمدەپ جاۋاب بېرىشىنىمۇ بىلەلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارنى كۆرگەن ئانىنىڭمۇ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. تۇراخان ئاپىسىنىڭ جاۋاب كۈتۈپ تەلمۈرۈپ تۇرغان جانسىز، بىچارە ھالەتتىكى كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇشقا چىدىيالماي بېشىنى يانغا بۇرۇۋالدى. ئاپىسى ئېيتقاندەك ئىلگىرىكى توي ئىشلىرىدا ھەممە ئىش تۇراخانىنىڭ ئىختىيارىغا قويۇلغانىدى. بىراق ھەممىسىدىلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، بەختى تەتۈر كەلدى. ئۇ ھەر قېتىم ئاجرىشىپ دەرد-ھەسرەتتە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئۆيدىكىلەر تۇراخاننى ئاياپ ئۇ ئىشلارنى قايتا تىلغا ئالمىدى. ئەكسىنچە ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ، تەسەللى بېرىپلا كەلدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى ئاپىسى تىلغا ئېلىپ قالدى. ئەگەر ئۇ شۇ تاپتا ياق، بولمايدۇ، دەپ ئاپىسىنىڭ لەۋزىنى يەردە قويسا، سەكراتتا ياتقان ئاپىسىنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە كۈن ئىلگىرىلا ئاپىسىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ياش تۆككىنىچە «ئەگەر سەن رازى بولىدىغانلا ئىش بولسا مەن تەييار» دەپ بەرگەن ۋەدىسىمۇ ئېسىدە ئىدى. شۇڭا تۇراخان ئاخىرى شۇ بىچارە نىمجان ئاپىسىنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدى ۋە تەلىپىنى دەپ ئامالسىز ھالدا ھېلىمنىياز ھاجىنى كۆرمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ بولىدۇ، يا بولمايدۇ دېيىشىمۇ بەرىبىر ھاجەتسىز ئىدى. ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان، كىچىككىنە ۋاقتىدىن بېقىپ چوڭ قىلىپ، ھەممە دەرد-ئەلەملىرىنى تەڭ تارتقان ئاپىسىنىڭ كۆڭۈل رايى، ئۈمىدى بويىچە يەنە بىر نۆۋەت زور بەدەل تۆلەشكە، قۇربان بېرىشكە تەييارلاندى. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئاپىسىنى بۇ ئالەمدىمۇ، كېيىنكى ئالەمدىمۇ خاتىرجەم قىلماقچى بولدى.

تۇراخان توي خېتى ئالغىلى بارغاندا ھېلىمنىياز ھاجىنى بىرىنچى قېتىم كۆردى-دە، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كەتتى. يەتمىش ياشقا بېرىپ قالغان ئاتىسى دېمەتلىك بۇ ئادەم ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا ئېگىز بوي كۆرۈنەتتى. ئورۇقلۇقتىن مەڭز سۆڭەكلىرى تومپىيىپ چىققان بولۇپ، ئۆچكىنىڭكىدەك بىر تۇتامچە ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. يول ماڭسا ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك، يەرنى ئاياپ دەسسەپ ئارانلا ماڭاتتى. تۇراخان ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن يىرگەنگەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ بىلىندۈرمىدى. دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۈن-تىنسىز خەت ئالدى.

شۇنداق قىلىپ تەقدىرنىڭ شامىلى تۇراخاننى ھېلىمنىياز ھاجىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن ئاپىسى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئاپىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. ئىلگىرى ھەرقانداق ئېغىر ئازابلارغا مۇپتىلا بولسىمۇ، پەقەت ئاپىسى يېنىدا بولسىلا كۆڭلى تەسەللى تاپاتتى. ئاپىسى بىلەن قانغۇچە

مۇڭدىشۇالسا ئىچى بوشاپ، كۆڭلى ئېچىلىپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. مانا ئەمدى ئۇ كۆڭلىگە تەسەللى، دەرد-ئازابلىرىغا شىپالىق بېرىدىغان بىردىنبىر يۆلەنچۈكى — ئاپىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ ئەمدى دەرد-ئەلەملىرىنى بۇ دۇنيادا كىملەرگىمۇ سۆزلەپ بېرەر، كىملەر بىلەن مۇڭدىشىپ مىسكىن كۆڭلىگە تەسەللى تاپار؟ تولا يىغلاپ تۇراخاننىڭ ياشلىرىمۇ قۇرۇپ كەتتى. لېكىن ئادەم دېگەن شۇنداق چىدامىلىق بولىدىكەن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ بارا-بارا بۇنىڭغىمۇ سەۋرى قىلىپ پەسكويغا چۈشتى. ئۇ ئەمدى بارلىق قايغۇ، ئازابلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، كۈنلىرىنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش ۋە ئۆيىنىڭ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىغا مەلىكە بولۇش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ بۇرۇن قاۋۇل بىلەن توي قىلغاندا ناماز ئۆتەپ خۇدادىن بالا بېرىشنى تىلىگەنىدى، قاۋۇلدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ناماز ئوقۇشنىمۇ تاشلىۋەتكەنىدى. ھازىر بولسا ئۇ بىر ھاجىمغا خوتۇن بولۇپ قالدى. «نەگە بارساڭ شۇ جاينىڭ ناخشىسىنى ئېيت» دېگەندەك، ھاجىمغا خوتۇن بولغان ئادەم ناماز ئوقۇمىسا قانداق بولىدۇ؟ تۇراخان بۇ ئۆيگە كەلگەن كۈندىن باشلاپلا بېشىغا ئاق لېچەك سېلىپ خۇددى بۇۋۇملەردەك بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلماي ئوقۇدى. ئۇ ھەر بىر نامىزىنىڭ ئاخىرىدا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن دۇئا قىلاتتى. ئۇ ئەمدى خۇدادىن ئۆزىگە بالا بېرىشنى تىلەپ ئەمەس، ئاپىسىنىڭ روھىغا جەننەتتىن ئورۇن بېرىشنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى.

تۇراخان كونا-ئايلارنى ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغلىرىدا بىردىنلا ئۇنىڭدا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئەھۋال يۈز بېرىپ، مىجەزى تاسادىپىي ئۆزگىرىپ قالدى. ئۇ دوختۇرغا كۆرۈنۈۋىدى، دوختۇر ئۇنىڭغا ھازىر يادىغا كەلمەيدىغان، ئەمما بۇرۇن شۇنچە كۆپ سەۋەبلەرنى قىلىپمۇ ئېرىشەلمىگەن بىر ئىشنى ئېيتىپ ئۇنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇۋەتتى. تۇراخان ھامىلدار بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇ ئىشتىن ھەم خۇشال ھەم ھەيران بولدى. ئۇنى يا ئاپىسىنىڭ ھايات چاغدىكى دۇئالىرى، پاك روھى يۆلىدىمۇ، يا خۇدانىڭ نەزەرى چۈشۈپ ئىلتىپاتى كېلىپ قالدىمۇ، يا بولمىسا ھېلىمنىياز ھاجىنىڭ باشقا ئەرلەرگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر ئارتۇقچىلىقى بارمۇ؟ تۇراخان ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئۆتكەنكىلەر «خۇدانىڭ تەقدىرىسىز قىل تەۋرىمەس» دەپتىكەن. بەلكىم مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن قىسمەتلەرمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغاندۇ. بولمىسا مېنىڭ شۇنداق ياش چاغلىرىم بالا تەشنالىقىدا بىھۇدە ئۆتۈپ، ئەمدىلىكتە مۇشۇ قېرىدىن بويۇمدا قالاتتىمۇ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە رەھمەتلىك ئاپىسىنىڭ كۆز يۇمۇشتىن بۇرۇن ئېيتقان «قىزىم، مەن ئەمدى خاتىرجەم كېتىدىغان بولدۇم، سەن ھاجىمنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلىپ دۇئاسىنى ئالساڭ خۇدا سېنىڭ كېيىنكى ئالەملىكىڭنى بېرىدۇ.» دېگەن سۆزى جاراڭلىغاندەك بولدى-دە، بىردىنلا ئاپىسىنىڭ روھىدىن قورۇنۇپ، ئەندىكىپ كەتتى. ئاللا ئىگەم مېنى كەچۈرگىن، رەھمەتلىك ئاپا مېنى كەچۈر، مەن تۆۋە قىلدىم.

بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ بولمىغۇر خىياللارنى قىلمايمەن، دەپ پىچىرلىدى. كۆڭلىدە بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز كۈنىگە شۈكۈر قىلىپ، ئاپىسىغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە ھېلىمنىياز ھاجىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىپ ئۆتۈشنى نىيەت قىلدى ۋە بۇرۇن ھېلىمنىياز ھاجىغا كۆڭلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن چىنىپ، ئۆچلۈك قىلىپ يانچە قاراپ كەلگەنلىكىگە تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلدى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ تۇراخاننى يىگىرمە يىلدىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگىنىگە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئاتا قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن تۇراخان ئۇنىڭغا نېمىلا قىلىپ بەرسە ئەرزىيتتى. تۇراخان ئەمدى ئۆزىنىڭ بۇرۇن نېمىشقا مۇشۇنداق ئويلاپ باقمىغانلىقىغا ئەپسۇسلاندى. ئەمدى بولسىمۇ ھاجىمنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلىپ، دۇئاسىنى ئالاي. بالامنى ئوبدان تەربىيلەپ قاتارغا قوشاي. ئۇ كەلگۈسىدە مۇشۇ ئۆينىڭ، ھاجىمنىڭ ۋە مېنىڭ چىرىغىمنى ياندۇرسۇن، مەنمۇ كېيىنكى ئۆمرۈمنى خاتىرجەم ئۆتكۈزەي، دەپ ئويلىدى ئۇ.

تۇراخان ئەنە شۇنداق ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ئەسلىمە، ئوي-خىياللارغا بەنت بولۇپ كېچىنىڭ نەۋاققا بارغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. پەقەت ئەتراپتىكى خورازلارنىڭ دەممۇ دەم چىللاشلىرىدىنلا تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغانلىقىنى بىلدى. ئېرى بەخۇدۇك ھالدا بولۇشىغا خورەك تارتىپ خار-خۇر، گاژ-گۇژ ئاۋازلارنى چىقىرىپ ئۇخلاۋاتاتتى. تۇراخان بۇ يېقىمسىز خورەك ئاۋازىدىن ئەمدى پەقەت بىزارلىق ھېس قىلمىدى. ئۇ ئېرىنىڭ پېرىم گەۋدىسى يوتقاننىڭ تېشىغا چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن ئاستا يېپىپ قويدى.

تۇراخان كۆزىنى يۇما-يۇمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھېلىمنىياز ھاجىمنىڭ تەرەتتىگە سۇ ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىمۇ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇدى. ئۇ كېچىدە تۈزۈك ئۇخلىمىغان بولسىمۇ روھى كۆتۈرەڭگۈ، كۆڭلى ئازادە ئىدى. چۈنكى ئۇ كېچىچە ھەممىنى ئويلاپ، كېيىنكى تۇرمۇشىنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ئېنىق بىر قارارغا كەلگەنىدى. ھاجىم مەسچىتتىن قايتىپ كىرىشىگە تۇراخان ئۇنىڭغا يېڭىدىن چاي دەملەپ ھالۋا ئېتىپ چاي بەردى. چايدىن كېيىن كىيىملىرىنى يۆتكەپ، قوشنىسى ئۆتكۈزگەن نەزىرگە كىردى. ئۆي ئىچىدە لىقمۇلىق ئولتۇرۇشقان ئاياللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تۇراخان بىلەن تىنىچ-ئامانلىق سوراشتى ۋە ئۇنى ئۆز يانلىرىغا چىقىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشتى. تۇراخان مېھمانلارنى قوزغاپ قويۇشتىن ئويلۇپ، پەگاغا يېقىنراقلا بىر يەرگە ئولتۇردى. بىردىنلا ئۆي ئىچىدىكى شاۋقۇنلۇق پاراڭلار بېسىقىپ ھەممىنىڭ دىققىتى تۇراخانغا مەركەزلەشتى. تۇراخان ئاياللارنىڭ ئاللىنېمىلەرنىدۇر دەپ كۇسۇرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چوقۇم ئۆزىنىڭ يوغىناپ قالغان قورسىقى ھەققىدە گەپ قىلىشىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدى. ئۇ بۇنىڭدىن بىر خىل ئىپتىخارلىق ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭمۇ باشقا ئاياللاردىن ھېچبىرى كەم ئەمەسلىكىنى، پات ئارىدا شۇلارغا ئوخشاش ئانا بولىدىغانلىقىنى ھەممىسىنىڭ بىلىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

شۇ ئارىدا داستىخان سېلىنىپ، نەزىرلىك چاي-تائاملار تارتىلدى. ساھىبخانىنىڭ «قېنى خوش، ئاددىي بولسىمۇ نەزىر ئېشىمىزغا ئېغىز تېگىشسىلە» دېگەن تەكەللۇپى بىلەن مېھمانلار ھورى چىقىپ تۇرغان مەززىلىك پولۇغا قول سېلىشتى. تۇراخان ئەمدىلا ئاشقا قول سېلىشىغا ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان سېمىز بىر ئايال بىركاپام ئاشنى ئاغزىغا سېلىپ چاينىغاچ:

— تۇراخان، مەن ئۆزلىرىنىڭ قورساق كۆتۈرۈپ قالغانلىرىنى كۆرۈپ پەك خۇش بولدۇم جۇمۇ، خۇدا ئۆزلىرىگە شەپقەت قىپتۇ، — دېدى بىر خىل يېقىنچىلىق بىلەن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكىلەر تەڭلا تۇراخانغا قارىدى. تۇراخان بېشىنى بوشقىنا لىڭشىتىپ، شۇنداق دېگەندەك قىلىپ كۆلۈپلا قويدى.

— لېكىنزە، — دېدى ھېلىقى ئايال بىر ئىشتىن ئەنسىرىگەندەك قىياپەتتە — ھازىر «پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى» دەيدىغان نەرسە بار، مېنىڭچە ئۇنى ئۆزلىرىمۇ بىلىلا، ھاجىمنىڭ ئون بالىسى بار. بۇنداقتا ھۆكۈمەت ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇشلىرىغا رۇخسەت قىلماسمىكىن ھەقىچان.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇراخانىنىڭ يۈرىكى جىغىندە قىلىپ قالدى. قولىدىكى ئەمدىلا تاۋاقتىن ئالغان ئاشمۇ داستىخانغا چېچىلىپ كەتتى. تۇراخان بويىدا قالغاندىن بېرى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلاپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ توغرىلىق ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ كۆڭلى بىر قىسما بولغان ھالدا: ھۆكۈمەت مېنىڭ تۇغۇشۇمغا راستىنلا رۇخسەت قىلماسمۇ؟ ئاھ خۇدا! بۇ ئالەمدە كېلىشمەسلىكلا بولسا ماڭا كېلەمدۇ؟ باشقىلار نەچچە-نەچچىلەپ ھەتتا جۈپلەپ-جۈپلەپمۇ تۇغۇۋاتىدىغۇ؟ ھاجىمنىڭ ئون بالىسى بولسا نېمە بوپتۇ، يا ئۇلارنى مەن تۇغمىسام، بۇرۇن تۇغماسلىقنىڭ دەردىنى تارتتىم. ئەمدىزە مەن تۇغماقچى بولسام بۇ نېمە كېلىشمەسلىكتۇ؟ شۇنچە نۇرغۇن ئادەملەر سىغقان بۇ زېمىنغا مېنىڭ بىر تال بالام سىغماسمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۆي ئىگىسى ئۇنى قايتا-قايتا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ گېلىدىن بىر يۇتۇم چايمۇ ئۆتمىدى.

— بۇ گەپلەرگە ئۇنچە ئازابلىنىپمۇ كەتمىسىلە تۇراخان، — دېدى ئۇنىڭ يەنە بىر يېنىدا ئولتۇرغان ياش ئايال تۇراخانىنىڭ ئۆڭۈپ، تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ، — ئۆزلىرى ئاۋۋال كەنتنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل كادىرى سەلىمە بىلەن كۆرۈشۈپ باقسىلا، — دېدى مەسلىھەت بېرىپ.

— شۇنداق قىلسىلا، — دېدى يەنە بىر ئايالمۇ تۇراخانغا مەدەت بېرىپ، — «شەرىئەتنىڭ مىڭ بىر پۈتىقى بار» دېگەندەك، «پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى» نىڭمۇ ئۆز ئالدىغا بىز بىلمەيدىغان بىرمۇنچە قائىدىلىرى بار. سورۇشتۇرۇپ بىلىپ باققاننىڭ يامىنى يوق.

بۇ گەپلەردىن تۇراخان سەل ئۈمىدلەنگەندەك بولۇپ، كۆڭلى ئازراق ئەمىن تاپتى ۋە ھازىرلا بېرىپ پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل كادىرنى تېپىپ كۆرۈشۈشنى ئويلىدى.

تۇراخان نەزىردىن چىققان يېتى ئۇدۇللا سەلىمەنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇ ئۈچ مەھەللىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. سەلىمە كەنتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل كادىرى ھەم مۇشۇ كەنتنىڭ مەخسۇس تۇغۇت ئانىسى ئىدى. ئۇ تۇراخاننىڭ ئەھۋال چۈشەندۈرۈپ ئېيتقان گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— سىلىنىڭ ئەھۋاللىرى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىلى بۇرۇن بىرەمۇ باللىق بولمىغان، شۇڭا «پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر پەرزەنت كۆرۈشلىرىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ، سىلى بۇرۇن تۇغۇپ باقمىغان، شۇڭا بۇ ياشقا كەلگەندە تۇغۇت ئىشىدا دىققەت قىلماي بولمايدۇ. مۇنداق دېسەم باشقىچە ئويلاپ قالمىسىلا، مېنىڭ دېگىنىم، ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپتىن روھلۇق تۇتۇپ، ھامىلىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەكشۈرتۈپ تۇرسىلا، — دەپ تەكلىپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇراخاننىڭ غەمكىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— مەن ئۆزلىرىنىڭ ئىككىقات ئىكەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ بۇرۇنلا خۇشال بولغانىدىم. بۈگۈن ئۆزلىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇش بولۇپ كېتىۋاتىمەن، بۈگۈن ئالدىمغا كېلىپ قاپتىلا. ئۆزۈم بىر تەكشۈرۈپ قوياي، — سەلىمە شۇنداق دەپلا تۇراخاننى كاڭغا سېلىنغان كۆرپە ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قورساقلىرىنى تۇتۇپ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ كۆردى. ئاندىن، — بوۋاق ساغلام ئىكەن. خاتىرجەم بولسىلا، تۇغۇت ۋاقتىلىرىمۇ يېقىنلاپ قاپتۇ. مەن ئۆزلىرىگە ئاسانلىق تىلەيمەن، — دېدى خۇش‌خۇي ھالدا.

— ئۆزلىرىگە كۆپ رەھمەت، ئەمدى يۈرىكىممۇ جايىغا چۈشتى، — دېدى تۇراخان خۇددى ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك خۇشال بولۇپ. ئۇ سەلىمە بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە يول ئالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ يەڭگىل سېزەتتى. ھاۋا شۇنچە سوغۇق بولسىمۇ ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر قىلمىغاندەك، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە خۇددى باھار پەيزىگە چۆمۈلگەندەك سېزىلەتتى. ئۇ كېتىۋاتقاچ تېخى تۇغۇلمىغان بالىسىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاپ قالدى. خىيال ئېكرانىدا بالىسىنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولدى. ئەنە ئۇنىڭ بالىسى بىر توپ بالىلارغا قېتىلىپ ئويناپ يۈرمەكتە. ئۆزىنى «ئاپا، ئاپا» دەپ چاقىرماقتا. مۇرىسىگە بوخچا ئېسىپ مەكتەپكە ماڭماقتا، سىنىپتىكى رەت-رەت بالىلار ئارىسىدا ئولتۇرۇپ دەرس ئوقۇماقتا، ناخشا ئېيتماقتا. كەڭ مەيداندا گىمناستىكا، توپ ئويىنىماقتا.

تۇراخان ئەنە شۇنداق شېرىن خىيال، گۈزەل تەسەۋۋۇرلارغا ئەسىر بولۇپ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي قالدى. ھويلىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۆي ئىچىدىن كىملەرنىڭدۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇراخان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئۈستىبېشىنى تۈزەشتۈرگەچ ئۆي ئىچىدىكى ئاۋازلارغا دىققەت قىلدى. ئۇ دەماللىققا ئۇلارنىڭ نېمىلەر ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن بولسىمۇ، بۇ ئاۋازلاردىن سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭ ھېلىمنىياز ھاجىنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى،

تۇراخان ئۆيگە كىرمەكچى بولۇپ ئەمدى ئىشكىنى ئېچىشقا تەمشىلىشىگە ئۆي ئىچىدىن چىقىۋاتقان مۇنداق گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. بىرى:

— ئاتا، سەنمۇ ئۇبدانىراق ئويلاپ باققىن، بۇ خوتۇن تۇغسا قانداق بولىدۇ؟ — دېسە، يەنە بىرى:

— ئاكامنىڭ دېگىنى توغرا ئاتا، ساڭا بىز ئۇن بالىمۇ ئازلىق قىلىۋاتىمىزمۇ، يەنە بالىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — دېدى. يەنە بىرى:

— ھازىر «پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى» دەيدىغان قانۇن بار. ئۇن بالا تۇرۇپ يەنە تۇغسا ھۆكۈمەت جەرىمانە قويىدۇ، — دېدى.

تۇراخان ئۆي ئىچىدىكى گەپلەرنىڭ ئۆزى ئۈستىدە بولىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتى-دە، تۇرغان جايىدا بۇتتەك قېتىپلا قالدى. شېرىن خىيال، گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن تولغان قەلب دۇنياسىنى بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلغاندەك قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. بايىقى خۇشاللىقلىرى ئاللىقاياقلارغا غايىب بولۇپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن قولى بىلەن ئاستا تامنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۆزىنى سەل بېسۋېلىپ ئۆيدە بولۇۋاتقان گەپلەرگە قولاق سالدى.

— سەنمۇ تولا كاجلىق قىلما ئاتا، — دېدى بىرى ئاتىسىغا، — ئادەم بىر نېمە دېسىلا «ئۇنداق قىلسا يامان بولىدۇ، بۇنداق قىلسا گۇناھ بولىدۇ» دەپ تۇرۇۋالىدىكەنسەن. ھەممە ئادەملەرگە بولۇۋاتقان ئىشلار يالغۇز ساڭىلا بولامدۇ؟

— ئاتا، سەن ئاخىرقى ئۆمرۈڭدە بىزنىڭ دېگىنىمىزگە كىرگىن، — دېدى بالىلارنىڭ يەنە بىرى، — بىز ھازىرغىچە سېنى دەپ تاپقان-تەرگىنىمىزنى مۇشۇ ئۆيگە تىقىپ كەلدۇق. ئەمدىزە سېنىڭدىن كېيىن قالغاندا مۇشۇ ئۆيلەرگە، ئۆيدىكى ھەممە نەرسىگە شۇ خوتۇن بىلەن بالىسى ئىگە بولامدا؟! بىز ئەمدى سەن تۇتقان ئۆيلەرنى تۇتۇپ، ئاياغ ئىزلىرىڭنى كۆرۈپ، چىرىغىڭنى ياندۇرالمايمىزما؟ — دېدى ئاچچىقلاپ.

— راست ئاتا، ئۇ خوتۇن تۇغمىسىمۇ بولىدۇ، — دېدى كېلىنلەردىن بىرى، — ئەگەر يالغۇزلۇق تارتىپ قالدىكەنمەن دېسىلە، بىزنىڭ بالىلاردىن بىرى ئۆزلىرىنىڭ يېنىلىرىدا تۇرسىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، تۇغمىسا ئۇنى نەگە ئەپىرىدۇ؟ — دېدى ھېلىمنىياز ھاجى كېلىنىگە قاتتىق ئاچچىقلاپ.

— ۋۈي، دوختۇرخانىغا ئاپارسىلا ئېلىۋېتىدۇ، ئۇ چوڭ ئىش ئەمەس، — دېدى كېلىنى.

— شۇنداق قىلايلى ئاتا، مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ بالىنى ئالدۇرۇۋېتەيلى. قانچە چىقىم بولسىمۇ بىز بار، — دېدى ئوغۇللارنىڭ كىچىكى مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

— ياق، سىلەر مېنىڭ ئوغامنى تولا قايناتماڭلار، خۇدا ئاپىرىدە قىلغان بىر جاننى

ئۇنداق قىلسام خۇدانىڭ ئالدىغا بارغاندا قانداق جاۋاب بېرىمەن؟ — دېدى ھېلىمنىياز ھاجى چېچىلىپ.

— ئۇنداق بولسا بۇ خوتۇننى قويۇۋېتىڭ، ئاتا، — دېدى كىچىك ئوغۇل، — ئۆيگە باشقا مۇۋاپىق ئايال ئەكېلەيلى. ھازىر خوتۇن دېگەن تولا گەپ.

ھاجىم بۇ گەپكە جاۋاب قايتۇرمىدى. باللارنىڭ تۇشمۇ تۇشتىن قىستاپ-زورلاشلىرى ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

باللار ئاتىسىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن بىرىنىڭ ئاغزى بېسىلسا، بىرىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ يەنە خېلى ئۇزۇن گەپلەرنى قىلىشتى. تۇراخان ئەمدى ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇۋېرىشكە بەرداشلىق بېرەلمىدى ۋە ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. شۇ تاپتا نەگە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ھالەتتە غالدا-غۇلدۇڭ مېڭىپ، تەپچىسى يىغىۋېلىنغان بىر قۇرۇق ئېتىزلىققا كېلىپ ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. كۈن غەربكە قىيسايغانچە سوغۇقمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. بىراق قاتتىق سوغۇقمۇ، ئەتراپتىكى نەرسىلەرمۇ تۇراخانىنىڭ خىيالىغا كىرمەيتتى. ئۇنىڭ قەلبى دەرد-ئەلەم، ئازاب-ھەسرەتتىن ئۆرتىنەتتى. ئۇ بۇرۇن شۇنچە ئېغىر كۈنلەرنى، تۇرمۇشىدا ھەر قىسما كۆڭۈلسىزلىكلەرنى، قاتتىق خورلۇق، ئازابلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ ھاياتقا بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدىنى يوقاتماي ھەممىگە چىداپ ياشاپ كەلگەنىدى. ھېلىمنىياز ھاجىم بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئويلىمىغان يەردىن بويىدا قالدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئارزۇ-ئارمانلىرى، ئۈمىدلىرىنى بالىسىغا باغلىغانىدى. مانا ئويلىمىغان يەردىن يەنە بىر بەختسىزلىك ئۇنىڭ بېشىغا سايە تاشلاپ كەلدى. تۇراخانىنىڭ تەگدىن تولا ئۆمرى ئازاب-خورلۇق ئىچىدە ئۆتۈپ بۇ دۇنيانىڭ ياخشىلىقىنى تۈزۈككىنە كۆرەلمىدى. ئەمدى بولسا ئۇنىڭ بىردىن-بىر ئۈمىدى بولغان بالىسىمۇ تېخى تۇغۇلماي تۇرۇپلا ئۆز قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن خورلىنىشقا ئۇچراۋاتاتتى. ئۇلار تېخى ئۇنى قورساقتا تۇرغۇزۇپلا يوقاتماقچى بولۇۋاتاتتى. تۇراخان ھازىرلا بىرى بالىسىغا قول سالماقچى بولۇۋاتقاندەك ئەندىكىپ، ئىككى قولى بىلەن قورسىقىنى تۇتۇۋېلىپ: ياق، ياق، بالام مېنىڭ يۈرەك پارەم، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشىغا يول قويمايمەن، ئۇنىڭدا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. مەن ئۇنى چوقۇم يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇزۇپ قاتارغا قوشىمەن، دېدى ئۆز-ئۆزىگە. كەچ كىرىشكە باشلىدى. ئويان ئويلا، بۇ يان ئويلا تۇراخان ئاخىرى ئۆيگە بېرىش قارارىغا كەلدى. مەن ئۇلار بىلەن يۈز تۇرانە تۇرۇپ سۆزلىشىمەن. ئۇلارنىڭ مېنىڭ تۇغۇشۇمنى توسۇشقا نېمە ھەققى باركەن؟ ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. لېكىن بىر ئاز مېڭىپلا يەنە توختاپ قالدى. ياق، ئەمدى بۇ ئۆيگە كىرسەم بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇغۇشۇمغا قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقى بىر گەپ، ئۇلار تۇغۇلمىغان بالىنى ھېلىتىنلا بۇنچە يامان كۆرۈۋاتسا، تىنچ-ئامان تۇغۇلغان تەقدىردىمۇ ئۇ مۇشۇ ئۆيدە قانچىلىك

كۈن كۆرەر. مەن بالامنى ھەرگز ئۇلارغا خار قلدۇرمايمەن. ھەرگزمۇ ئۇلارنىڭ قولغا قاراتمايمەن، ئۇ شۇلارنى كۆڭلدىن ئۆتكۈزدى-دە، يەنە كەينگە يۇرۇلۇپ ئۈدۈل ئاكسىنىڭ ئۆيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

تۇراخان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بولغان ئىشلارنى دەسلەپتە ئاكسىغىمۇ يەڭگىسىگىمۇ، دېمىدى. ئىككىنچى كۈنى ئۇلار تۇراخاننىڭ روھىي ھالىتىدىكى غەمكىنلىكنى سېزىپ، ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولغانلىقنى پەرەز قىلىپ، نېمە ئىش بولغانلىقنى سورىدى. تۇراخان ئۆيدە ئاڭلىغان گەپلەرنى ئۇلارغا بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ يېنىپ كېلىشىدىكى مەقسىتىنى ئېيتىپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچ-ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئازابلىق يىغىسى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى.

— نېمىدېگەن يولسىزلىق بۇ، ۋوي ئادەم ئەمەس ئىنسابسىز ھايۋانلار، — دېدى تۇرسۇن ئاچچىقى بىلەن ۋارقىراپ. ئاندىن تۇراخانغا قاراپ، — سىزنىڭ ئۆيگە يېنىپ كەلگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ. بىز بىرگە ئولتۇرىمىز. مەن سىزنى ھەرگز يەرگە قاراتمايمەن، ھېچكىمنىڭ بوزەك قىلىشىغىمۇ يول قويمايمەن، ئاتام، ئاپام بولمىغان بىلەن سىزگە ئىگە بولىدىغان مانا مەن بار. سىزنى ئەمدى ئۇنداق نائىنسابلارنىڭ ئۆيگە ھەرگزمۇ بارغۇزمايمەن. يامان بولسا ئۇلار كېلىپ باقسۇنچۇ قېنى، — دېدى غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، تۇرسۇننىڭ ئايالىمۇ تۇراخانغا تەسەللىي بولىدىغان بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېلىمنىياز ھاجى كېگىز-كۆرپە سېلىنغان ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ دەرۋازا ئالدىدا پەيدا بولدى. تۇرسۇن تۇراخانغا ئۆيدىن چىقماسلىقنى بۇيرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى سۆزلەشمەكچى بولۇپ قورۇغا چىقتى. بۇ ۋاقىتتا ھېلىمنىياز ھاجىمۇ قورۇغا كىرىپ كەلگەنىدى. تۇرسۇن قىلچە يۈز-خاتىرە قىلماي ئۇنىڭ ئالدىنى توساپ تۇرۇپ، نېمە ئىشقا كەلگەنلىكىنى سورىدى. ئۇ سەل تۇرۇپ قېلىپ، دۇدۇقلىغىنىچە تۇراخاننى ئىزلەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. تۇرسۇن ئاتىسى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بۇ ئادەمنى ئاياپ تۇرمايلا ئۇلارنىڭ ئۆيدە بولۇنغان گەپلەرنى بىرمۇبىر ئۇنىڭ يۈزىگە سالدى. غەزەپ-نەپرەت، ئاچچىق بىلەن ئېيتىلغان بۇ گەپلەردىن قېرى كۈيئوغۇل ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي سالپىيىپلا كەتتى. تۇرسۇننىڭ چىرايى تولىمۇ سۈرلۈك تۈس ئالغان بولۇپ، ئەلپازى يامان كۆرۈنەتتى. ھېلىمنىياز ھاجى نېمىنىدۇر چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ ئېغىز ئېچىشقا تەمشىلىۋىدى، سۆزلەشكە قويمىدى. ئۇ ئاچچىقى بىلەن قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— مەن گەپىڭنى ئۇچۇقىنى دەپ قوياي، سىڭلىم ئەمدى ئۇ ئۆيگە ھەرگز بارمايدۇ. بىر ئېغىز گەپ قىل، سىڭلىمنىڭ خېتىنى بېرەمسەن-يوق؟ — دېدى ئاچچىقتىن ۋارقىراپ.

— ياق... ياق... ئۇنداقتا قانداق بولار تۇرسۇنئاخۇن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نېمىسى قانداق بولغۇدەك، سىلەر ئاتا-بالا ھەممىڭ بىر بولۇپ نېمە دېسەڭلا، نېمە قىلساڭلا بولىدىكەنيۇ، بىز خېتىنى ئېلىۋالساق بولمامدىكەن؟
— تۇرسۇن... تۇرسۇناخۇن، بۇنى ئۇيلاپراق بىر ئىش قىلساق قانداق؟...
— يەنە ئۇيلايدىغان نېمىسى قالدى بۇنىڭ؟ — دېدى تۇرسۇن زەردە بىلەن— مەن سىلىگە ئېيتىپ قوياي، سىڭلىمنىڭ خېتىنى ھامان ئالماي قويمايمەن. مەن سىلەرگە جېنىمنى تىكىپ قويدۇم! — دېدى مەيدىسىگە مۇشتلىغىنىچە. ھېلىمنىياز ھاجى ئارتۇق گەپ قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئاۋاق يۈزلىرىنىڭ قېنى قېچىپ مورددىدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ تۇرسۇننىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىگە، ئۆزىنى ھازىرلا بىر نەرسە قىلىۋېتىدىغاندەك سۈرلۈك ئەلپازىغا قورقۇمسىراش ئىچىدە بىر قاراپ قويدى-دە، بۇرۇلۇپ تالاغا ماڭدى.
— بىلىپ قوي، قالغان گەپلەرنى قانۇننىڭ ئالدىغا بارغاندا دېيىشىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بوسۇغامغا دەسسىگۈچى بولما! — دېدى تۇرسۇن ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ.
ھاجىم بىر ئېغىزمۇ گەپ ياندۇرماي، ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرىگىنىچە دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇمرىدە بۇنداق قاتتىق ئاھانەتكە ئۇچراپ باقمىغانىدى. ئادەتتە كىشىلەر ئۇنى «ھاجىكا، ھاجىم» دەپ ئالاھىدە ئىززەت قىلاتتى. لېكىن تۇرسۇن بۈگۈن ئۇنىڭغا قىلچە يۈز-خاتىرە قىلماي، قاتتىق تەگدى، بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلدى.
تۇراخان ئۆي ئىچىدە ئولتۇرۇپ سىرتتىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۆزىگە كەلگەن دەرد-ئەلەمگە يىغلاۋاتامدۇ، يا ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە ئاتىدارچىلىق قىلغىنىدىن يىغلاۋاتامدۇ، يا بولمىسا ھېلىمنىياز ھاجىغا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاۋاتامدۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. تۇراخان ئارىدىن بىرنەچچە كۈننى ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ئادەمدەك قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەي ئۆتكۈزدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تەقدىرنىڭ بۇ قىسمىتىگىمۇ كۆنۈپ قالدى.
ئارىدىن ئۇن نەچچە كۈن ئۆتكەندە بىر ئايال قوشنىسى تۇراخاننى يوقلاپ كەلدى. ئۇ قائىدە-يوسۇنلۇق، كۆڭلى ياخشى ئايال ئىدى. تۇراخان بۇ قوشنىسى بىلەن بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك قويۇق كىرىش-چىقىش قىلىپ ياخشى ئۆتكەنىدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن ھال-مۇڭ قىلىشتى. قوشنىسىمۇ تۇراخاننىڭ ئىشىدىن ئازراق خەۋەر تاپقانىدى. تۇراخان ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەردلىرىنى قوشنىسىغا بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ ئەمدى ھاجىمنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا پەقەتلا رايى يوقلۇقىنى ئېيتتى. قوشنىسى تۇراخاننىڭ دەرد-ھالىنى ئاڭلاپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بولىدىغان گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلىنى ياساپ قويدى. ئەسلىدە بۇ ئايال تۇراخاننى يوقلىغاچ، ئۇنىڭ قايتىپ كېتىشكە رايى بار-يوقلىقىنى تىڭ-تىڭلاپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئەمدى ئۇ ئۆيگە قايتىش رايى يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن بۇ ھەقتە ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن قوشنىسى قايتىشقا تەمشىلىۋېتىپ، ھاجىمنىڭ ھاۋالىسى بىلەن تۇراخاننىڭ بىرنەچچە قۇر كىيىمنى ئالغاچ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە يانچۇقىدىن ئىككى يۈز كوي پۇلنى چىقىرىپ:

— بۇ پۇلنى ھاجىم ئۆزلىرىگە ئەۋەتتى، ئېلىپ قويسىلا، — دەپ تۇراخاننىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. تۇراخان ئالدىراپ پۇلنى چىقىرىپ ئايالغا ئۇزاتقىنىچە:

— كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن، كىيىملىرىنى ئېلىپ قالاي، ئەمما بۇ پۇلنى ئېلىپ قالالمايمەن، خاپا بولماي ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرسىلە، — دەپ پۇلنى زورمۇ زور تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇ تۇراخانغا خېلى نەسىھەت قىلىپ باققان بولسىمۇ تۇراخان پۇلنى ئېلىشنى قەتئىي رەت قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ، — ماڭا ئەمدى ئۇ ئۆينىڭ ھېچنېمىسى كېرەك ئەمەس، يوقسىزلىقتىن ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئۇلارنىڭ نەرسىسىگە كۆز قىرىمنى سالمايمەن، — دېدى.

تۇراخاننىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ، قورسىقىدىكى مۆجىزە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئۇ پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇنىڭدىن تۇراخان قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتتى. بالا ئىشقىدا پارە-پارە بولغان يۈرىكى يايراپ، تۇغۇت جەريانىدىكى ئاچچىق تولغاق ئازابلىرىنىمۇ بىراقلا ئۇنتۇپ كەتتى. يېڭى بىر جاننىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن تۇراخاننىڭ ئاكىسى، يەڭگىسى ۋە ئۇلارنىڭ باللىرىمۇ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كېتىشتى. بالىلارىيېڭى بىر جانغا قىزىقىش بىلەن خۇشال بولسا، ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى بالىنىڭ ئوغۇل بولغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ تۆت بالىسىنىڭ ھەممىسى قىز بولغاچقا، بىرەر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇشنى بەكلا ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى بۇ ئائىلىدىمۇ بىر ئوغۇل بالا بار بولدى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن خۇشاللىق ئىدى. بوۋاق تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۇنىڭغا قانداق ئىسىم قويۇش ھەققىدە تالاش-تارتىش باشلاندى. بىرلىرى «جۇرئەت» دېسە، بىرلىرى «سۇرئەت»، يەنە بىرى «ئادىل» دېسە، يەنە بىرلىرى «ئالىم» دەپ تالاشتى. بىراق بوۋاقنىڭ ئىسمى تۇراخاننىڭ تەلىپى بويىچە «توختى» بولدى. توققۇز كۈندىن كېيىن تۇرسۇن ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىنى ۋە مەھەللىدىكى جامائەتنى چاقىرىپ چاي بېرىپ، بوۋاقنىڭ بۆشۈك تويى مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى.

كىچىككىنە توختى بۇ ئۆينىڭ چىرىغى ئىدى. قالغان چوڭ-كىچىك ھەممىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى. ئۇنى قولدىن-قولغا ئېلىپ تالىشىپ كۆتۈرۈشەتتى. تۇراخان ئۇزۇنراق ئۇخلاپ قالسام بالىغا بىرەر ئىش بولۇپ قالارمۇ، دەپ دىلغۇل بولۇپ كېچىلىرى تۈزۈك ئۇخلىيالمايتتى. بالىسى ئۇزۇنراق ئۇخلىسىمۇ ئەنسىرەپ ھولۇقۇپ كېتەتتى-دە، بالىسىنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى سىلاپ ئويغىتىۋەتمەكچى بولاتتى. بۇنداق چاغدا يەڭگىسى ئۇنىڭغا «بالا ئۇخلىغانغا نېمە بولاتتى. ‹بوۋاق ئۇخلاپ چوڭ بولىدۇ، قاپاق ساڭگىلاپ› دېگەن گەپ بار. ئۇنداق قىلسىڭىز بالا يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ» دەپ نەسىھەت

قىلاتتى. بەزى ئۇيقۇسىز كېچىلەردە تۇراخان ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى ئازابلىق، ئاچچىق كەچمىشلىرىنى ئەسلەپمۇ قالاتتى. ئۇ ئىشلار يادىغا يەتسىلا يۈرىكى ئېچىشاتتى. بىراق كۆزى يېنىدا ياتقان ئوماق قوزىسىغا چۈشۈشى بىلەنلا قەلبىدىكى ئازابلىرى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ ھەممىسىنى ئۇنتۇيتتى. ئۇ ئوغلىغا ئۇزۇن-ئۇزۇن قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بەزىدە ئۇنى كىملەرگىدۇر ئوخشاتقۇسى كېلەتتى. بالىسىنىڭ بىر جايلىرىنى رەھمەتلىك ئاتىسىغا، بىرجايلىرىنى بولسا رەھمەتلىك ئاپىسىغا ئوخشىتاتتى. كۆڭلىدىمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ ھەرگىزمۇ ھېلىمنىياز ھاجى ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ بىرەرىگە ئوخشاپ قېلىشىنى خالىمايتتى. نەچچە كۈن ئاۋۋال ئۇنىڭ تۇغۇتىنى يوقلاپ كىرگەن بىر قېرى مەزلۇم بوۋاققا قاراپ: «نېمىدېگەن چىرايلىق بالا بۇ، چوڭ بولسا ھاجىمنىڭ ئۆزى بولغۇدەك» دېۋىدى، تۇراخان ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئۇنى شۇ ھامانلا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكۈسى كەلگەنىدى.

كۈنلەر ئۆتۈۋېرىدىكەن. ئۇنىڭ كىملەرنىڭ خۇش بولۇشى، كىملەرنىڭ ئازابلىنىپ قايغۇرۇشى بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىكەن. ۋاقىت پەقەت ئىنسانلارغا ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، يېڭى قىسمەت، يېڭى-يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدىكەن. ئويلىمىغان يەردىن بىر كۈنى ھېلىمنىياز ھاجى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئىشىك ئالدىدا يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. تۇرسۇن بۇرۇن ئېيتقىنى بويىچە ئۇنى دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىدىنمۇ ئاتلاتقۇزمىدى. ئۇ تۇرسۇنغا ئۆز بالىسىنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش تەلىپىنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ تۇرسۇن ئۇنىڭغا قىلچە يۈز-خاتىرە قىلمىدى. ھېلىمنىياز ھاجى جامائەت ئىچىدە يۈز-ئابرويى بار ئىمام-ئاخۇنۇملارنىمۇ ئارىغا سالدى. ئۇلار خۇدا ۋە شەرىئەتنى شىپى كەلتۈرۈپ يارىشىپ قېلىش ھەققىدە بىرمۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، تۇراخان بىلەن ئاكىسى ئۆزلىرىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ قەتئىي ئۇنىمىدى.

شۇنداق قىلىپ ئارىدا ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. تۇراخانمۇ ئاجرىشىپ كېتەلمىدى. توختى بولسا تۇراخان ۋە مۇشۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ بېقىشى بىلەن ساق-سالامەت ۋە تېمەن چوڭ بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ مىقىقىدە كەلگەن يۈزلىرى، قاپقارا قاش، ئۇزۇن-قويۇق كىرپىكلىرى ئاستىدىكى چوڭ-چوڭ دۈگىلەك كۆزلىرىدىن چېچەن ۋە زېرەكلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كېلەتتى. توختى تۇراخان ئارزۇ قىلغاندەك قاۋۇلنىڭ ئوغلىدىنمۇ چىرايلىقلىراق ئىدى. تۇراخان بۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنەتتى ۋە پەخىرلىنەتتى. ئۇنى ئوغلىنىڭ بالىلارچە شوخ ھەرىكەتلىرى، يېقىملىق ئاۋازلىرى، تاتلىق-چۈچۈك قىلىقلىرى چەكسىز شادلىققا چۆمدۈرەتتى. تولا چاغلاردا بالىسى نېمە ئويۇننى ئوينىسا، ئۇمۇ كىچىك بالىدەك تەڭ شۇنى ئوينىشىپ بېرەتتى.

بىركۈنى تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ بىردىنلا بوران چىقىپ كەتتى. قاتتىق بوران ئۆگزىلەردىكى شاخ-شۇمبۇ، ئوت-چۆپلەرنى ئۇچۇرۇپ بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تېپىۋەتتى. بەزى ئائىلەرنىڭ توك سىملىرىنىمۇ ئۈزۈۋېتىپ كەتتى. بوران پەسىيگەندىن كېيىن

كشلەر توك سىمدىكى چاتاقلارنى ئوڭشاشقا كرىشتى. شۇ ئەسنادا قاۋۇلمۇ ھويلىسىدىن
چىقىپ ئۆز ئۆيىگە كېلىدىغان سىمغا قارىدى. قاۋۇلنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان سىم
تۇراخانلارنىڭ ھويلىسىدىكى تۇۋرۇككە چېتىلغان بولۇپ، ئۇلىغان جايىدىن ئاجراپ
كەتكەنىدى. قاۋۇل ئۇنى ئوڭشاپ قويماقچى بولۇپ، بىر خىل ئوڭايسىزلىق ئىچىدە
تۇراخاننىڭ ھويلىسىغا كىردى. بۇ چاغدا تۇراخان ھويلىسىدا بوران ئۆمۈلاخمان قىلىۋەتكەن
نەرسىلەرنى نېرى-بېرى قىلىۋاتاتتى. ئۇ قاۋۇلنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ
قالدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قىسقىلا تىنچلىق سوراشتى. قاۋۇلمۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئىشقا
كىرگەنلىكىنى ئېيتىپ تۇۋرۇك يېنىغا قاراپ ماڭدى.



تۇۋرۇككە شوتا قويمىسا چىققىلى بولمايتتى.
تۇراخان ھويلىنىڭ بىر چېتىدە يەرگە ياتقۇزۇپ
قويۇلغان شوتىنى قاۋۇلغا كۆرسىتىپ قويدى.
تۇراخان ئوغلىنىڭ شوتىغا ئېسىلىپ ئويناپ يىقىلىپ
كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى يەرگە ياتقۇزۇپ
قوياتتى، قاۋۇل شوتىنى كۆتۈرۈپ تۇۋرۇك تۈۋىگە
ئېلىپ كەلدى. شوتا ھەم ئۇزۇن ھەم سەل
قوپاللىراق بولغاچقا، ئۇنى يالغۇز ئادەم تىكلەش
بىر ئاز تەس ئىدى. ياردەملىشىدىغان باشقا
ئادەم بولمىغاچقا تۇراخان شوتىنىڭ بىر تەرىپىنى
تۇتۇشۇپ تۇۋرۇككە تىكلىشىپ بەردى. بىراق
شوتا تازا مۇستەھكەم تۇرماي قالدى. ئۇنىڭغا
ئادەم چىقسا يىقىلىپ چۈشۈش ئېھتىمالى بار
ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ قاۋۇل شوتىغا ياماشتى.
ئۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن تۇراخان شوتىنى دەرھال
چىڭ تۇتۇۋالدى. قاۋۇل تۇراخاننى ئاۋارە قىلىپ
قويغانلىقىغا خىجىل بولۇپ، كەينىگە قايرىلىپ
تۇراخانغا قاراپ قويدى. بۇ چاغدا تۇراخانمۇ
شوتىنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ تۇراتتى. تۇراخاننىڭ كۆزى قاۋۇلنىڭ
كۆزى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇنىڭ يۈزلىرى ۋۇللىدە قىزىرىپ كەتتى-دە، دەرھال يەرگە
قارىۋالدى. قاۋۇل توك سىمىنى ئوڭشاپ بولۇپ قايتىپ چۈشتى. تۇراخان يەنە شوتىنى
سىيرىپ چۈشۈرۈشۈپ بەردى. قاۋۇل شوتىنى جايىغا ئاپىرىپ قويۇپ تۇراخانغا
ئۆزرە-رەھمەت ئېيتىپ دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. تۇراخان ئەدەب-قائىدە يۈزىسىدىن
ئۇنى دەرۋازىغا ئۇزىتىپ چىقتى. دەرۋازا ئالدىدا ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ، سوقۇشقاق
توخۇدەك ھۆرپەيگىنىچە ئايشەم تۇراتتى. بۇ ئەلپازىدىن ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى

www.uyghurkitap.com



چۈشەنگەن قاۋۇلنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ھە، سەنمۇ چىققانىمدىڭ؟ توكنى ئۈگىشاپ بولدۇم، جۆر ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

— مەقسەت توكنى ئۈگىشاشلا ئەمەستۇ؟! — دېدى ئايشەم كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە.

— ھە، مەقسەت شۇ بولماي، نېمە بولاتتى ئەمىسە؟ گەپنى ئاز قىلىپ ئۆيگە ماڭ!

— گەپنى ئاز قىل؟ ھىم، سىلەر نېمە قىلساڭلار بولىدىكەنۇ، مەن گەپ قىلساممۇ بولمامدىكەن؟ ۋۇي نومۇسسىزلار!

— ئاغزىڭنى يۇم! — قاۋۇل قاتتىق ۋارقىرىدى.

— ۋۇي ئايشەمخان، ئاغزىلىرىغا بېقىپ گەپ قىلسىلا جۇمۇ، بۇ يەردە نومۇس قىلغۇدەك نېمە ئىش بوپتۇ زادى؟ — دېدى تۇراخان ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.

— سەن نومۇس قىلىشنى بىلەتتىڭمۇ، نومۇسنى بىلگەن بولساڭ يات ئەرلەرنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماي، بىر ئەر بىلەن ئۆتكەن بولاتتىڭ. قانداق، ئۇنداق ئەمەسمۇ-يا؟— ئايشەم شۇنداق دېگىنىچە تۇراخاننىڭ ئالدىغا ئېتىلدى. قاۋۇل ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ سىلكىشلىگىنىچە:

— ئاغزىڭنى يۇم دەيمەن! ۋۇي كاززاپ، بىر ياخشى ئادەمنى قارىلاشقا نېمە ھەققىڭ بار؟ ماڭ ئۆيگە كىر! — دېدى ئۇنى ئۆيگە سۆرەپ، بىراق خوتۇنىنىڭ ئەسەبىيلىكى قاتتىق تۇتقان بولۇپ، ئۇنىڭ گېپىگە كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— ياخشى ئادەممىش تېخى، — دېدى ئۇ قاۋۇلنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ، — ئۇ بۇزۇقنىڭ نەرى ساڭا شۇنچە ياراپ كەتتى؟

— كىم بۇزۇقكەن؟ دەپ باققىنا قېنى؟ — تۇراخانىڭمۇ تاقىتى تۈگەپ ئايشەمنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى.

— سەن بۇزۇق، ۋۇي بۇزۇق جالاپ!

— ئاغزىڭنى يۇم! ماڭ بېرى!

— يۇممايمەن، ماڭمايمەن، بۈگۈن مۇشۇ بۇزۇق بىلەن ئېلىشقىنىم ئېلىشقان!

— بولدى قىل دەۋاتىمەن! ماڭ ئۆيگە!

— مەن مۇشۇ بۇزۇقنىڭ گېپىنى قىلساملا، سەن ئۇنىڭغا چاپان ياپسەن، مېنى يەكلەيسەن، يا ئۇنى بۇرۇن قوييۇۋەتكىنىڭگە پۇشايمىنىڭ بارمۇ سېنىڭ؟ — ئايشەم شۇنداق دېگىنىچە ئېرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. قاۋۇل ئاچچىقى بىلەن بىر ئىتتىرىۋېدى، ئايشەم ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى.

— ئۇرە، ئۇر، سەن ئاشۇ بۇزۇقنى دەپ مېنى ئۇردۇڭ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت، سەن بۈگۈن يا شۇ بۇزۇققا تۇرسەن، يا ماڭا!

ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ئاڭلىغان قوشنىلار چىقىپ خېلى كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلىپ

ئاجراتقان بولسىمۇ، ئايشەم جاھىللىق قىلىپ زادىلا ئۇنىمىدى. ئاقكۆڭۈل، باغرى يۇمشاق قاۋۇلنىڭ بۇ سەتچىلىككە پەقەتلا چىدىغۇچىلىكى قالمىدى-دە، ئايشەمنىڭ توختىماي تىل ياغدۇرۇۋاتقان ئاغزىغا بىرنەچچە كاچات ئۇرۇۋەتتى. قوشنىلار قاۋۇلنى تۇتۇۋالدى. يەنە بىر نەچچە ئايال بولسا ئاغزى-بۇرنىدىن قان كەتكەن ئايشەمنى يۆلەپ، ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۆيگە سۆرەشتۈرۈپ دېگۈدەك ئېلىپ كىرىپ كەتتى. بۇ ئىزا-ئاھانەتتىن ئاسمانغا چىقىپ كېتەي دېسە ئاسمان ئېگىز، يەرگە كىرىپ كېتەي دېسە يەر قاتتىق بولۇپ ئۆلگۈدەك ھالغا يېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرغان تۇراخاننى ئېتىزدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن يەڭگىسى يۆلەشتۈرۈپ ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئايشەمنىڭ ئاغزى بېسىلمىدى. ئۇ قاۋۇل بىلەن تۇراخاننى ئېغىزغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن تىللاپ، ھارغاندىن كېيىن كىيىم-كېچەكلىرى قاچىلانغان بىر كىچىك چامادانني كۆتۈرگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەلدى.

— سىڭلىم، بۇ قىلغانلىرى بولمىدى، بۇ كېچىدە نەگە بارىلا؟ ھەرقانداق گەپ بولسا ئەتە چىرايلىقچە دېيىشەيلى، ماڭسىلا، ئۆيگە كىرىپ كەتسىلە، — دېدى قوشنىلاردىن بىرى ئايشەمنىڭ ئالدىنى توساپ.

— ياق، مېنى تۇتمىسىلا، مەن كېتىمەن دېدىم كېتىمەن! — ئايشەم ۋارقىرىغىنىچە چامادانني سىلكىپ تارتتى.

قوشنىلار شۇنچە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ئايشەم پەقەت كۆنمىدى. خوتۇنىنىڭ بۇ ئەلپازىدىن غەزىپى يەنە قايناپ تاشقان قاۋۇل ئاچچىقى بىلەن:

— بولدى توسىماڭلار! نەگە كەتسە كەتسۇن! — دېدى ۋارقىراپ.

— كېتىمەن، قالدى ئەنە گۆرۈڭ بىلەن ئۈچ كۈچۈكۈڭ! — ئايشەم يىغلىغىنىچە كېتىپ قالدى.

قاۋۇل دەرۋازا ئالدىدا بىر ھازاغىچە تۇرۇپ كەتتى. ئۇ تۇغۇلۇپ مۇشۇنچە بولغىچە بىرەر ئادەم بىلەن ئۇرۇشۇپ جېدەللىشىپ باققان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئايشەم بىلەن توي قىلغان ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئۆيدە ھەرقانچە ئاچچىقلىنىدىغان ئىشلار بولسىمۇ قاۋۇل ئېغىر-بېسىقلىق قىلىپ كەلگەنىدى. ئەمما بۈگۈن خوتۇنىنىڭ قىلغان سەتچىلىكىگە زادىلا چىداپ تۇرالماي ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى.

كەچ كىردى، قاۋۇل يۇلتۇزسىز ئاسمانغا باققىنىچە خىيالغا كەتتى. تۇرۇپلا خوتۇنىغا سەل ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك ئەيىبلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قاۋۇلنىڭ ئۆيىنى ئۆي قىلىپ، ھەممە ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىردىن-بىر ئادەم شۇ ئىدى.

— ھەي ئەقىلسىز، قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ، — دېدى ئۇ ئايشەم كەتكەن كوچا تەرەپكە قاراپ.

قاۋۇل كۆڭلى غەش ھالدا ئاستا ئۆيگە كىردى. ئاپىسى ئورنىدا يېتىپ يىغلاۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

بالىلارمۇ ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ يىغلىشىۋاتاتتى. بۇ ھالەتنى كۆرۈپ قاۋۇلنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ باشقىچە بولۇپ كەتتى.

— ئۇنى نېمىشقا تۇتۇۋالماي كەتكۈزۈۋېتىسەن؟ — دېدى ئانا قاۋۇلغا ئاچچىقلاپ. قاۋۇل گەپ قىلمىدى.

— ئاھ بىچارە، مۇشۇنداق سوغۇق، قاراڭغۇ كېچىدە نەلەردىمۇ كېتىۋاتىدىغاندۇ؟ مالىك، ھازىر بېرىپ ئۇنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ ئەكىلىپ ماڭا كۆرسەت، — دېدى ئانا بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

ئىككى بالىسىمۇ ھەدەپ:

— ئاتا، ئاپامنى قايتۇرۇپ ئەكىلىۋالايلى، — دەپ چۇرقىرىشاتتى.

بۈگۈنكى سەتچىلىك تۇراخانغا تېخىمۇ قاتتىق ئەلەم قىلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپمۇ خېلىغىچە يىغىسىنى توختىتالمىدى. يەڭگىسى بىر مۇنچە تەسەللىلەرنى بەرگەندىن كېيىنلا ئاستا-ئاستا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. تۇراخاننىڭ ئاكىسى تۇرسۇننىڭ سامان ئالغىلى كېتىپ بۇ ئىش ئۈستىدە بولمىغىنىمۇ ياخشى بولدى. ئۇ تۇراخان ئۈچۈن ھەرقانداق جېدەلنى قىلىشتىن يانمايتتى. ئەگەر ئۇ بولغان بولسا نېمە ئىشلار يۈز بېرىپ كېتەتتىكىن.

قاتتىق گۈركىرىگەن ماشىنا ئاۋازى تۇراخاننىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى. بۇ ئاۋاز ئۆي تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. تۇراخان ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتتىكى ئاۋازغا قۇلاق سالدى. ماشىنا توختاپ، قاۋۇلنىڭ دەرۋازىسى قېقىلدى. بىر كىملەرنىڭ ئەنسىز ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. تۇراخان كۆڭلىدە قاۋۇل بىلەن ئىشى بار ئادەملەر ئۇنى ئىزلەپ كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى-دە، ئاستا ئورنىغا يېتىۋالدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئارىدىن يېرىم سائەتلەر ئۆتكەندە سىرتتا يەنە ماشىنا، تراكتورلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئاۋازلارمۇ بارغانچە يېقىنلىشىپ، ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. تۇراخان نېمىدىندۇر ئەنسىرىگەندەك بولۇپ، قوروغا چىقتى. سىرتتا كىملەرنىڭدۇ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇراخان بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ ئاستا دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن سىرتقا قارىدى. ئۇ قاۋۇلنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان بىر نەچچە ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆردى.

— بۇ ئىشنى ھازىرچە ئاپىسى بىلەن بالىلىرىغا ئۇقتۇرمايلى، — دېدى بىرى.

— قانداقلا قىلغان بىلەن بەرىبىر ئۇقىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى يەنە بىرى.

— شۇنداق بولسىمۇ تاڭ ئاتقاندا ئۇقسۇن، — دېدى يەنە ھېلىقى ئادەم، — بۇ يەردە ئىككى ئادەم قالسۇن، ئىككىيلەن بېرىپ ئايشەمخاننى ئېلىپ كەلسۇن...

تۇراخان بۇ گەپلەردىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، قانداقتۇ بىر يامان ئىشنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولدى-دە، يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ كەتتى. بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟ ئايشەم بىلەن قاۋۇلنىڭ بىرەرىگە بىرەر ئىش بولغانمىدۇ-يا؟ ئۇ ھەر خىل پەرەز ۋە گۇمانلارنى قىلاتتى. ئاخشامقى ئىشتىن كۆڭلىدە ئايشەمگە ئۆچمەنلىكى

ئۇرغۇپ تۇرغان بولسمۇ، يەنىلا بىرەر يامان ئىشنىڭ يۈز بەرمەسلىكىنى خۇدادىن تىلىدى.

ئالاھەزەل يېرىم سائەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن بىر چوڭ يۈك ماشىنىسى بىلەن بىر كىچىك تراكتور قاۋۇلنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

بىر پەستىن كېيىن قاۋۇلنىڭ ئۆيىدىن قاتتىق يىغا ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. تۇراخاننىڭ يەڭگىسى ھولۇققان ھالدا ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى ۋە ھويلىدا قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇپ قالغان تۇراخاندىن سورىدى:

— تۇراخان، نېمە يىغا ئاۋازى بۇ، نېمە ئىش بولۇپتۇ؟

— مەنمۇ ئۇ... ئۇقالمىدىم، — دېدى تۇراخان ھودۇققىنىچە، — ئۆزلىرى چىقىپ ئۇقۇپ باقسىلا بوپتىكەن.

— ۋاي خۇدايىمەي، نېمە ئىش بولغاندۇ ئەمدى؟ — يەڭگىسى دەرۋازىنى ئېچىپ ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

ئۇ بىردەمدىن كېيىنلا قايتىپ كىردى.

— ئاخشامقى جېدەلدىن كېيىن ئايشەمخان يامانلاپ چىقىپ كەتكەن ئىكەن، قاۋۇل ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ تۆت كوچا ئېغىزىدا دىققەتسىزلىكتىن بىر يۈك ماشىنىسىغا ئۇرۇلۇپ كېتىپ تۈگەپ قاپتۇ، — دېدى يەڭگىسى ئاغزىنى ئۆمچەيتكىنىچە.

تۇراخاننىڭ قۇلاقلىرى غۇڭۇلداپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. يەڭگىسى ئۇنى مىڭ تەستە يۆلەپ-سۆرەپ دېگۇدەك ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى. بۇ ئىش تۇراخاننىڭ نېرۋىسىغا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقتىن ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا تۇراخان ئۇھ دېگىنىچە ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئۇ قېشىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئولتۇرغان يەڭگىسىگە ئېسىلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن قاۋۇلنىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنىپ يىغلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ھېچنېمىدىن-ھېچنېمە يوقلا مۇشۇنداق ئېغىر بىر پاجىئەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالغانلىقىدىن ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتى. يەڭگىسى ئۇنىڭ ئازابىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

— ئۆزىڭىزنى بۇنداق ئازابلاۋەرمەڭ تۇراخان، بۇ ئىشتا ھەرگىزمۇ سىز گۇناھكار ئەمەس. ھەممە گۇناھ ئاشۇ قىزغانچۇق شۇمپەك ئېغىز ئايشەمدە، — دېدى.

تۇراخان گەپ قىلمىدى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈنەتتى ۋە ئۆزىنى بىر ئەيىبكار ھېسابلايتتى. بۇ بىر ئۇنتۇلغۇسىز ئېغىر پاجىئە بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر قاۋۇلنىڭ ئۆلۈمىنى تىلغا ئالسىلا ھامان تۇراخاننى تىلغا ئالماي قالمايدۇ. ئەمدى تۇراخان قولۇم-قوشنىلارنىڭ، ئەل-جامائەتنىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ؟

تاڭ ئېتىپ يەرگە يورۇق چۈشۈشى بىلەن تەڭلا قاۋۇلنىڭ ئىشىك ئالدى ھەر

www.uyghurkitap.com


تەرەپتىن كەلگەن ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان ئەلەملىك يىغا ئاۋازى مەھەللە ئىچىنى بىر ئالدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشقا قاتتىق ئېچىنىشتى.

شۇ تاپتا تۇراخاننىڭ ئورنىدىن تۇرغۇدەكمۇ ماجالى قالمىغانىدى. ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، چامادانىدىن ئاق كۆڭلىكنى ئېلىپ ئالماشتۇرۇۋالدى. لېكىن ئۆيدىن ھويلىغىمۇ چىقمىدى. ئۇنىڭغا شۇ تاپتا ھەممە ئادەم نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن مۇشۇ دەرۋازا تەرەپكە قاراۋاتقاندەك، ئەيىبلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. سىرتتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان كىشىنىڭ باغرىنى ئېزىدىغان ئەلەملىك يىغا ئاۋازى ئۇنىڭ تېنىگە سانچىلغان سان-ساناقسىز تىكەنلەردەك ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلاتتى.

* * *

تۇراخان نەۋاخلاردىدۇر ئۇخلاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپلا چۈش كۆردى. چۈشىدە ئاپىسى بېشىغا ئاق ياغلىق سېلىپ، تەسۋىي سېرىپ ئولتۇرغۇدەك ھەم تۇراخانغا، قىزىم خۇدايىم، ساڭا توختىنى بېرىپ بەك ئوبدان قىلدى. ئۇنى ئوبدان تەربىيلەپ قاتارغا قوشقىن، ئۇ كېيىن ساڭا ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولىدۇ، زېرىكسەڭ مۇڭدۇشۇڭ، ھارساڭ پۇت-قولۇڭ بولىدۇ، دەپتۇدەك، ئاندىن يەنە، لېكىنزە قىزىم، ھېلىمنىياز ھاجىمنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلىپ دۇئاسىنى ئال، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويما، دەپتۇدەك. تۇراخان ئاپىسىغا گەپ قىلماقچى بولۇپ ئەمدىلا ئېغىز ئاچاي دېيىشىگە ئاپىسى كۆزدىن غايىب بوپتۇدەك. ئۇ «ئاپا!» دەپ توۋلىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كۆرگەن چۈشىنى ئويلاپ، ئاپام ھازىر مېنىڭ ھاجىمنى تاشلىۋەتكىنىمدىن رازى ئەمەس ئوخشايدۇ، «ئانا رازى خۇدا رازى» دېگەن گەپ بار، ئاپام مەندىن رازى بولمىسا ئۇنىڭ روھىغا قانداق يۈز كېلەلەيمەن، دېگەنلەرنى ئويلىدى. لېكىن ئىشلار ئادەمنىڭ رايىغا باقمايدىكەن. بەزى كىشىلەرنىڭ تەقدىرى مانا مۇشۇنداق شورلۇق كېلىدىغان ئوخشايدۇ. بولمىسا مەن ئۆمرۈمدە شۇنچىلا دەد-ھەسرەتكە قالمىغان بولاتتىم، ھېچبولمىسا ھېلىمنىياز ھاجىنىڭ ئۆيىنى تۇتۇپ، ئوغلۇمنىمۇ شۇ ئۆيدە تۇغۇپ، ئۆز ئاتىسىنىڭ كۆز ئالدىدا چوڭ قىلغان بولاتتىم. ئۇ چاغدا مەن بۇ ئۆيگىمۇ قايتىپ كەلمىگەن، ئايشەممۇ كۈندەشلىك قىلىپ ماجىرا چىقارمىغان، قاۋۇلمۇ ئۆلمىگەن بولاتتى. ئاھ، خۇدا، مەن نېمانچە شور پېشانە يارىتىلىپ قالغاندىمەن...

تۇراخان ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئاسماندا ئاندا-ساندا يۇلتۇزلار سۇس جىمىرلاپ تۇراتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

مۇهەممەتجان راشىدىن

# قانات ياساپ پەرۋازدا يۈرەر تۈمەن تىلەكلەر

## بىر ئايلىنىپ يىل چاقى

بىر ئايلىنىپ يىل چاقى ماڭا بىر ياش قوشۇپتۇ،
بولۇپ قاپتۇ، ئويلىسام، ئەمدى پەرداز ياراشماس.
ئېلىپ قالدى بۇ ئۆمۈر قارىسىنى ئاتمىشنىڭ،
ئاقىل ئەھلى، ئەلۋەتتە، ئەلدىن ئۆزلۈك تالاشماس.

قانچىلارنىڭ قەلبىنى قېزىپ باقسام بىراقتا،
ياشلىقنى قوت دەپتۇ، قېرىلىقنى قىيامەت.
سۆيگەنلىرى هاياتنى ئالىيدۇ ئۆلۈمگە،
بىلەلمىدىم، قاچامدۇ قېرىلىقتا دىيانەت؟!

ئەتتەرگەندەك كەينىگدىن بىراۋ كېلىپ هەركۈنى،
هالقىغاندا ئەللىكتىن تارتىشسەن كەينىڭگە.
ماڭلىيىڭغا مىنگەشكەن قورۇقلارغا ئامال يوق،
بەرگىنىنى ئالمساڭ يىللار قويماس مەيلىڭگە.

يالغان ئېيتقۇم يوق مېنىڭ يېڭى بىر تاڭ ئالدىدا،
مېنى ئەمەس، يېڭى يىل قۇچاقلىدى بالامنى.
تويۇلدۇ ئۇ مېنى ئۆزاتقىلى كەلگەندەك،
قەدىرلەيدۇ، ئېزدەيدۇ بالام بەرگەن سالامنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋۇجۇدۇمدىن مەيۈسلۈك ئۇچۇپ كەتتى شۇندىمۇ،
چۈنكى، مېنىڭ بالامۇ مېنىڭ ئىزىم ئەمەسمۇ؟
ياساۋاتقان يېڭى باغ بۇ ئالەمنىڭ ئۈستىگە،
ئۆزگە ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئوغۇل-قىزىم ئەمەسمۇ؟

ئۇچكە چاقنان چىشلارنىڭ كارامىتى يوق ئەمدى،
قارا چاچنى ئامالسىز بېرىۋەتتۇق يىللارغا.
ئىنسان دېگەن ئىزىدىن تاپار ئىكەن تەسەللى،
نەۋرىلەردىن نۇر چۈشتى يەنە بىزنىڭ دىللارغا.

چۈنكى يىللار تاڭالماس ئۈمىدلەرگە ئۆلۈمنى،
قانات ياساپ پەرۋازدا يۈرەر تۈمەن تىلەكلەر.
يىللار دېگەن شۇنداقتۇر: ئۈندۈرەر ھەم ئۆلتۈرەر،
ئۈنگەن ئۇرۇق شەنگە بولۇپ تۇرار كۆرەكلەر.

يوقلاپ كەتتۇ يۇرتۇمنى كۈمۈش رەڭلىك بىر پەسىل،
يېڭى قۇياش كەينىدىن يەنە بىرى مارايدۇ.
تۆرەلگەننىڭ تەلىيى، تۇغۇلغاننىڭ تويى ئۇ،
ماڭا ئەمەس، شۇلارغا جىمى ئالەم قارايدۇ.

تاڭ شۇلارنىڭ بايرىمى، تۈن شۇلارنىڭ بايرىمى،
يېڭى يىلنىڭ شادلىقى يەتمىش ياشنى ئەگمەس.
خۇشتار تۇرسا تىرىكلىك يېڭىچە بۇ زامانغا،
ئىنسان كونا دۇنيانى خۇمار قىلىپ تەگمەس.

كەينىمىزدە تۈمەنلەپ بوغۇنلارنىڭ بەختى بار
بەختىمىزدىن بىزلەرنىڭ تۈمەن ھەسسە چىرايلىق.
بۇلتۇر تىككەن كۆچەتلەر شاخلاپ قاپتۇ بۈككىدە،
ئايلىنىپتۇ بوستانغا خىلۋەتتىكى قورايلىق.

كەتكەنلەرگە يىغلىسام ئۇ ئالەمگە ھەر يىلى،
يېڭىباشتىن كۈلدۈرەر بۇ ئالەمگە كەلگەنلەر.
ياشا، دېدى يۈرىكىم، قەدىرلەندى ئەڭ ئاۋۋال
زېمىنغا ھاياتنىڭ خۇشاللىقنى تەرگەنلەر.

كېتىۋېتىپ دۇنيادىن تۆكۆلدىتىپ هاسامنى،
يېڭى يىلنىڭ يولىغا كۆز تۇتقاننىڭ بىرىمەن.
ئۆزۈپ قويماي ئېيتماقچى بالام مېنىڭ ناخشامنى،
يەنە تالاي يىللارغا نەۋرەم بىلەن كىرىمەن.

## غەزەللەر

ئاق رومالنىڭ ئاستىدا ئۇخلاپتۇ، دوستۇم، يارىمىز،
بويىدىن ئەمما پۇرايدۇ يازدىكى گۈلزارىمىز.
بىز بېرىپ ئويناىدىغان ھەتتا قويۇق ئورمانمۇ جىم،
ئۇخلىغاندەك بىر خيالنىڭ كەينىدىن دىلدارىمىز.
بىزگە گۈل تۇتقان گۈزەل باغلارمۇ شېرىن ئۇيقۇدا.
پەسلى قىش شۇنداق ئىكەن، يوق ئۆزگىچە ئىزهارىمىز.
بىز يارالغانمىز كۆتۈشكە، ئەتە كۆكلەم بولغۇسى،
شۇڭا يار ئويغانغىچە ئەلۋەتتە يوق مۇڭ-زارىمىز.

* *

لېۋەن يار قۇت گۈلستانى ئارا بىر گۈلگە ئوخشايدۇ،
مۇھەببەت ۋەجىدىن ئاشىق گويا بۇلبۇلغا ئوخشايدۇ.
كۆكۈل بەرمەك كۆرۈنگەنگە جىمنى خۇش قىلىپ يۈرگەن،
ئۇلار ھەر قولدا پۇرلەشكەن گويا كىر پۇلغا ئوخشايدۇ.
قەپەستە يىغلىسا تورغاي نادانلار سايرىدى دەيدۇ،
ئەگەر ئايرىلسا ئەركىدىن كىشى بىر قۇلغا ئوخشايدۇ.
يۈرەك يىغلايدۇ ئارماندا، تىلەكلەر چۆلدە قالدى دەپ،
شامالدىن تېز چېپىپ يۈگۈرۈپ ئۆمۈر دۇلدۇلغا ئوخشايدۇ.
هايات يولدا ھېكمەت كۆپ، تىرىكلىك يولىمۇ خۇددى
تالاي هارۋىنى سۇندۇرغان كاتاڭ بىر يولغا ئوخشايدۇ.
جىمىدىن جۇملە ئىنساننىڭ يەنە ئۆلپەتلىكى بايدۇر،
مۇھەببەت-سۆيگۈسىز ئۆتكەن كۆڭۈل بىر چۆلگە ئوخشايدۇ.
ساڭا ئىچ ئاغرىتىپ ئېيتقان نەسىھەتلەرنى نان بىلگىن،
ھەسەتخور، پىتنىخور، ناكەس گويا مەلئۇنغا ئوخشايدۇ.
ساڭا دوستلاردىمۇ دوست بار، سىناقتىن ئۆتمىگەن دوستلار

www.uyghurkitap.com

قارا بوراندا ھەريانغا چېچىلغان قۇمغا ئوخشايدۇ.
خوتۇن پۇل كويىغا چۈشسە، ھايادىن كەچكىلى تەييار،
بېشىدا بى مەھەل ئۆنگەن بەئەينى شۇمغا ئوخشايدۇ.
يىگىت گەر لەۋزىدىن قايتسا، جىمىكى قىممىتى بىر پۇل،
ئېشەك ئۈستىدە بىر پارچە يىرتىلغان چومغا ئوخشايدۇ.

* *

ۋادەرىخا، بۇ پەلەك شۇنداق پەلەكتۇر، قاقشىما،
ئۆلگۈچە ئارمان دېگەن كۆپكۆك خەمەكتۇر، قاقشىما.
تەرگىنىڭ يايماي پېلەك، تاختاڭنى باسسا شۇمبۇيا،
گاھ ئىتىزدا قالغىنى قاقشال چۆنەكتۇر، قاقشىما.
ئارزۇلارغا سالما تاشلاپ گاھ پەلەك تۇتقۇن قىلۇر،
ئەمما ئىنسان ئادىتى تاتلىق تىلەكتۇر، قاقشىما.
قانچە تاتلىق بولسىمۇ لېكىن تىلەكلەرنىڭ ھەدى،
تەقدىرىڭدە «تەڭرى» نىڭ ھۆكۈمى بۆلەكتۇر، قاقشىما.
ئالمىقىڭ ئاسان ئەمەس رىزقىڭنى سەن تەقدىردىكى،
بەزىدە توي، بەزىدە يالغان كۆرەكتۇر، قاقشىما.
قاقشىساڭ قاقشال بولۇرسەن، بەزىدە قاقشاپ يۈرۈپ
ئون گۈلۈڭدىن كۆرگىنىڭ بىر تال پورەكتۇر، قاقشىما.
تۆرۈلۈپ دۇنياغا كەلدىڭ، كەتكىچە كۆرمىڭ نىدا،
ھەرە يەڭلىغىمىز، جاھان خۇددى كۆنەكتۇر، قاقشىما.
سەن ئۈمىدتىن كەچمىگىن كەلگۈن ئېلىپ قاچقاندىمۇ،
بۇندىكى چەككەن جاپا ئاز كۈن تۈنەكتۇر، قاقشىما.
بۇلبۇلۇم، گۈل ۋەسلىدە زار يىغلىغان بىر سەن ئەمەس،
قارىساڭ، تاغلارغىمۇ تاغلار يۆلەكتۇر، قاقشىما.

* *

بىر گۈلۈم بار، دەپ جاھاندا ئۆزگە گۈلگە باقمىدىم،
ياكى مەيدەمگە، گۈلۈم بار، دەپ يۈرۈپ گۈل تاقمىدىم.

شۇ ئىشقىنىڭ نۇرى چۈشكەچكە ۋۇجۇدۇم نۇرلىنىپ،
قالدى ئۆي-جايىنىڭ غېمى، تۈندە چىراغلار ياقمىدىم.
بىر گۈلۈم بار، دەپ يۈرۈپ ئاق قاردا قالدى ئاشلىقىم،
مەن لېكىن ئۇشبۇ زىيانلار ۋەجىدىن ئۇھ تارتمىدىم.
ناخشا ئېيتتىم بىر گۈلۈم بار، دەپ يۈرۈپ ئۆمرۈم بويى،
يا ئۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق، يا ئەلنىمۇ ئۇخلاتمىدىم.
ئەھلى ئاشىق ئۆز گۈلىدىن كەچسە گەر ئاسىي ئىرۇر،
ئۆزگە باغقا يۈر دېگەن شەيتانغا مەن ئۇن قاتمىدىم.
بىر گۈلۈم بار، دەپ يۈرۈپ ئۇنتۇلدى ئاچلىق قانچە يىل،
ئاچ-زېرىنلىقتىن ئۆلەر ھالەتتىمۇ گەپ ئاچمىدىم.
ئۇخشىغاندۇ ئۇخشىسا قەددىم قەلەندەرگە مېنىڭ،
گۈلگە بەنت ئەقلىم، شۇڭا ئۈستۈمگە چەكمەن ئارتمىدىم.
بىر گۈلۈم بار دەپ يۈرۈپ قىلدىم جاھاننى تەركىي مەن،
لەئلى-ياقۇت كەينىدىن، ملك شۆكرىكىم، ئات چاپمىدىم.
بىر مۇھەببەتتىن مۇقەددەس ئەيلىدىم بىر گۈل بىلەن،
سايرىدىم بۇلبۇل بولۇپ، ئەسلا قۇرۇق گەپ ساتمىدىم.

ئابدۇللەھەد قادىرى

## شائىرلىقىغا ئىزاھات

مەن ئانامدىن تۇغۇلغان ئەمەس
شائىرلىققا دەسمايە سېلىپ.
قىلغىنىم يوق بۇ ئىشقا ھەۋەس،
ئۇنى ئاسان تاپاۋەت بىلىپ.

چۈشتى قاچان باغرىمغا بىر ئوت،
شۇنىڭدىن بىرى ئاشىق-جۇنۇنمەن.
شېئىر بىلەن ئالەمدە مەۋجۇت
بولۇپ كەلدىم ھازىر، بۈرۈن مەن.

زورلىمىدى ھېچكىممۇ مېنى،
ھەم دوراپمۇ ئالمىدىم قەلەم.

تەگسە گاھى شائىرلىق نېنى،
يەتتى گاھى بېشىمغا ئەلەم.

ئېشىپ باردى ھەۋەس-رىغبىتىم،
شېئىر بولۇپ ئۇندى ھەر قەدەم.
شائىرغا بار چەكسىز ھۆرمىتىم
ۋە شېئىرغا ئىخلاس، ئەقىدەم.

شائىر دېگىن، مەيلى ذېمىگىن،
بۇ مەن ئۈچۈن ئوخشاش — بەرىبىر.
مەن كېتەرمەن جاھاندىن،
لېكىن،
ئۆلمەس شائىر، ئۆلمەيدۇ شېئىر!

www.uyghurkitap.com

مۇتەللىپ جۇماخۇن

# خىسلىتىڭدە جۇپتى يوق، تاقسەن

## قۇياشقا سوئال

ئەگرى گۇۋاھ ئۇلۇغلىقىڭغا،
خىسلىتىڭدە جۇپتى يوق تاقسەن.
ئالقىنىڭدا قۇدرەت، يورۇقلۇق،
يۈكسەكلىكتە ئالەمگە شاھسەن.

لېكىن سەندىن قىلچە تەپ تارتماي،
توسۇۋالسا بولۇت يۈزۈڭنى.
يول قويسەن نىچۈن مۆكۈنۈپ،
پىنھان يەرگە ئېلىپ ئۆزۈڭنى؟

## ئامەت

خىزىر نەزەر سالغان بايراقسەن،
مۇتەللەقتە غىل-پال كۆرۈنگەن.
تەلمۈرتكۈزۈپ جىمى كۆزلەرنى،
يۈرىكىڭدىن جانلار سۆيۈنگەن.

ياستۇق بولۇپ شېرىن خىيالغا،
ماگنىتتەك تارتىپ تۇرىسەن.
ھۇما قۇشقا ئايلىنىپ بەزەن،
كۆك قەھرىدە ئەگىپ يۈرىسەن.

شېرىن چۈشسەن ئويقۇلۇقتىكى
ماڭسا-ماڭسا يېتەلمەيدىغان.
ئاشىقلىرىڭ پەرۋانە بولۇپ،
ئەگىپ-ئەگىپ كېتەلمەيدىغان.

كۆزۈڭ ئوچۇق، دىلىڭ كورلىقى
قىسمىتىڭدىن بوپ قالدى ئايان.
قونۇۋالدىڭ گۈل دەپ يانتاققا،
ئاڭقىرالماي قىبلىگاھ قايان.

## مۆگدەك سايىسى

ئەگىپ يۈرەر مۆگدەك سايىسى
كىرپىكىمگە قونماقچى بولۇپ.
تۈيغۇزماستىن ئاستا يېقىنلاپ،
قارىچۇقۇمغا قولىنى سۇنۇپ.

قارىماققا مېھرىبان ئانا،
ئەللەي ئېتىپ پەپىلەيدىغان.
قىلىقلىرى تاتلىق، بوۋاقتەك،
ئوماقىنە ئەركىلەيدىغان.

لېكىن قەستى زورلاپ ئۇيقۇغا،
تاشلىماقچى غەپلەت چۆلىگە.
قانداق ھىيلە ئىشلىتەر ئەگەر،
دۈچ كېلىپ قالسا كۆڭۈل كۆزىگە.

## ئايغا

چولپان تۇغسا ھومايماستىن ئاي،
كىرىپ كەتكىن ئاستا ئۇۋاڭغا.
ئوسال بولۇپ يۈزۈڭ تۆكۈلمەس،
سۈبھى بەلگە بەرمەكتە تاڭغا.

قۇياش كۆككە يايغاندا يىپەك،
چولپانمۇ يول قويىدۇ ئاڭا.
چۆرگىلەيدۇ جاھان ئاشۇنداق،
تالىق ئەمەس يالغۇزلا ساڭا.

**قارىغاي**

تاپىنىڭدىن تا چېكەڭگىچە
گۈزەللىكىڭ تۇرىدۇ چاقناپ.
ئورنىۋاپتۇ مەھلىيا بولۇپ
قامىتىڭنى نۇرانە ئاپتاپ.

يۈرىكىمدە ئالەمنىڭ جېنى،
غورۇرىڭغا ئىگىلەر ئايمۇ.
ئولتۇرىدۇ بىرلا چېكىتتە
نەزەرىڭدە بايمۇ-گادايمۇ.

**ئابدۇقادىر سادىر**

# ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك

## 1

مۇئەللىم ھۆرمىتىڭ چەكسىز كۆڭۈللەر قاتى-قاتىدا،
ئۇلۇغ سەن ھەممىدىن بىلگەن كىشىنىڭ ئېتىقادىدا.
گويا دىللاردا مەبۇد سەن، پىرى-ئۇستازى ھېكمەتنىڭ،
بىلىم تەشناسىغا مېھرى ئۇرار لەك جىسمىياتىدا.
چىمەندە ياشىغان ھەر گۈل جۇلاسىدا سېنىڭ ئەكسىڭ،
ئەبەد ئۇخچىيدۇ قان-تەرىڭ تومۇردا-سەرپىياتىدا.
قۇياشسەن نۇر-زىيايىڭدىن قەلبلەر قەسرىدە كۈندۈز،
سېنىڭسىز روھى نامراتلىق كى مىللەت نەسلى-زاتىدا.
ئەرشتىن-پەرشكىچە ھېكمەت سىرىنى يەشتى كۆپ ئاقىل،
بىتەھقىق ھۇل-ئاساسىڭ بار شۇ مەردلەر كەشپىياتىدا.
سېنىڭسىز يەتتى ئالىملىق دەرىجە تەختىگە كىم-كىم؟
بۈيۈك قۇدرەت-كامالىڭ بار ئۇنىڭ قاقشان قاناتىدا.
سېنىڭ بەھرىڭدە كۈچ تاپقان بىلىم مۈلكىدە زەردار كۆپ،
كۆمۈلمەس تۆھپە-كارىڭ بار دېمەك ھەر كىم بېساتىدا.
ئەقىل نۇرىنى سەن بەرگەن تەخت ئۇستىدىكى شاھقا،
نېسۋەڭ ئاز ئاشۇلارنىڭ نەزەرى-ئىلتىپاتىدا.
ۋە لېكىن بىر ئۆمۈر شادسەن نۇرۇڭدىن ياشنىسا ئالەم،

دېمەك، سەن سەپتە سەركەردە ئۇلۇغلارنىڭ پاراتىدا.
ياراتمىش ھەق مۇئەللىمنى قانائەت تەختىدە سۇلتان،
بۇ خىسلەت ئابدۇقادىرنىڭ نامايان ھەم ھاياتىدا...

2

ئەزىزلەپ بىرىنى چىللاپ ئىدىم مېھمانغا تەس كەلدى،
يارەببىم، بىر دېسەم بىر توپ «يارەن» ئۆيگە پەۋەس كەلدى.
كۆچۈپ كەلسىمۇ مەيلىدى، كۆڭۈل مېھمانغا ئاستانە،
بىرى يوق ئوگىدىن توۋا، جىمىسى مەست-ئەلەس كەلدى.
ئىرۇر مېھمان دېگەن ئەسلى چىراغى-زىننىتى ئۆينىڭ،
نە سىغسۇن بەشىرىسى كۆزگە بەئەينى ئاق-بەرەس كەلدى.
بۇ يەكلىغ ئىلتىپاتقا زەپ ئۇناپتۇ مەيلى مېھماننىڭ،
ئۆزىنىڭ قەدرى-نەزمىدىن تېرىقچە غەم يېمەس كەلدى.
نەچارە، پۈتكەن ئوخشايدۇ ماڭا ھەق ئۇشبۇ قىسمەتنى،
گۇياكى ئۆيگە بۇ ئاخشام ئەمەس قۇت تەكتى نەس كەلدى.
كېلەردە قالدىمۇ ھەي تاڭ، ئەدەب-ئەخلاقىنى ئۇنتۇپ،
ئۆزى بەگ-ئۆزى خان، ھېچكىم تەكەللۇپ ئەيلىمەس كەلدى.
كۆزىدە ئەندىشە، تۆت تام ۋەھىمە يەيدۇ پارتلاشتىن،
بۇ بىر توپ تەلۋىگە شۇ دەم ئۆيۈم بىر تار قەپەس كەلدى.
شىرەنى چۆرىدەپ بىر توپ چېكەتكە جەڭگە ئاتلاندى،
دېدىمكى سۇبھاناللا، قەيەردىن بۇنچە پەس كەلدى؟!
شەرقتىن تاڭ لىچەك قايرىپ رۇجەكتىن باقتى ھەيرەتتە،
تېخى مېھمانلار ئىشرەتتە، شۇ يەكلىغ تەرلىمەس كەلدى.
نېتەي، دوستۇمنى چاقىرغان تىلىمنى كەسمىدىم خەپ-خەپ،
تەبەسسۇم تەكتىدە پىنھان دىلىمنىڭ قەھرى بەس كەلدى.
ئەجەب بىر خەق ئىكەنمىز نەرق-ناۋاسى بەزىدە بىر پۇل،
ئۆزىنى دەڭسىمەي كۆپلەر ياماققا ئەرزىمەس كەلدى.
ئىلاھا، ئۇشبۇ ئىللەتتىن نېرى قىل نەسلى-زاتىمنى،
ھەمىشەم ئابدۇقادىرنىڭ دىلىغا شۇ ھەۋەس كەلدى.

ئابدۇكېرىم ئوسمان

# چەكسىز ئەمەس، بەك كىچىك دۇنيا

## زەرەپشان

زەر سۈيۈڭ ئەلۋەك زەرەپشان، زەرگە تەگداشسىز ماڭا،
ھال شەپەقتەك چاقنىغان بۆژغۈنلىرىڭ گۆھەر گويا،
قۇملىرىڭ مارجان، تېشىڭ ياقۇت، لېيىڭمۇ تۇتىيا،
زەر بويۇڭ زەردەك ھايات ئىقبالىنى قىلدى بىنا،
شاۋقۇنىڭغا ھەمنەپەس ئەل ئارمىنى — ياڭراق سادا!

سەن قۇياشتىن بوپ تەۋەللۇت يەردە ئاققان نۇر، مېھىر،
يايرىغاي مېھرىڭدە شاد گۈلگۈن دالالار، تاغ-ئېدىر،
جانغا جان قوشقان تەۋەررۇك كەۋسىرىڭگە دىل ئەسىر،
سەندە يوق مېھنەتكە مىننەت، يا تەمە، خۇي، يا كىبىر،
ھىممىتىڭگە پايلىماس مىڭ خىزىر، ھۆر، ئەۋلىيا.

بويلىرىڭنى زەر سۈيۈڭ بىرلە سۇغاردىڭ زەر قىلىپ،
تەرسە جان كۆكلەيدىغان جەننەتچە مۇنبەت يەر قىلىپ،
بېزىدىڭ دەشتلەرنى-چۆللەرنى مىسلى ئۈز دىلبەر قىلىپ،
ئارمىنىڭدا تاۋلىدىڭ كۆزلەرنى ئوت — ئەختەر قىلىپ،
ئارمىنىڭ بەھرىگە دىللاردىن ياغار ئاتەش ناۋا.

رەڭلىنىپ ئالتۇن سۈيۈڭدە بولدى ئالتۇن تاغ باشاق،
پاختىزارغا تەلمۈرەر ئاق چوققىلار تاڭدا ئۇزاق،
ۋادىلار گۈل، گۈل ھىدى قوزغار جاھانچە ئىشتىياق،
ئاق بۇلۇتتەك يايلىشار توپ پادىلار شوخ، بىساناق،
سەن بۈگۈن قوۋناق ھاياتنى بۇندا قىلدىڭ ئىختىرا.

سەن ئۇدۇم ئەتكەن غورۇرلۇق دىلغا مېھنەت ئىشقى يار،
ھۆر ئانا تۇپراققا مەڭگۈ چىن مۇھەببەت ئىشقى يار،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەل سۆيەر ئىشچانلىرىك تەرىگە ئامەت ئىشقى يار،
بارى تەل بەگزادە يەگلىغ قۇت-پاراغەت رىزقى يار،
سەن كېپىل بارچە ئۈمىد، ئىزگۈ تىلەككە يۇرت ئارا.

زەر سۆيۈگگە جان نىسار ئەيلەي زەرەپشان، ئەي ئانا،
سەن ئۇغۇز سۈت جەۋھەرى، تەندە يىلىك، قان، ئەي ئانا،
يەتتە ئىقلىم ھاتىمى مېھرىڭگە ئاشىيان، ئەي ئانا،
سەن بىلەن بولغاي ھايات مەڭگۈ گۈلىستان، ئەي ئانا،
سەن بىلەن قۇچقاي ۋىسال دىللاردا ئارمان، ئەي ئانا!

## غەزەللەر

### 1

خىياللىك قۇچسا سىنەمنى شۇ كۈنلەر يۈز ئاچار شوخ-شوخ،
كېلەرسەن لالە جىسمىڭدىن تۆكۈپ دىلغا ئىپار، شوخ-شوخ.
ئۆرۈلگەي روزىغارىمنىڭ تەۋەررۈك بەتلىرى باشقا،
بېزەر قەلبىمنى ئاشىيانلىق گۈلى بىرلە باھار، شوخ-شوخ.
بۇلاقتەك ئۇخچىغان كۈلكەڭ سىنەم ۋادىسىغا كەۋسەر،
خۇمارلىق قوي كۆزۈڭدىن يار مېھىر نۇرى ياغار شوخ-شوخ.
سەبىيلىكتە يانار چېھرىڭ ۋاپا ھېسسىنى جەم ئەيلەپ،
دىلىستانىمغا تۇغقاي ھەم ئەبەد پارلاق ناھار، شوخ-شوخ.
خىياللىك قۇچسا باغرىمنى دېگەيمەن سەجدە قىپ تاڭغا:
ئۇفۇمدا نۇرلىنىپ بىر رەت، ماڭا كۆرسەت دىدار، شوخ-شوخ!

### 2

بۆلىنىپ سۆيگۈم تېڭىغا نۇرغا ئايلاندىڭ، نىگار،
ئۆرتىدىڭ ئاندىن ۋۇجۇدۇمنى كۆيۈككە قىپ دۇچار.
تولغىنىپ ئۇچقاندا ئاھىم دۇتلىرى، بولدۇڭ بوران،
ئەيلىدىڭ ئالەمگە شۇنداق سۆيگۈ سېھرىڭنى جاكار.

مەن ياراتسام كۆيلىرىمدىن سىنى نۇقسانسىز قىلىپ،
بىر تەمەننا قىلدىڭا، ئەگلىكنى باستى كىر، غۇبار.
ھەر تىۋىنسام كۆڭلىدىك مەغرۇر مۇئەللەققە شۇئان،
بىلمىدىڭ ھەي، ئۇ بولار دەپ ئاقىۋەت سۆيگۈگە دار.
يۈتتى شۇنداق سۆيگۈمىز، مەن مۈپتىلا ئويغا ھامان،
دەيدۇ دىل گاھى پىچىرلاپ: كۆپ جاھاندا ياخشىلار...

3

چۈشۈپ باشىڭغا بىر سەۋدا، سۆيۈشنى ئىختىيار قىلدىڭ،
ئۆمۈر پەسلىگە ئەي قىزچاق يىگىتنى تونجى يار قىلدىڭ.
لەزىز ھىسلاردا ئاۋۇندى كېپىكتەك قوغلىشىپ كۈنلەر،
يېتىپ سائەت، پۈتۈشكەن توي-مەرىكەڭنى قارار قىلدىڭ.
تىزىلدى تويلۇقۇڭ بىر-بىر تالاي كۆزلەرنى لال ئەيلەپ،
ئەجەبكى، شۇندا ۋىت-ۋىت سۆز-ئۆسەكلەرنى شىكار قىلدىڭ.
« پالان يوق، ئۇ نېمەڭ كەم...» دەپ كوتۇلداپ كەتتى ئىغۋاچى،
دېدىڭ « ھە، راست» ، يەنە كۆپلەپ زىبۇ زىننەت خۇمار قىلدىڭ.
ناھايەت، قۇدىلار داجىپ يىراق كەتتى بوسۇغاڭدىن،
يىگىت كۆڭلىنى خار قىلدىڭ، مۇھەببەتكە ئازار قىلدىڭ.
يەنە ئۆتتى بۇ ئاي-كۈنلەر، يەنە چۈشتى قۇدا ئۆزگە،
سۇنۇلغان زەر بىزەكلەردىن بولۇپ شاد، ئىپتىخار قىلدىڭ.
جامائەت ئۆتتى توي تارتىپ چېلىپ ناغرا ھەشەم بىرلە،
ئۆيۈڭدا سەن بولۇپ خانىش، جىمنى « مەدىكار» قىلدىڭ.
ئۆمۈر پەسلىدە باشلاندى يېڭى تۇرمۇش ئەنە شۇنداق،
ھامان سەن زەر بىزەكلەرنى مۇقەددەس تىلتۇمار قىلدىڭ.
ئەجەبكى، بىلمىدىڭ زەردىن بۈيۈك دىل مۈلكىنى باشتا،
ھە، چاندى ئاقىۋەت جوراڭ، ئەلەمدە زارۇ زار قىلدىڭ.
يىگىت كۆڭلى ئالا چىقتى، دېدى ئەللەر قاراپ چەتتە،
بۇ سىرنى بىر ئۆزۈڭ بىلدىڭ، (ئۆزۈڭ گۈلزارنى خار قىلدىڭ) .
بولالماس دىل بىرىپ سۆيگەن يىقىرغا شاھمۇ ھەم تەڭداش،
نادان قىز، ئاقىۋەت تەقدىر قىساسنى شىكار قىلدىڭ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى


ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

# پەرزەنتلەرگە

## 1

سۆيۈپ قوي كەل، ئۇماق ئوغلۇم، بوۋاڭ ھارغىن، مالال كەلدى،
كىيىپ ئاپئاق چاپان، ئىشتان پەرىشتەك ئاقساقال كەلدى.
ماڭا ئالغان نېمەڭ بار؟ دەپ ئۇنىڭغا ئەيلىمە قەغىش،
تېنى ئاجىزلىدى، قەددى ئىگىلدى خۇددى دال كەلدى.
مېنى بار ئەيلىگەن شۇ چال، سېنى بار ئەيلىگەن شۇ چال،
ئادا .قىلدى ھايات قەرزىدىن تامام ئەجرى ھالال كەلدى.
ئۆزۈڭ باسقىل، يولۇڭنى بار، ئۆتۈن مۇرەمنى شۇ چالغا،
يۈدەي بارسا قاياقلارغا قەدەم رىزقىدا قال كەلدى.
تەۋەررۇكتۇر ئۇنىڭ ئۆمرى ئۆزىگە بەلكى سەن، بىزگە،
رىزا ئەيلە، دېمەي كەتسۇن ماڭا سەندىن مالال كەلدى.

## 2

بوۋاڭنى رازى قىل ئوغلۇم، موماڭنى رازى قىل، ئوغلۇم،
ئۇلار كۆڭلى ئەجەپ نازۇك كۆتۈرمەس خەستە، قىل، ئوغلۇم.
تۈگەتتى كۆپ جاھانلارنى ياشاپ، باش بولۇپتۇ ئاق،
ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى ھېكمەت، گۆھەردىنمۇ ئېسىل ئوغلۇم.
سۇۋادانەك بويى ئەمدى سۆگەت ھالىدا دۈمچەيگەن،
تۈۋىدىن كۆكلىگەن شاخ بىز، ئۇ بولغاچ بىز يېشىل ئوغلۇم.
پۇتى ئاغرىيدۇ تۈن-تۈنلەپ، تۇتۇپ قوي تالسىمۇ بارماق،
ساڭا ئۇ بەك ئۇلۇغ ئىنسان دۇئاسىن ئال سىجىل، ئوغلۇم.
ئۇنىڭ رەنجىدە ئۆمرۈڭدىن قاچار بەرىكەت بىلەن خوۋلۇق،
ئۇنى خۇش ئەيلىسەڭ دەيمەن بالامسەن ياخشى، خىل ئوغلۇم.

## 3

تامام ئىنسان بالاسىغا ئاتادەك مېھرىبان بولماس،
مۇھەببەتلەر ئۇنىڭ مېھرىسىمان بەلكىم راۋان بولماس.

سارايي سالساڭ تامام زەردىن ئاتاڭ ئولتۇرمىغان كۆرپەڭ
ساۋاپتا بىر كۈچۈك ياتقان يوچۇقتىن خەس-سامان بولماس.
خىزىر ئىزدەپ جاھان كەزمەك ئاتاڭ تۇرسا نە ھاجەتتۇر،
خىزىر قالماي ئەقىدەڭدە ئاتاڭ قالسا يامان بولماس.
ئاتاڭنى باش قىلىپ ئۆتكەن تويۇڭ، بەزمەڭ بولۇر ئاۋات،
ئاتاڭ كۆرمەي ساۋابىنى جاھان تۇتساڭ جاھان بولماس.
بازار-ئالەم، سېتىلماس جان ئاتاڭدەك مېھرىبان ئىنسان،
شۇڭا قەدرىنى قىل قەدرىڭ بولۇر مەڭگۈ، خازان بولماس.

**مۇسا ئەھەد**

# قانداق ئۆزتاي قايسى سۆز بىلەن

1

ئانا كۆكسى بىپايان سۆيگۈلەرنىڭ ئۇيۇقى،
گۈزەللىك ھەم پاكلىقنى ئۇلار بەرگەن، تاراتقان.
ئېتىكمۇ ھەتتاكى جەننەتنىڭ ھۇر قۇچقى،
پەرزەنت گويا شۇ قۇچاق ئىچرە خۇشال قىيغىتىپ،
نەزەرىنى بەختىنىڭ گۈلزارىغا قاراتقان.
يەلكىسىنى پەرزەنتنىڭ چۇشىسە ئاسمان ئىرغىتىپ،
يولىدىكى ھاڭلارغا چوققىلارنى غۇلاتقان.
ئۆرنەك قىلىپ شۇڭا ئۇ باسقان قەدەم ئىزىدىن،
ۋاپا-مەردلىك مېھرىنىڭ داستانىنى ياراتقان.

2

ئانىلار بار گىياھسىز چۆللەر خۇددى باھاردەك،
ئانىلار بار سىياھدەك تۈنلەر گويا كۈندۈزدەك.
ئانىلار بار ساماۋى چۈشلەر ئارا خىياللار،
ئانىلار بار ۋۇجۇد قۇت بۆشۈكگە بۆلەنگەن،
نەزەرىڭدە ئاي-كۈنلەر گويا ئايەم بىلىنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئانىلار بار ھاياتمۇ باقار ساڭا ھۇر قىزدەك،
بىراق تەقدىر رەھىمسىز سوتچى ئىكەن سوغۇق قان،
ئانىلارنىڭ قەدرىنى ئانىسىزغا بىلدۈرگەن،
يۈرىكىنى ھىجراننىڭ لاۋىسىدا كۆيدۈرگەن.

3

ھىچ گەپ ئەمەس ئانا بار مىڭبىر قىسمەت ئازابى،
ھىچ گەپ ئەمەس ئانا بار شاياتۇنلار نىقابى.
ئاڭلا ئانا سۆزىنى، ھەر سۆزىدە مىڭ ھېكمەت،
قۇلىقىڭدا ھەر قاچان ياڭراپ تۇرسۇن خىتابى.
ھەقلىق ئانا ئەجرىگە ھەتتا ئاسمان قويسا باش،
چۈنكى ئانا سۆزىگە زېمىن تۇتاش، كۆك تۇتاش.
ئاددىي ئانا سۆزىدە ئەل-ۋەتەن بار، تۇپراق بار،
ئانا سۆزى ئانىسىز يېتىملارغا چىن قاياش.

## ئەسلەپ قالدىم قاراپ يامغۇرغا

كىچىك خانە تىمتاس شۇ قەدەر،
بىر شەپىنى تىڭشار يۈرىكىم.
ئەجەب بىر ھال، كەلگەندۇ كىملەر،
دېرىزىنى چەككەن زادى كىم؟
نەزەر سالسام پەردىنى قايرىپ،
يامغۇر ياغار تالادا سىم-سىم.
ئەسلەپ قالدىم قاراپ يامغۇرغا،
ئەي يىراقتا قالغان گۈزىلىم.
ھىجران پەيتى، خوشلىشار چاغدا
يامغۇر تۆككەن، قارا كۆزلىرىم.
سەن زۇۋانسىز ئىدىڭ شۇ پەيتتە،
جىسمىڭ گويا ئوت ئالغان قومۇش.
«ۋىسال گويا ئوخشايدۇ چۈشكە،
بىزنى يەنە ئايرىدى تۇرمۇش»
دېگىنىڭچە كەتكەن ئىدىڭ جىم.
مەستتەك ئېغىر سىلكىگەنچە تەن.
قالغان ئىدىم قاراڭ يېتىكچە،
خوش سۆزىنى ئېيتالماستىن مەن.
يامغۇرسىزدۇر سەن تۇرغان ماكان.
قۇياش سۇنغان زەررەڭ گۈللەرنى.
ئەسلەمىسەڭ لەۋدىن تەپچىپ قان،
قىنىشماستىن ئۆتكەن كۈنلەرنى.

## قانداق ئۈزىتاي قايسى سۆز بىلەن

قانداق ئۈزىتاي قايسى سۆز بىلەن،
تۇراي ئالدىڭدا قانداق سۆيەتتە.
باقاي ھۆسنۈڭگە قايسى سۆز بىلەن،
قاي ھالەت روي بىرەر شۇ پەيتتە.

ئېھتىمال قوللىرىم قالار پولاتكلاپ،
پەرۋاسىز نەزەرىڭ كىمگىدۇر چۈشەر.
سىرلىق تېپىشماق سۆيۈلمەك دېگەن،
كىملەرنىڭ يۈرىكى كىمدىن سۇ ئىچەر.

ئىلياس ئابلىمت

# كېيىنكى پۇشايمان

قىلىپ قويغان ئىشىم ئۆچۈن تېرىقچە،
ياىراپ كېتىپ دېگىنىزدىكى بىلىقچە،
چىپىپ قويماي ھەتتا كىچىك ئېرىقچە،
مەن ئۆمرۈمنى ياشاپ بولغان ئادەممەن.

ئۇيۇن دېسە تەرىك ئەتمەي بىرىنى،
ئىزلەپ بېرىپ ئېرى دېمەي ئېرىنى،
يىشەي دېمەي بۇ ھاياتنىڭ سىرىنى،
مەن ئۆمرۈمنى ياشاپ بولغان ئادەممەن.

بىلسە بىراۋ جاندىن ئەزىز بىلىمنى،
مەن ھېسابلاپ كەلدى-كەتتى كىرىمنى،
ئىشىمغىلا قىلىپ يۈرۈپ گىرىمنى،
مەن ئۆمرۈمنى ياشاپ بولغان ئادەممەن.

ئۆز-ئۆزۈمگە ھايات دېگەن مۇشۇ دەپ،
قۇلاق سالماي دانىشمەنلەر قىلسا گەپ،
ئۆزۈم بىلگەن سەنەمگىلا راست دەسسەپ،
مەن ئۆمرۈمنى ياشاپ بولغان ئادەممەن.

### رۇبائىي

دېگىن ئى جان، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،
قىلماي دېسەڭ ئاداۋەتنى ۋەيران-گۇم.
ئەسسالامدىن قولمىلار ئۇيۇل تاش بولسا،
ئەسسالامسىز ئۇيۇل تاشلار بولار قۇم.

مۇھەممەت تۇرسۇن ھەسەن

# يىراقتا بار بىر شائىر قىز

## ئۇن سەككىز يېشىڭدىن ھالقىما نىگار

ئۇن سەككىز يېشىمدا سۆيگەنتىم سېنى،
ئۇن سەككىز قۇياشنىڭ تەپتى-مېھرىدە.
ئۇن سەككىز يېشىڭدا سۆيگەنتىڭ مېنى،
ئۇن سەككىز باھارنىڭ ئۆچمەس چېھرىدە،
ئۆتۈپتۇ ئارىدىن ئۇن سەككىز باھار،
ئۇن سەككىز يېشىڭدىن ھالقىما نىگار.

بېسىلغان لەۋلەرگە سۆيگۈ مۆھۈرى،
بىغۇبار ئېسىۋە سۆيۈش، سۆيۈلۈش.
ئۇنتۇغان دۇنيانى ۋىسال كويىدە،
ئۇن سەككىز مىڭ ئالەم بەرگەن ئۆتۈنۈش.
ئۆتۈپتۇ ئارىدىن ئۇن سەككىز باھار،
ئۇن سەككىز يېشىڭدىن ھالقىما نىگار.

www.uyghurkitap.com



تەنلەرگە سۈت بولۇپ سىڭگەن مۇھەببەت،
قۇياشتىن رەڭلەنگەن بىزنىڭ سۆيگۈمىز.
ئاداققى بەختتىن قوشۇلغان تىنىق،
كەلگەندەك دۇنياغا تەنھا ئىككىمىز.
ئۆتۈپتۇ ئارىدىن ئون سەككىز باھار،
ئون سەككىز يېشىڭدىن ھالقىمغا نىگار،

ئاھ، مانا ھۆسنىڭگە تولدى قىزىمىز،
ئون يەتتە باھارنى ئۇزاتتى دالا.
ئوغۇز رەڭ كۆكسىدە سويلىغان چېچى
دۇنيانى سۆيگۈگە ئوردى مانا.
ئۆتۈپتۇ ئارىدىن ئون سەككىز باھار،
ئون سەككىز يېشىڭدىن ھالقىما نىگار.

يادىڭدا رەسىدە بولغان چاغلىرىڭ،
قامايتتۇق گۈگۈمنى ئويناپ تاڭغىچە،
چىقمايدۇ ئېسىمدىن تۇنجى ۋىسال پەيت،
مەن قۇياش كۆكسىدە تۇنگەن كېچە.
ئۆتۈپتۇ ئارىدىن ئون سەككىز باھار،
ئون سەككىز يېشىڭدىن ھالقىما نىگار.

ھاياتقا زەررىچە قوندۇرمىدۇق چاڭ،
ياشىدۇق پاكلىقتا يېپيېشىپ مەھكەم،
نەۋرىمىز تەبەسسۇم قىلسىمۇ يەنە،
شۇ تۇنجى سۆيگۈدە سۆيىمەن ئەركەم.
ئۆتۈپتۇ ئارىدىن ئون سەككىز باھار،
ئون سەككىز يېشىڭدىن ھالقىما نىگار.

## يىراقتا بار بىر شائىر قىز

مەۋھۇم ماكان، مەۋھۇم بىر چىراي،
ئۇ يەردە بار بىر شائىرە قىز.
ئارىلىقىمىز يەلكى بەك يىراق،
ئەسلىدىنلا تونۇشمايمىز بىز.

ئەڭ سۆيۈملۈك كىتابخانى كىم؟
بىلمەس ئۇ قىز كۆڭۈل ئاختۇرۇپ.
سىردىشمەن مىسرالار ئارا،
يۈرىكىگە يېقىن ئولتۇرۇپ.

ئايمە ھەممەت ساھىبى

# قوناقلىقتىكى ئىشلار

( ھېكايە )

ئېلاخۇن بىلەن بۇمەرەم قوناقلىقنىڭ قىرىغا كېلىشىگىلا مەھەللە باشلىقى قاسىم ئاخۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— قوناقنىڭ تۈۋىنى تېخى يۇمشىتىپ بولالماپسىلەرغۇ؟ ئەتىگە قالمىسۇن، بولمىسا جەرىمانە تۆلەيلا!

— ماقۇل، ئەتىگە قويمايمىز.

ئېلاخۇن ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ كەتمەننى قولىغا ئالدى. تېخى كۈن چىقمىغان، ئۇپۇق يالقۇندەك قىزارغانىدى. قوناق يوپۇرماقلىرىدىكى شەبنەم تۆكۈلۈپ ئېلاخۇننىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى ھۆل قىلىۋەتتى. يالىڭاياغ پۇتلىرىمۇ لاي بولۇپ كەتتى. ئۇ پىشقان دېھقان بولغاچقا بۇنچىلىك ئىشلارغا پەرۋا قىلماي ئىشلەۋېرەتتى.

ئېلاخۇننىڭ غەلىتە مىجەزى بار ئىدى. ئۇ مويلىرى چۈشۈپ، كىرلىشىپ كەتكەن تەلپىكىنى قىش-ياز بېشىدىن ئالمايتتى. ئەتىيازدىن كۈزگىچە پۇتىغا ئاياغ كىيمەي يالىڭاياغ يۈرەتتى. چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ بېشى، ئېڭەكلىرى قىچىشىپ ئارام بەرمىگەندە ئاندىن ساتىراچنىڭ قېشىغا باراتتى. بازارغىمۇ، توي-مەرىكىلەرگىمۇ، مەسچىتكىمۇ ئېتىزلىقتىمۇ شۇ تۇرقى بىلەن بېرىۋېرەتتى. لېكىن ئۇ مەھەللە بويىچە قاۋۇل، ئىشچان، چىدامل‍ىق ئەر ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ چاپىدىغان كەتمىنىنىمۇ خوتۇنى خېلى تەستە كۆتۈرەتتى.

ئېلاخۇننىڭ خوتۇنى بۇمەرەم يىگىرمە بەش، يىگىرمە ئالتە ياشلارغا كىرگەن، قاش-كۆزى خېلى جايىدا، يۇمۇلاق چىراي ئايال. ئۇ ئاتا-ئانىسىدىن، تۇنجى ئېرىدىن ئايرىلىپ تىنىكەندەك يىگانە قالغاندا تونۇش-بىلىشلەر ئەلچىلىك قىلىپ ئېلاخۇن بىلەن تويىنى قىلىپ قويغانىدى. شۇ چاغدا بەزىلەر بۇمەرەمنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ ئېلاخۇننىڭ كۆچى، مال بىساتى بار، لېكىن بېخىل. سەككىز خوتۇن ئالغان بولسىمۇ خوتۇن كىشىنىڭ تاتلىق يەپ، چىرايلىق كىيىشىگە چىدىمايدۇ. شۇڭا بىرەر خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتالمىدى، دېيىشكەن. لېكىن بۇمەرەم بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالمىغان.

شۇنىڭدىن بېرى ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئېلاخۇننىڭ مىجەزى ھېچ ئۆزگەر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى تەلپەكنى بۇمەرەم ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆزدىن يوقىتالمىدى. ئۇ زورلاپ يۇرۇپ ئالدۇرغان چىمەن دوپپىنى ئېلاخۇن بېشىدا پەقەت تۇرغۇزمىدى. دوپپىنى بىردەم كىيىپلا، سامانلىقتىن ياكى ئۆينىڭ ئاللىبىر بولۇڭ-پۇشقاقلىرىدىن تەلپىكىنى تېپىۋېلىپ يەنە كىيىۋالاتتى. تۆگىنىڭ تاپىنىدەك كېلەگسىز ئايىغىغا كىيگۈزۈلگەن رېزىنكە كالاچمۇ بىر پەستە نەگىدۇر غايىب بولاتتى. بۇمەرەم كايىپ: ئەل-جامائەت ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ؟ باشقىلارنىڭ ئۈستىبېشىغا، ئۆيلىرىگە قاراپ باقمىدىڭىزمۇ؟ قولىمىزمۇ ئانچە قىسقا ئەمەس. بىز نېمىشقا ئىشلەيمىز؟ كىمگە ئىشلەيمىز؟ دۇنيا يىغىپ ئاخىرەتكە يۈدۈپ كەتكىلى بولامتى؟ قاچانمۇ ئادەم بولار بۇ ئادەم، دەيتتى. ئېلاخۇن بولسا كۆنۈپ قاپتىمەن، ئادەم يېڭى كىيىم بىلەن ئىش قىلغىلى بولمايدىكەن، دەپ چاڭگىللىشىپ كەتكەن ساقال-بۇرۇتلىرى ئارىسىدىن چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ ھىجىياتتى.

بۇمەرەم قوناقلىقتا ئوت ئوتاۋېتىپ كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى ئېلاخۇنغا ئېيتتى:

— بىر تېلېۋىزور ئالايلىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم، ھەر كۈنى كەچتە تېلېۋىزور كۆرىمىز دەپ خەقنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرغىلى يۈز چىدىمايدىكەن. ئىككى پاقلان ساتساق كېلەر. قويلارمۇ ئاۋۇپ كەتتى، بېقىپ بولالماي قالدۇق.

— ئۇ نەرسىنى كۆرمىسەكمۇ كۈنىمىز ئۆتتۇۋېرىدۇ، — دېدى ئېلاخۇن بېشىنى كۆتۈرمەستىن.

— نېمانچە قىلارمىز. بانكىدىمۇ تۆت مىڭ كوي پۇلىمىز بار. يېمەي-ئىچمەي يىغىۋېرىپ، ئىشلىگەنلىك راھىتىنى كۆرەلمەي كېتەمدىمىز بۇ جاھاندىن؟ — بۇمەرەم خورسىنىپ غۇدۇڭشىدى.

— پۇل بولسا ئالمىغاننى ھامان بىر كۈنى ئالغىلى بولىدۇ. ئىككى نان تېپىپلا بىردە داپ چالغىلى تۇرساق قاملاشماس خوتۇن، — دېدى ئېلاخۇن سەل ئۆتكەندىن كېيىن بېلىنى رۇسلاپ.

ئېلاخۇننىڭ ئويلىغانلىرى بار ئىدى. دېھقان خەقنىڭ تۆت تەڭگە تاپمىقى تەس. تاتلىق يېمىگەنگە، چىرايلىق كىيمىگەنگە ئادەم ئۆلمەيدۇ. قورساق ئاچ قالمىسا بولدى. ئۇ ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ ئاش-ناننىڭ، پۇلنىڭ دەردىنى ئاز تارتتىمۇ؟ ئۇنىڭغا رەھمەتلىك دادىسى شۇنداق ئۆگەتكەن. قولۇڭغا كىرگەننى چىڭ تۇت، قولۇڭدا پۇل بولسا خەقنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالمايسەن. كۈچۈڭنىڭ بارىدا ئىشلەپ يىغ، دېگەن. ئۇنىڭ بېشىغا ئالمادىس كۈن چۈشۈپ قالسا ئاشۇ تۆت تەڭگىسى ئەسقاتىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئۆيىنى يېڭىلاپ، ئايۋان-ساراي سالغۇسى بار. باشقىلارنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسىنى، ياسىداق ئۆيلىرىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ بۇ خىيالى كۈچىيىدۇ.

ئۇ ئېتىز قىرىدا ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرۇپ ئويلىغانلىرىنى خوتۇنىغا دېدى. بۇمەرەم ئىندىمىدى. ئۇ كۆڭلىدە ئېلاخۇننىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭمۇ توغرا يەرلىرى بار دەپ ئويلايتتى. ئۇلار بىر ئېتىز قوناقنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ ئوتلىرىنى ئوتاپ بولغاندا كۈنمۇ خېلى بىريەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئېلاخۇن

ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقىنىغا تۈكۈردى-دە، كەتمەننى ئېلىپ يەنە بىر ئېتىز قوناقنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىشقا باشلىدى. بومەرەم گاھ ئېلاخۇنغا، گاھ كۈنگە قاراپ ئېمىگىدۇر ئالدىرايتتى.

بومەرەمنىڭ ئوتتۇز-قىرىق كۈن ئارام ئالماي باققان بىر قوتا قۇرتى ئاخىرى پىلە بولدى، ئۇلار تۈنۈگۈن ئاخشام چىراغ يورۇقىدا پىلە تېرىپ ئىككى سېۋەتكە قاچىلاپ قويغان، ئەتىگەندە ناشتىمۇ قىلماي قوناقلىققا چىققانىدى. بۈگۈن ئۇلار شەھەرگە، بازارغا بېرىپ ئاشۇ پىلىنى ساتماقچى، سودىلىق قىلماقچى ئىدى. بومەرەمنىڭ پىلىنىڭ پۇلىغا بىر كۆڭلەك كىيىۋېلىش، ھېچ بولمىسا بىر تال ياغلىق ئېلىۋېلىش ئويى بار ئىدى. ئۇ نەچچە قېتىم توخۇنىڭ تۇخۇملىرىنى يىغىپ ساتقاندا ئېلاخۇن پۇلىنى ئېلىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلەكمۇ، ياغلىقمۇ ئالالمىغانىدى. ئۇ ئاخىرى ئېلاخۇننى ئالدىراتتى.

— ئەمدى قايتايلى، بازار ۋاقتى بولۇپ قالدى. بازار كۈندە پىلە ساتىدىغان يەردە ئادەم كۆپ، بۇرۇنراق بارايلى!

— مەن ئالدىرىمىسام ئۆيدە قالىدىغان خوتۇن ئالدىراپ كەتتىڭغۇ.

ئېلاخۇننىڭ غۇدۇڭشۇپ دېگەن گېپىدىن بومەرەم ھەيران قالدى.

— مەن ئۆيدە قالامدىمەن، بىللە بارمامدىمەن؟

— خوتۇن كىشىگە بازاردا نېمە بار، ئېغىلدا مال-ۋاران تۇرسا، ئىككىمىز بارساق ئۆينى كىم باقىدۇ!

بومەرەمنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە زۇۋان سۈرمىدى. كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ قالغان ياشلار بىردىنلا مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— خوتۇن كىشى دېگەن مۇڭ مەددىكاركەن. ئېمىشقىمۇ تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھاردىم، تالدىم دېمەي يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قۇرت باقتىم. تېخى سىزنى بازارغا بىللە ئاپىرىپ پىلە پۇلىغا بىرەر تال ياغلىق ئېلىپ بېرەرمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن. توي قىلغاندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ بازارغا ئاپىرىپ بىر زىخ كاۋاپ ئېلىپ بەرگىنىڭىزنى، بىر گۆشگىردىنى يېرىپ ئالدىمدا قويغىنىڭىزنى ئۇقمايمەن. ئىشلەيمەن، ئىشلەيمەن، كىمگە ئىشلەيمەن؟ بېشىمدىكى ياغلىق كونىراپ، تىتىلىپ كەتتى.

بومەرەم ئېسەدەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

— ئەستا... ماۋۇ خوتۇننى. خوتۇن كىشى دېگەننىڭ كۆزى لاتا-پۇتىغا تويارمۇ بۇ جاھاندا؟ بىر تال ياغلىق دېگەننى ئالغاچ كەلسەم بولمىدىمۇ؟

بومەرەم يېشىنى سۈرتۈپ ئېسەدەشتىن توختىدى.

— لەۋزىڭىزدىن يېنىۋالماڭ ئەمسە! تۆت تەڭگىگە چىداپ، جاراستانلىقى باز بىرەر ياغلىق ئالغاچ كېلىڭ!

ئېلاخۇن ئىندىمىدى. ئۇنىڭ چۈپۈر ئاستىدا قالغان چىرايىدىن بىرەر ئىپادىنى بايقىغىلى بولمايتتى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن بومەرەم ئۇنىڭغا بىر-ئىككى كوينىڭ كۆزىگە قارىماي بىر تال شاپاق بۆك ئېلىپ كىيىپ كېلىشىنىمۇ تاپىلىدى.

بۇمەرەم ئوتلارنى يىغىپ خالتىغا تىقتى. ئىلاخۇن كەتمىنىنى دۈلىسىغا سالدى. ئۇلار قوناقلىقتىن ئۈن-تىنسىز چىقىشتى.

كۈن غەربكە قىيسايغان چاغ ئىدى. دەل-دەرەخ، قوناقلار كەچكى شەپەقنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى. بۇمەرەم خالتىسى بىلەن كوتمەك ئوتىغۇچىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قوناقلىققا كەلدى. ئۇ خالتىسنى قىر تۆۋىگە تاشلاپ قوناقلىققا چۆكتى. قوناقلار تېخى ئىككى غېرىچتەكلا ئۆسكەن بولۇپ، بەكلا يۇمران ئىدى.

ئۇنىڭ ئوي-خىياللىرى قوناق تۈپلىرىگە يۆگەشكەن يۆگىمەچ ئوتتەك بارا-بارا چىگىشلىشىپ كەتتى. ئۇ بىردەم بۈگۈن پىلىنىڭ نەچچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى، ئىلاخۇنىنىڭ قانداقراق ياغلىق ئالغاچ كېلىدىغانلىقىنى خىيال قىلسا، بىردەم ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن ھاياتىنى ئەسلەپ نېمىگىدۇر ئىچىناتتى. بىردەم مەھەللىدىكى قايسىبىر ئايالنىڭ كىيگەن يېڭى كۆڭلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇلارغا ھەۋەس قىلاتتى. ئاشۇ ھەۋەس يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىنى پىژىلدىتىپ ئېچىشتۇراتتى. ئۇنىڭ پۇتىغا بىر ئۈزۈن پايپاق تارتقۇسى بار ئىدى. لېكىن ئۇ تىزىغا ياماق چۈشكەن، پۇشقاقلىرى يىرتىلىپ كەتكەن ئىشتانىدىن قۇتۇلالماي ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ھازىر زامان ياخشىلىنىپ، دېھقان خەقنىڭ قورسىقى ئاش-نانغا تويدى. ھېچكىمنىڭ ئۇچىسىدا ياماق چۈشكەن كىيىمنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىز-چوكانلار ئېتىزلىقتا ئەتلەس، دۇخاۋا، گىرىپ كۆڭلەك بىلەن ئىشلەيدۇ. لېكىن ئۇ-زە...، ياش چېغىدا كىيمىگەن كىيىمنى قانداق چاغدا كىيەر؟ ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئىلاخۇنىنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنلىرى بىلەن نېمىشقا ئوي تۇتالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

ئۇ قولىدىكى بىر سىقىم ئوتنىڭ تۈپىسىنى قېقىۋېتىپ يېنىدا قويدى-دە، ئوتىغۇچىنى يەنە يەرگە سانچىدى. شۇ چاغ ئۇنىڭ يېنىدىلا گۈرۈلدىگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. قوناقلىقنىڭ باش تەرىپىدىكى كىچىك يولدا شىلەپىلىك بىر ئەر موتىسكىلىتىنى توختىتىپ قويۇپ قوناقلىققا كىرىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئېتىز قىرى بىلەن مېڭىپ بۇمەرەمنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئوت ئېلىۋاتامسىز؟

— ھەئە.

— سىلەرنىڭ ئۆيدە ساتىدىغان گۆلە-قاق، مېغىز بارمۇ؟

— يوق، سېتىپ بولغان.

شىلەپىلىك ئەرنىڭ ساقاللىرى قىرىلغان، كىيىملىرى پاكىز، رەتلىك ئىدى. ئۇ بۇمەرەمنىڭ قېشىغا كېلىپ قىردا ئولتۇردى. ئۇنىڭ شەھەردىن كېلىشى ئىككەن، گۆلە-قاق، مېغىز ئېلىپ ئىچكىرىگە ئاپىرىپ ساتىدىكەن. ئۇ شۇلارنى دېگەندىن كېيىن بۇمەرەمنىڭ ئىسمىنى، ئېرى، باللىسى بار-يوقلۇقىنى، نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سوراشقا باشلىدى. بۇمەرەم ئۇنىڭ سوئاللىغا ئوت ئوتاۋېتىپ ئۇدۇللۇق جاۋاب بەردى. بۇمەرەم ئۆزىنىڭ قوناقلىقتا بىر ئەركىشى بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرغانلىقىدىن خىجىل بولماقتا ئىدى. بىرەرى كۆرۈپ،

قالمىغىدى دەپ ئەنسىرەيتتى. شىلە پىلىك ئەر كېلىپلا ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— بۇ... بۇنداق قىلمىسلا، مەن بىر ئەرنىڭ ئەمرىدىكى خوتۇن، كىشلەر كۆرۈپ قالسا سەت تۇرىدۇ...

بۇمەرەم هودۇقۇپلا كەتتى، ئۇ خېلى يۇلقۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ئۇ ئەر هېچ قويۇپ بەرمەي ئۇنىڭ لەۋلىرىگە، ئېڭەك-لىرىگە سۆيدى. ئەر بۇمەرەمنى يەرگە بېسىشقا ئۇرۇناتتى. بۇمەرەممۇ تۇتۇق بەرمىدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن تىركەشتى. ئەر هالسىرىغاندەك بوشىشىپ بۇمەرەمنى ئاستا قويۇپ بەردى.

— سىز مۇشۇ چىرايىڭىز بىلەن قوناقلىقتا ئىش قىلىپ ئۆلتۈرۈشقا زايا كېتىپسىز. شەهەرگە كېتىشنى خالامسىز؟

بۇمەرەم ئىندىمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا هېچ بىر ئىپادە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ مېنى ئالداش ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە شىلە پىلىك ئەرنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغاندەك تۇيۇلۇشقا باشلى-دى. دۇرۇس، ئۇ ئېلاخۇننىڭ ئاغزىدىن شۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى ئاڭلاپ باقتىمۇ؟ قىلغان ئەمگىكىگە لايىق كۆن كۆرەلىدىمۇ؟

— خوتۇنۇم بىلەن ئاجرىشىپ كەتكە-نىمگە بىر يىلدىن ئاشتى. خوتۇن بولغان بىلەن هېساب ئەمەسكەن. تېپىپ بەرگەن-نى جايىدا ئىشلىتەلمىسە، ئۇن، گۆش-ياغ بولغان بىلەن ئاش-تاماقنى جايىدا ئېتەل-مىسە بىكاركەن. ئۆيدە كۆڭۈلگە ياققۇدەك خوتۇن بولمىسا تاپقان پۇلنىڭ لەززىتى بولمايدىكەن.

شىلە پىلىك ئەر دەردمەندەك سۆزلەيت-تى. ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن زارلىناتتى. قارىغاندا ئۇمۇ بىردەردمەن ئوخشايدۇ.

— قويۇڭ بۇنداق يېزىنى! ياشلىقىڭىز-نى زايا قىلماڭ! شەهەرگە كېتەي دېسىڭىز خىزمەت تېپىپ بېرەي. مېنىڭ گۆلە-قاقلىرىمنىڭ ئەخلىتىنى ئادالاپ بەرسىڭىزمۇ خىزمەت، قولۇمدا بەش-ئالتە ئادىمىم بار، هەر بىرىگە ئايدا تۆت يۈز يۈەندىن ئىش هەققى بېرىمەن. سىزگە بەش يۈز يۈەندىن بېرەي، ناۋادا ماقۇل كۆرسىڭىز بىر ئۆيدە بولۇپ قالايلى.

بۇمەرەم شىلە پىلىك ئەرنىڭ گېپىنىڭ راست-يالغانلىقىغا ئىشىنەلمىدى. شەهەر-لىكلەرنى هېچنېمە دەپ بولمايدۇ. ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ قەدەمنى خاتا بېسىپ قويسا كېيىن مەهەللىگە كەلمەك ئاسانمۇ؟ ئۇ شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ جىم ئولتۇردى.

شىلە پىلىك ئەر مەيدە يانچۇقىدىن بىر سىقىم پۇلنى ئالدى. ئۇنىڭ ئارىسىدىن ئون كويلۇق پۇلدىن ئۈچنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ بۇمەرەمگە تەڭلىدى.

— بۇنى ئاز كۆرمەي ئېلىپ قويۇڭ، خەجلەرسىز.

بۇمەرەم پۇلنى ئالمىدى.

— ياق، مەن ئېرىم بار ئادەم، سىلىنىڭ پۇللىرىنى ئالسام قانداق بولىدۇ؟

— هېچقانداق بولمايدۇ.

شىلە پىلىك ئەر بۇمەرەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ پۇلنى سىقىمدىتىپ قويدى. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بىر هازا تۇرۇپ قالغان-دىن كېيىن كۆڭلىكىنى ئۆرۈپ پۇلنى

www.uyghurkitap.com


ئىشتىنىڭ يانچۇقىغا سالدى.
بۇمەرەمنىڭ كۆز ئالدىغا ئېلاخۇن كەلدى. ئۇ كۆڭلىدە ئېرى بىلەن بۇ ئەرنى سېلىشتۇرۇپ باقتى. ئىككى ئەرنىڭ ياش قۇرامى تەڭ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرى پىخسىق، بىرى مەرد، بىرى مەينەت، بىرى پاكىز، بۇمەرەم ئۇلارنىڭ بىرىگە ھەۋەس قىلسا يەنە بىرىگە ئىچ ئاغرىتىشقا باشلىدى. ئۇ ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ئېلاخۇنغا ئىچ ئاغرىتقان بىلەن ئېلاخۇن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتالىدىمۇ؟ ئېلاخۇن ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم بەش كوي پۇل تەڭلەپ باقتىمۇ؟
— ئېرىڭىزدىن خېتىڭىزنى ئالالامسىز؟
شىلەپىلىك ئەرنىڭ سوئالى بۇمەرەمنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى.
— خەت؟
بۇمەرەم ئويلىنىپ قالدى. ئۇلار خەت ئالمىغان ئىدىغۇ، نىكاھ ئوقۇتۇپلا بىر ئۆيدە ئولتۇرغان.
— بىز خەت-پەت دېگەن بىر نەرسە ئالمىغان.
شىلەپىلىك ئەر مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
— ئەمىسە تارتىشقۇدەك ئىش يوقكەنغۇ؟ مەن بىلەن بىللە كېتەمسىز؟
بۇمەرەم تېڭىرقاپ قالغاندەك تۇرۇپ قالدى. يەڭگىللىك قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ شىلەپىلىك ئەرنى سىناپ باقماقچى بولغاندەك دېدى:
— سىلى ئاغزىلىرىدا ئۇنداق دەپ قويغان بىلەن مېنى يارىتامالا؟ پەللەپ① شەھەرگە ئاپىرىپ بولۇپ تاشلىۋەتسىلە قانداق قىلىمەن؟ مېنىڭ بارار-كېلەر يېرىم بولمىسا؟
شىلەپىلىك ئەر تېرىككەندەك بولدى.
— مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلىدىغان ئەركەكمەن، قەسەم ئىچىپ بېرەيمۇ ئەمىسە؟
بۇمەرەم بىر نەرسە دېمىدى. ئۇ شۇ تاپتا نېمە دېيىشنى بىلەلمىگەندەك كۆرۈنەتتى.
— ئەمىسە ئويلىنىپ ئاخشاملىققا ئۇچۇرىنى بېرەي، ساقلاپ تۇرالامىلا؟
— ماقۇل، بىر ئاي دېسىڭىزمۇ ساقلاپ تۇراي.
بۇمەرەم ئۆتلىرىنى خالتىسىغا تىقىپ ئۆيىگە ياندى. ئۇ شۇتاپتا ئوت ئەمەس بىر خالتا ئوي-خىيالنى يۈدۈپ ماڭغاندەك ئىدى.
بۇمەرەم ئۆيىگە كىلىپ ئەمدىلا قويلارغا ئوت تاشلاپ بېرىپ تۇرۇشىغا ئېلاخۇنمۇ ئېشەك ھارۋىسىنى غىچىرلىتىپ بازاردىن كەلدى. يۈز-كۆزلىرىگە، ساقال-بۇرۇتلىرىغا قونغان توپا-توزان ئۇنى بەئەينى بىر بوۋايغىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇ ھارۋىدىن بىر خالتا ئاق ئوغۇت، خورجۇن، بوش سېۋەتلەرنى ئالدى، ئاندىن ئېشەكنى ھارۋىدىن چىقىرىپ ئېغىلغا سولىدى.
— پىلىنى نەچچە پۇلغا ساتتىڭىز؟
— خېلى يامان ئەمەس، يىگىرمە ئۈچ كىلو كەلدى، ئىككى يۈز ئەللىك كويغا ياردى.
ئېلاخۇن شۇنداق دېگەچ خورجۇننىڭ ئاغزىنى ئاچتى-دە، بىر قىزىل ئەينەك ياغلىقنى ئېلىپ بۇمەرەمگە تەڭلىدى.

① پەللىمەك — ئالدىماق.

— مانا، ياغلىق ئالغاچ كەلدىم. ئەمدىغۇ رازى بولارسىز؟

بۇمەرەم ياغلىقنى قولىغا ئېلىپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بۇ سودىگەرلەر يېزىنىڭ بازىرىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ بىر كويدىن ساتىدىغان ياغلىق ئىدى.

— دومسىيىپ قالدىڭىزغۇ؟

ئېلاخۇن تەئەججۇپلەنگەندەك سورىدى.

— نەچچە پۇلغا ئالدىڭىز بۇنى؟

— بەش كويغا.

— ئادەم گوللىمىگە! كىچىك بالا بولمسام مەن، بەش كويلۇق ياغلىق ئالغان بولسىڭىزغۇ خېلى بەلەن ئىش بولاتتى.

ئېلاخۇن چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ يالغان ئېيتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— راست خوتۇن، بەش كويغا ئالدىم.

— قويىگە ئۇنداق گېپىڭىزنى، شۇڭا بىللە باراي دېگەنىدىم.

بۇمەرەمنىڭ كۆزلىرىگە ياش لىغىرلاپ قالدى. بىر سىقىم پۇلنى يانچۇقىغا سالغان ئادەم بەش كويغا چىداپ بىر ياغلىق ئېلىپ بېرەلمىسە، بۇنداق ئەرنىمۇ ئېرىم بار دېگىلى بولامدۇ؟ بۇمەرەم كۆڭلىدە ئېرىگە لەنەت ئوقۇدى.

— بېشىڭىزغا بىر شاپاق بۆك ئېلىك دېگەنىدىمغۇ؟

— قوناقتا ئەي قىلغىلى بىر خالتا ئۇغۇت ئالدىم. ئاشقان پۇلنى چىپىن ① قىلغۇم كەلمىدى.

— ئوت-ياش ئالغاچ كەلمىدىڭىزما؟

— باغدا چامغۇر بولغاندىكىن دەپ ئالماپتىمەن.

— بىرەر قېتىم لەغمەن ئېتىپ يەرمىز دېگەنىدىم، شۇمۇ ئەقلىڭىزگە كەلمەپتۇ.

بۇمەرەمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ ئۆزىنى شۇنچە غېرىب، بىچارە ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئىشنى كۆتۈرۈپ ئېرىگە قارىدى. ئېلاخۇن شۇنچە بىغەم، بىپەرۋا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ شۇتاپتىكى تۇرقى بۇمەرەمگە ھېچنەرسە يېمەيدىغان، ئىچمەيدىغان، كىيمەيدىغان بۇتتەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئېرىگە، ئۆيىگە يەنە تارتىشىپ ئولتۇرۇشقا ھېچ تاقىتى قالمىغاندەك ئىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

— قوناقلىقتا ئوت قالغان، بېرىپ ئەكىلەي.

— مەنمۇ ئېشەككە بېدە ئورۇپ كېلەي.

ئېلاخۇن بۇمەرەمدىن بۇرۇن ئورغاقنى قولىغا ئېلىپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا ماڭدى. بۇمەرەم قولىدىكى ياغلىقنى پۇرلەپ يەرگە تاشلىۋەتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ بوقچىنى قولىغا ئالدى-يۇ، ئۇنىمۇ چۆرۈۋەتتى. بوقچىنىڭ ئىچىدە كىيگۈدەك يېڭىراق بىرنەرسىنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى، ئۇ ئالدىراپ ئىشىكتىن چىقتى-دە، قوناقلىققا كەلدى. بوچاغدا گۈگۈم چۈشۈپ قالغانىدى.

ئۇ شىلەپىلىك ئەر ساقلاپ تۇرماي كەتكەن بولسىمۇ مەيلى، رىسقىم بىر يەردە باردۇ، پېشانەمگە پۈتۈلگىنىنى كۆرەرمەن دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇ ئەر راستتىنلا ساقلاپ تۇرغانىكەن.

---

① چىپىن قىلماق — پارچىلماق.

بىردەمدىن كېيىن موتىسكلىتنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىدىن تىمتاس قوناقلىقنىڭ چۈشى بۇزۇلغاندەك بولدى. چىراغ يورۇقى يولنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى. موتىسكلىتنىڭ ئاۋازى گۈگۈم قوينىدا بارا-بارا يىراقلىشىپ كەتتى.

قوناقلار باش تارتىپ، پۈپۈك چىقارغانىدى. ئىبلاخۇن يېرىم خالتا ئاق ئوغۇتنى يۈدۈپ، كەتمىنىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قوناقلىققا كەلدى. ئۇ ئاق ئوغۇتنى ھەر بىر تۈپ قوناقنىڭ تۈۋىگە بىر سىقىمدىن قويۇشى، ئارقىدىن ئۇنى توپا بىلەن كۆمۈپ چىقىشى كېرەك ئىدى. ئۇ قوناقنى ئوغۇتلاپ بولغاندىن كېيىن ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ كەتمىنىنى قولىغا ئالدى.

ئۇ قوناقنىڭ تۈۋىگە توپا يۆلەۋېتىپ خوتۇنىنى ئويلايتتى. بۇمەرەم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتى. ئۇنىڭ قېشىدا ئوت ئېلىپ، قوناققا ئەي قىلىپ ئولتۇرغاندەكلا بىلىنەتتى. بۇمەرەم ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىۋالغانسېرى ئۇ ئۆزىنى شۇنچە غېرىب، بىتەلەي ھېس قىلاتتى. نېمىگىدۇر پۇشايمان قىلاتتى. يۈرىكى ئېچىشقاندەك بىلىنەتتى.

خوتۇنىنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە يىگىرمە كۈن بولغانىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ گېلىدىنمۇ تۈزۈك بىرنەرسە ئۆتمىدى. ئەتىگەندە بىرپارچە قوناق كۆمچى بىلەن سوغۇق سۇدا ناشتا قىلاتتى. كەتمىنىنى دۈلىسىگە سېلىپ چىقىپ كەتسە كۈن چۈش بولغاندا ھېرىپ-ئېچىپ ئاران ئۆيگە كېلەتتى. ھويلىغا كىرىپ بولغۇچە قويلار مەرىشىپ، ئېشەك ھاڭراپ ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋېتەتتى.

بۇمەرەم يوقاپ كەتكەن ئاخشىمىدا ئىبلاخۇن ئېشەكىنىڭ ئوقۇرىغا بېدە بېسىپ بېرىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئولتۇردى. بىرچاغدا ئۇ ئەنسىرىگەندەك بولۇپ قوناقلىققا كەلدى، چاقىرىپ باقتى، قوشنىلارنىڭكىگە كىرىپ سۈرۈشتۈردى، بۇمەرەمنىڭ تۇغقانچىلىقى بار ئۆيلەرگە بېرىپ باقتى. ھېچيەردىن تاپالمىدى. ئەتىسى بۇمەرەمنىڭ تاشلىۋەتكەن ياغلىقىنى، چېچىلىپ ياتقان بوقچىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىرەر ئىشنى تۇيغاندەك بولدى. قوناقلىققا بېرىپ ئىز بېقىپ باقتى. ئۇ قوناقلىقتا بىر ئەرچە ئاياغنىڭ ئىزىنى، چېكىپ تاشلىۋەتكەن تاماكا قالدۇقىنى كۆردى.

ئىبلاخۇن قوشنىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شەھەرگە ئۈچ-تۆت قېتىم بېرىپ ئىزدەپ باقتى، ھېچ يەردىن تاپالمىدى.

قاسىم ئاخۇن ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا بېرىپ ئېلان قىلدۇرۇپ بېقىشنى ئېيتقانىدى، ئۇ يۈز نەچچە كوي پۇل كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ يالتىيىپ قالدى. ئۇ ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا يەنە قاسىم ئاخۇننىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن يېزىلىق پەيچۇسوغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتقان، خوتۇنىنى تېپىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى، ئويلىمىغان يەردىن ساقچىلار نېمىشقا توي خېتى ئالماي بىر ئۆيدە ئولتۇرغان، دەپ ئۇنىڭغا گۇناھ ئارتقىلى تۇردى. ئۇ ساقچىلارنى ئىزدەپ بارغىنىغا پۇشايمان قىلىپ يېنىپ كەلدى.

ئۇ، خوتۇن كىشى دېگەن تېپىلمايدىغان

ئەرسىمىدى، ئۇ قېچىپ كەتسە باشقىسىنى
ئالىمەن، دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى
بېرىپ باقتى. لېكىن بۆمەرەم ئۇنىڭ
خىيالىدىن چىقمىدى. بۆمەرەم ئۇنىڭ ئالغان
خوتۇنلىرى ئىچىدە ھەممىدىن چىرايلىق
ئىدى. ھاردىم، ئاچتىم دېمەيتتى. ئارتۇق
تەلىپىمۇ يوق ئىدى. ئىبلاخۇنغا كۆيۈنەتتى.
ئۇنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇپ
ئىشلەيتتى.

ئۇ كەتمىنىنى يەرگە سالدىم دەپ
بىردىنلا پۇتىنىڭ دۈمبىسىنى كېسىۋەتتى.
شۇ ھامان ئۇنىڭ ھەممە خىياللىرى
توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. قانلار بۇژۇلداپ
ئېقىشقا باشلىدى. كېسىلگەن يەرنى قوللىرى
بىلەن بېسىۋالغانىدى. بىردەمدىن كېيىن
قان بارماقلىرى ئارىسىدىن سىرغىشقا
باشلىدى. ئامال قىلالماي پۇتىنى توپا بىلەن
كۆمۈپ باقتى. ھايال ئۆتمەي توپىلارمۇ
لايغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ ئاخىرى تەر،
كىر دەستىدىن ئەسلى رەڭگىنىمۇ ھېچ
پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان كۆڭلىكىنىڭ
پېشىنى يىرتىپلا پۇتىنى تاڭدى. چۈشكە
يېقىن بىر پۇتىنى سۆرەپ، دىڭگوسلاپ
قوناقلىقتىن چىقتى.

كۆز كىردى. ئۇ ئاقساپ يۈرۈپ
يېرىم-ياتا ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالدى.
ئۇ قوناق شېخى چېپىپ ئۇلتۇراتتى، ئاسمان-
دىن چۈشكەندەكلا قاسىم ئاخۇن پەيدا
بولدى.

— تۆت تۇپ قوناقنىڭ تۈۋىدە بىر
كۈن كەچكىچە ئولتۇرىدىغان گەپمۇ؟ ئوغۇل
بالىدەك چەبدەس ئىشلىسىلە. ئەتە كۈزگى
بۇغدايغا سىيالكا سالىدىغان گەپ.

— ماقۇل، ئەمدى سەل يېرىم بولۇپ
قالدىم، بولمىسا...

— ھەي... خوتۇندىن ئايرىلىپ ھېچ
ئۆز كۈن بولمىدى سىلىگە، — قاسىم
ئاخۇن ئىچ ئاغرىتقاندەك خورسىنىپ قويدى.
ئۇ قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ماڭماقچى بولدى
ۋە كۆڭلىگە بىر ئىش كەلگەندەك ئىبلاخۇنغا
قارىدى، — بۆمەرەمخاننى كۆردۈم.

— ھە، قەيەردە كۆردىلە؟

ئىبلاخۇن قولىدىكى ئىشنى قويۇپ دەررۇ
قاسىم ئاخۇننىڭ ئاغزىغا تىكىلدى.

— يەكشەنبە كۈنى بازارغا قوي
ساتقىلى بارغاندا كۆردۈم. قاسساپ بازىرىدا
شەھەرلىككە ئوخشايدىغان، پايپاق تارتىپ،
يۈزلىرىنى بويىۋالغان بىر ئايال بىر پۇت
گۆش ئېلىپ پۇل ساناۋاتقانىكەن، ئاۋازى
تونۇشتەكلا بىلىندى. قارىسام سىلىنىڭ
بۆمەرەمخان. ھەيران قاپتىمەن، ئۇ مېنى
كۆرۈپلا قارا كۆزەينەك تاقىۋالدى. كېيىن
ۋېلىسىپىتىنى قويۇندەك ھەيدەپ كېتىپ
قالدى. جىق ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

ئىبلاخۇن چۈش كۆرگەندەك بولدى.
قاسىم ئاخۇننىڭ كۆرگىنى راستىنلا
بۆمەرەممىدۇ؟ ئۇ شۇنداق ئۆزگىرىپ
كەتكەنمىدۇ؟ ئۇ قەيەرلەردە يۈرىدىغاندۇ؟
نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ بىرەرىگە تەگكەنمىدۇ؟

ئىبلاخۇن شۇ ھەپتىنىڭ يەكشەنبە
كۈنى شەھەرگە باردى. ئۇنىڭ سودا-
سېتىق ئىشلىرىنىڭمۇ ھېچ تايىنى يوق ئىدى.
بۆمەرەمنى ئۇچراپ قالارمىكىن دېگەن
ئۈمىد بىلەن باردى. ئېشىكى، ھارۋىسىنى
دەڭگە ئەكىرىپ قويۇپ، ئاقساپ يۈرۈپ
بازار ئايلاندى. قاسساپ بازىرىغىمۇ بېرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باقتى. ھېرىپ قالغاندا يولنىڭ چېتىدە ئولتۇردى، پۇتىغا پايپاق تارتقان، كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقىغان ئاياللارنىڭ ھەممە-سىنى بىر-بىرلەپ نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى. لېكىن بۇمەرەمنى ئۇچرىتالمىدى. قاسىم ئاخۇنغا ئۇچرىغان بۇمەرەم بۇ شەھەردىن يوقاپ كەتكەندەكلا ئىدى.

ئۇ پىلە ساتقان پۇلنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ كەلگەنىدى. بۇمەرەمنى ئۇچرىتالسا ئاشۇ پۇلنى ئۇنىڭغا تەڭلىمەكچى، كىيگۈدەك بارنى كىيىپ، يېگۈدەك بارنى يەپ دېمەك-چى ئىدى. بۇمەرەم ناۋادا ئۇنىڭ ئارقىسى-دىن مېڭىپ قالسا ئۇ ئىككى پاقلاپ سېتىپ بىر تېلېۋىزور ئېلىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

كەچ كىردى. ئۇ غەمكىن ھالدا ئۆيگە قايتتى.

ھەش-پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئېلاخۇن جۇدەپ، ئورۇقلاپ كەتتى. چىرايى خۇددى قۇرۇق ياغاچقا بىر سىقىم يۇڭنى چاپلاپ قويغاندەكلا بىر سىياقتا كىرىپ قالغانىدى.

ئۇ يېقىندا ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ تۇل قالغان بىر ئايالغا خېرىدار بولۇپ ئەلچى ئەۋەتكەنىدى. ئۇ ئايال ئەلچى بولۇپ بارغان ئادەمگە مەن ئېلاخۇنغا تېگىپ ئىت-ئېشەكتەك كۈن كۆرۈشنى خالىمايمەن، دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئېلاخۇننىڭ ھەسرىتى تېخىمۇ كۈچەيدى.

بىر كۈنى ئېلاخۇن قوناقلىقتا مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئوت ئوتاۋاتاتتى، قاسىم ئاخۇن يەردىن ئۈنگەندەكلا ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى.

— قوناقنى تېخىچە ئوتاپ بولالماپسىغۇ، بىر ئېتىز قوناقلىقتا ھەپتە ئولتۇرغان بارمۇ. كەچكىچە ئوتاپ ئەي قىلىپ بولسىلا! ئەتە باھالاش بار، ئۆلگۈرتەلمىسىلە جەرىمانە تۆلەيدىغان گەپ.

— ماقۇل، ئۈلگۈرتەي.

قاسىم ئاخۇن ئېلاخۇنغا يېقىن كېلىپ، پىچىرلاپ دېدى:

— بۇمەرەمخان ھازىر ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىدىكەن.

ئېلاخۇن قولىدىكى بىر سىقىم ئوتنى تاشلاپ قويدى.

— ھە، ئۈرۈمچى دېگەن خېلى يىراقمۇ؟

— بۇ يەردىن نەچچە كۈنلۈك يىراق.

— ئۇ نېمە تىجارەت قىلىدىكەن؟

— ماشىنىدا ئۈزۈم، گۈلە-قاق، ياڭاق ئاپىرىپ ساتىدىكەن، پۇل دېگەننى خازان سۈپۈرگەندەك تاپىدىكەن. بىزنىڭ بالا تونۇگۈن تەتىلگە كەلگەن، شۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم.

ئېلاخۇن جىمپىلا قالدى. ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان غۇۋا كەچمىشلىرىنى ئەسلەشكە باشلىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئورنىدىن تۇرۇپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان قاسىم ئاخۇندىن سورىدى:

— ھوي، سىلىنىڭ بالا ئۆيدە بارمۇ؟

— بار، ئۆيدە قالغان.

ئۇ شۇ ھامان قوناقلىقتىن سۆرۈلۈپ چىقتى. ئۇنىڭ كەتمىنى، ئوت سالىدىغان خالتىسى قوناقلىقتا قالدى. ئېلاخۇن ئۇ نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

قۇربان ئەمەت

# كۆكلەيدىغان قاناتلار

(نەسىرلەر)

چىرايلىق بىر ھۇجرىدا ئىككى قىز سۆھبەتكە چۈشتى.

— ناۋادا بىر يىگىت گۈل دۇكىنىدىن بىر دەستە گۈل سېتىۋېلىپ، ئۇنى ساڭا سوۋغا قىلسا قانداق قىلغان بولاتتىڭ؟

— مەن ئالدى بىلەن ئۇ سوۋغا قىلغان گۈلنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىمنى چىرايلىقچە چۈشەندۈرەتتىم-دە، ئۇنىڭغا، ئۆزىڭىز بىر گۈللۈك بىنا قىلىپ، گۈللەر پورەك ئاچقاندا ئۆز قولىڭىز بىلەن بىر دەستە گۈل تېرىپ كېلىڭ، دېگەن بولاتتىم.

— ناۋادا باشقا بىر قىز ھېلقى يىگىت سەن ئۈچۈن بىنا قىلغان گۈللۈكتە پۈرەكلەپ ئېچىلغان نازاكەتلىك گۈلنى ئۈزۈۋېلىپ كەتسە قانداق قىلغان بولاتتىڭ؟

— ئۇ ھالدا بەختسىزلىكتىن قۇتۇلغان بولاتتىم. ناۋادا ئۇ يىگىت ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈچۈن گۈل ئۆستۈرگەن بولسا، ئۇ گۈلنى ھەرگىزمۇ باشقىلارغا ئۈزدۈرمىگەن بولاتتى.

— ئۇنداقتا بىر يىگىت قەلبىڭگە ئىشق ئوتىنى سېلىپ قويۇپ، ئۇن-تىنسىزلا غايىب بولسا، سەن قانداق قىلاتتىڭ؟

— ئۇ ھالدا شادلىق سىرتىمىقىدا تارتىشقا تېگىشلىك ئازابنى كۆتۈۋالغان بولاتتىم.

* * *

تۆت دوست پىنھان بىر ئورمانلىقتىكى بۇلاق بويىدا ئېتىقاد ھەققىدە بەس-مۇنازىرە قىلىشتى.

— ئېتىقاد ئىنسان روھىغا ئادەم ئاتىنىڭ تىنىقى بىلەن كىرگەن. ئۇ ئادەمنى ئىنسانلىق كامالىتىگە يەتكۈزىدۇ. ئېتىقاد تەڭرىنىڭ ئىرادىسىدىن يامراپ چۈشكەن يارقىن شولا. ئۇ قەلبلەر چىمەنلىكىنىڭ گۈل-چېچەكلىرىنى تېخىمۇ رەڭدار قىلىپ

www.uyghurkitap.com

چاقنىتىدۇ. ئېتىقاد كىشىلىك ھاياتتىكى بىرىنچى جۈملە سۆز، — دېدى بىرىنچى دوست.

— ئۇنى بىرگە ئېلىپ يۈرۈش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ بىزنىڭ كۆز قاراشلىرىمىزدا چاقىغا تىزىپ، تەپەككۇر قۇشلىرىمىز بىلەن بىرگە پەرۋاز قىلىپ، غايە ئاسمىنىمىزنى ئاۋاتلاشتۇرىدۇ. ئۇ ئۇزۇن تۈنلەرنىڭ كۆكرىكىدىن تەشمە تېشىپ، بىزنى تاڭ دالاسىغا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ كۆز ياشلارنىڭ قاتلىرىدا يىلتىزلاپ، ئۈمىدسىزلىك زەيلىرى شورلاشتۇرۇۋەتكەن دىل ئېكىنلىكلىرىنى مۇنبەت ئېكىنلىكلەرگە ئايلاندۇرۇپ، ھاياتلىققا زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇقلارنى پەرۋىش قىلىدۇ. ئۇ بىزنىڭ مەۋجۇتلىقىمىزنىڭ ئەڭ زۆرۈر شەرت-شارائىتى، — دېدى ئىككىنچى دوست.

— ئۇ مېنىڭ خانەمگە شۇئىرغان دەھشىتى ئالەمنى قاپلىغان قورقۇنۇچلۇق قاراڭغۇ كېچىدە شەپىسىزلا كىرىپ كېلىپ، ئۆچۈپ قالغان چىراغنى قايتىدىن ياندۇردى. ئاندىن يېنىمغا تېخمۇ يېقىن سۈرۈلۈپ كېلىپ كۆزلىرىمگە تىكىلدى-دە، قوللىرىمنى مەھكەم سىقتى. مەن ئۇنىڭ ھارارەتلىك ئالقانلىرىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان سۇناماس كۈچ-قۇدرەتنى سېزىپ تۇردۇم. ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمدە ئەكس ئەتكەن ئالاقزادىلىكنى ياقتۇرمىسا كېرەك، تەبەسسۇم قىلغان ھالدا دولامغا ئىشەنچ بىلەن بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ، ئورنىدىن لىككىدە تۇردى-دە، مەھكەم تاقاپ قويۇلغان ئىشىك-دېرىزىلىرىمنى جۇنۇنلۇق تۈن دالاسىغا قارىتىپ داغدام ئېچىۋەتتى. شۇ ھامان شۇئىرغانلىق بوران ئۆيۈمگە بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كىرىپ، يېزىق ئۈستىلىمدە ئالدىراقچان يېزىپ تەييارلاپ قويۇلغان ۋەسىيەتنامەمنى قاياقلارغىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆيۈمنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا دۈۋىلىنىپ قالغان ئەسكى-تۈسكىلەر مانا ئەمدى جۇدۇن-چاپقۇن دەھشىتىدىن چۇۋۇلۇپ چىقىپ، ھەممە يەرگە يېيىلدى. مەن باشقىلارغا كۆرسىتىشنى خالىمايدىغان نەرسىلەرمۇ، نى زامانلاردىن بېرى ئىزدەپ تاپالماي ئاۋارە قىلغان نەرسىلەرمۇ ئەمدىلىكتە ھېچ تەككەللۇپسىزلا كۆز ئالدىمدا چۇۋۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى. شۇ پەيتتە كۆزلىرىمگە يارقىن بىر نۇر قاينىمى كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ نۇر ئەسكى-تۈسكىلەر بىلەن قوشۇلۇپ، قويۇندەك پىرقىراپ چۇۋۇلۇپ چىقماقتا ئىدى. مەن يېقىن بېرىپ، ئۇنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان جەڭ بۇرغىسى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. جەمەتىمىزنىڭ بۇ تەۋەررۈك ئاسار-ئەتىقىسى ئاخىرى ئۆز ئۆيۈمدىن تېپىلدى. شۇ دەقىقىدە ئېتىقاد ماڭا تەبەسسۇم ئىلكىدە قاراپ تۇراتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلدىم. زەن سېلىپ قارىسام بۇرغىنىڭ كارنىيىدىن زەرداپلىق قان ئېقىۋېتىپتۇ. ئۇ نېمە بىلەندۇر ياللۇغلىنىپ، ئاغرىق ئازابى تارتىۋاتقان بولسا كېرەك. نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇرغىنىمدا ئېتىقاد قۇلىقىمغا شۇئىرلىدى. «ئۇنىڭ مەلھىمى مانا مەن، سەن مېنى ئۇنىڭ كارنىيىدىن ياڭرات. مەن ئۇنىڭ پۈتكەن ئاۋازىنى ئاچالايمەن» دېدى. مەن ئېتىقادنى بۇرغىنىڭ بوغۇزىغا سالدىم-دە، بار كۈچۈم بىلەن پۈۋلەشكە باشلىدىم. خانەمدە جۇشقۇن بىر سادا ياڭرىدى. ئۇ بارچە غەلدى-غەشلەرنى پاكىز تازىلاپ، مېنى تەبەسسۇملۇق كۆنلەرگە يەتكۈزدى.

— ئېتىقاد-جەڭ بۇرغىسىنىڭ كارنىيىدىن ئېتىلىپ چىققان جەڭگىۋار سادا، — دېدى ئۈچىنچى دوست.
— بىر دانىشمەن دارغا ئېسىلىش ئالدىدا مەيداندا جەمجەت قاراپ تۇرغان ئاۋامغا قاراپ، بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا بوغۇلغان ئەڭ ئاخىرقى سىرتماق بولۇپ قالسۇن، دېگەن ئىكەن، كىشىلەر ئۇ بوغۇلغان سىرتماقلار ھەققىدە قايتا-قايتا ئويلىنىپ، ئاقىۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ بويىندىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان سىرتماقلارنى تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۆز مەھكۇملۇقلىرىغا بەرھەم بېرىشكەن ئىكەن. مەن شۇنداق ھېسابلايدىمكى، ئېتىقاد — ئۆزى سىرتماقتا تۇرۇپمۇ باشقىلارنى سىرتماقتىن خالاس تاپقۇزالايدىغان ئۇلۇغ كۈچ-قۇدرەت مەنبەسى، — دېدى تۆتىنچى دوست.
ئاسماندا تولۇن ئاي ئاستا ئۈزمەكتە. ئۇنىڭ شولىسى بۇلاق يۈزىدە سانسىز ئۇششاق شولىلارغا بۆلۈنمەكتە.
مەن تۆت دوستنىڭ سۆھبىتىدىن مەمنۇن بولدۇم ۋە ئاستا پىچىرلىدىم:
— ئېتىقاد — غايە ئاسمىنىدىكى تولۇن ئاي. ئۇ ھاياتلىق بۇلىقىغا چۈشكەندە سان-ساناقسىز نۇر زەررىچىلىرىگە پارچىلىنىدۇ. ئۇ تاكى بۇلاق چەشمە يۈركەشتىن توختىغانغا قەدەر چەكسىز پارچىلىنىپ بارىدىغان، ھەر بىر زەررىسى بىر دۇنيا جاسارەتنى تۇغدۇرىدىغان كۈچ-قۇدرەت.

* * *

بىر يىگىت خۇش پېئىل بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قالدى. شۇ دەقىقىدىن باشلاپ يىگىت قىزنى رېئال دۇنيادىن ئايرىپ چىقىپ، ئۇنى سۆيگۈ ھاياجانلىرى بىلەن ئاپىرىدە قىلغان خىلۋەت بىر ئىرەمباغقا باشلاپ كىردى-دە، ئۇنىڭغا سۆيگۈ ھەققىدە قىسسە سۆزلەشكە باشلىدى. قىز بۇ سۆيگۈ قىسسىسىدە مەدھىيىلىنىۋاتقان گۈزەل پەرىزاتنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى، ھۆسن-جامالى ۋە غايىۋى گۈزەللىكىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى ھەم ھەسەت يالقۇنلىرىدا تولغاندى. يىگىت ئۆز قىسسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قىزنىڭ قۇلىقىغا يىنىك پىچىرلىدى:
— ئاشۇ گۈزەل پەرىزاتنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟
— بىلمەيمەن، — دېدى قىز ھەسرەتلەنگەن ھالدا.
— ئۇ دەل سىز، ئۇ مېنىڭ روھىي ئالىمىمدە ياشاۋاتقان ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىم.
قىز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھاياجان، خىجالەت، تىت-تىتلىق ۋە ئازاب گىرەلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە ئاخىرقى قېتىم تىكىلدى:
— كەچۈرۈڭ، سىز ياخشى كۆرۈپ قالغان ساھىبجامالغا مەڭگۈ ھەۋەسلىنىمەن ۋە ھەسەت قىلىمەن.

قىز شولارنى دېدى-دە، ئۇنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ بىنا قىلغان غايىۋى دۇنياسىدىن ئۈن-تىنسىز سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، بۇ دۇنيانىڭ پاتقاق كوچىلىرىنى بويلاپ، شاۋقۇن-سۈرەنلىك ھايات قوينىغا كىرىپ كەتتى.

* * *

گۈل ساتقۇچى كوچىمىزغا كىرگەندە بىز ئۇنىڭ سېۋىتىگە لىق تولغان رەڭگا رەڭ گۈللەرگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ قېلىشتۇق. ھەممىمىز تېخى ھېلىلا ئۈزۈپ كېلىنگەن خۇش پۇراق گۈللەردىن بىرەر دەستىگە ئىگە بولۇپ، مېھمانخانا ئۆيىمىزدىكى توپا بېسىپ كەتكەن، قۇپقۇرۇق لوڭقىلىرىمىزغا تىزىپ قويۇشنى، ئۆيىمىزنى گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى بىلەن تولدۇرۇۋېتىشنى ئارمان قىلىشتۇق.

— گۈل ساتىمەن، گۈل ئېلىڭلار، گۈل!

بىز گۈل ساتقۇچىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئېسىمىزگە كەلدۇق. ئىشىك-دېرىزىلەردىن، دۇكانلاردىن بويۇنداپ قاراۋاتقان، كوچىدا قاراپ تۇرۇشقانلارنىڭ ھەممىسى بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى-دە، بىردەمدىن كېيىن ئۇيەر-بۇيەردىن پىچىرلاشقان، غودۇراشقان، ئاغرىنىشقان ھەر خىل ئاۋاز ۋە ئالامەتلەر باش كۆتۈردى. ئاخىر بۇ كۇسۇرلىشىشلار كوچا ئاسمىنىدا ئەكس سادا قايتۇرغۇدەك دەرىجىدىكى ۋاڭ-چۇڭغا ئايلىنىپ كەتتى.

— قاراڭلار ئۇنىڭ قىزىلكۆزلىكىنى، گۆزەللىكنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە تال ئاقچا ئېيمىنگە ئەرزىيتتى. ئۇنىڭ گۆزەللىكنى پۇلغا ساتىمەن دېگىنى ئۇچىغا چىققان ئەخلاقسىزلىق، چاكىنىلىق ئەمەسمۇ؟

— ھەي-ھەي، ئۇنىڭ سېۋىتىدىكى گۈللەرنىڭ رەڭگا رەڭ تۇرغىنىغا قارىغاندا، باشقىلارنىڭ گۈللۈكلىرىدىن كۆكلەپ-تاقلاپ ئوغرىلاپ كەلگەنمۇ تېخى، كىم بىلىپتۇ؟

— بۇ گۈل ساتقۇچىمۇزە، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بولۇمسىز ئادەم ئوخشايدۇ. بولمىسا قىلىدىغان ئىش قالمىغاندەك گۈل ساتىمەن دەپ يۈرەمتى؟

— قاراڭلار ئۇنىڭ ۋىجىكلىكىگە، تارشىدەك ياداڭغۇ قىياپىتىدىن قارىغاندا تازا ئىچى تار بىرنېمە بولسا كېرەك.

— ھەي، ئاڭلىدىڭلارمۇ، تۈنۈگۈن قوشنا مەھەللىلىك بىر سودىگەر نەچچە مىليون پۇل خەجلەپ، ئىت تالاشتۇرۇش سارىيى قۇرۇش ئۈچۈن توختام ئىمزالاپتۇدەك.

مەن بۇ سۆزلەرنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرىگە بېرىلىپ كېتىپ، گۈل ساتقۇچىنىڭ كوچىمىزدىن قانداقلارچە ئۇزاپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قاپتىمەن. ئۇ ئۈن-تىنسىز كېتىپ قېلىۋېدى، خۇددى ئۇ ھەممىمىزنىڭ تىللىرىنى بىراقلا سوغۇرۇپ ئېلىپ كەتكەندەك شۈكلەپ قېلىشتۇق. كوچىدا لاغايلاپ يۈرگەنلەرمۇ، ئىشىك-دېرىزىلەردىن مارىلاپ

تۇرغانلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن غايىب بولۇپ، كوچىنى قايتىدىن ئېغىر سۈكۈنات باستى.

* * *

ناۋادا نەشتىرى بولمىغان بولسا تاتلىقلىقىدىن بال ھەرىسىنىمۇ يەپ تۈگەتكەن بولاتتۇق. ناۋادا ھەسىلى بولمىغان بولسا، نەشتەر بىزگە ھار كەلگەن بولاتتى. ناۋادا مەن نەشتەرگە ئايلانمىغان بولسام، سەن مېنى مەڭگۈ ياخشى كۆرمىگەن بولاتتىڭ.

* * *

سەن مەيلى قەيەردە بول، مەن ھامان سەن بىلەن ئارام تاپىمەن. مەن سېنى ئېنىقلا تاپالمىدىم. مەن ئۆزۈمنى كەينىڭدىن سوڭدىشىپلا كېتىۋاتقاندەك سېزىمەن. مەن ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويغان دەملەردە سەن ھامان مېنىڭ ئادرېسىمنى ئېيتىپ بەردىڭ. بىمەنە سادالارغا توقۇلۇپ قېلىپ، ئۆمۈچۈك تورىغا چۈشۈپ قالغان كېپىنەكتەك تىپىرلىغان ۋاقتىمدا، سەن مېنى چۈشەكتىن ئازاد قىلدىڭ. ھاياتنىڭ ئۈنسىز ناۋالىرىدىن خەۋەرسىز قالغان ۋاقتىمدا سەن مېنىڭ ئاڭلاش سەزگۈمگە ئايلىنىپ، مېنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھايات ھەقىقەتلىرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈردۈڭ. مەن ئاتقا ئايلىنىپ قالغىنىمدا، سەن مېنى ئات بولۇش ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئات ئۈستىدىكى چەۋەندازغا ئايلاندۇردۇڭ-دە، چەۋەندازلىق سائادىتىگە دالالەت قىلدىڭ. مەن گۈللۈكتە ئېزىقىپ قېلىپ، گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقالماي گاڭگىراپ يۈرگەن پەيتلەردە، سەن مېنىڭ كۆزلىرىمدىكى خىرە نۇرلارغا قۇۋۋەت بېرىپ، ئىلكىمدە تۇرغان گۈزەللىكنىڭ شاراپىتىدىن بەھرىمەن قىلدىڭ. مەن ھېلىمۇ سېنىڭ كىملىكىڭنى ئۇقمايمەن. مەن سېنى ئۈن-تىنسىز ئىزدەۋاتقان بولسامۇ، سېنىڭ يېنىمدىلا ئىكەنلىكىڭنى سېزىپ تۇرىمەن. ئەمما كۆرگەندەك بولمايمەن. مەن سېنى ئېنىقلا تاپالمايۋاتقان بولسامۇ، ھەرقاچان ساڭا سوڭدىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى، ھايات ناخشىسىنى ئۆز ئىمكانىيىتىمدىن كۆتۈرەڭگۈرەك سادالار بىلەن ياڭرىتىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ تۇرىمەن. مەيلى سەن كىم بول ھەم قەيەردە بول، مەن ھامان سەن بىلەن ئارام تاپالايدىغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم.

* * *

مەن سۈكۈنات ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان ۋىسالدىن ۋاز كەچسەم كېچىمەنكى،

www.uyghurkitap.com



هەرگىزمۇ ئۆز ئاۋازىم ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلىنىدىغان جۇدالىقنى قولدىن بەرمەيمەن.

* * *

تارىخ پەرەز ئەمەس، بەلكى ئاغدۇرۇۋېتىش مۇمكىن بولمايدىغان ھەقىقەت.
تارىخ ئېھتىياج ئەمەس، بەلكى مۇقەررەرلىك.
تارىخ بايلىق ئەمەس، بەلكى ئاچچىق مېۋە.
تارىخ يول خېتى ئەمەس، بەلكى سالاھىيەتنامە.
تارىخ قۇش ئەمەس، بەلكى قۇشلىرى قانات چىقىرىپ كەتكەن مۇقەددەس ئۇۋا.
تارىخ كۆز يېشى ئەمەس، بەلكى تەبەسسۇم مەنبەئى.
تارىخ قورال ئەمەس، بەلكى كېلىچەككە قاراپ ئېتىلغان ئوق.
تارىخ بۈگۈنكىلەرنىڭ باھاسى ئەمەس، بەلكى كېلىچەك يولىنىڭ بىشارەت تېشى.
تارىخ سوئال بەلگىسى ئەمەس، بەلكى ئۇرغۇلۇق ئۈندەش بەلگىسى.
تارىخ تارىخچىنىڭ مەقسىتى ئەمەس، بەلكى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى.

* * *

پەيلاسوپى يوق مىللەت ئۆزىنى باشقىلار ئارقىلىق چۈشىنىپ يۈرىدىغان مىللەتتۇر.

* * *

مەن تىنىمسىز سەھەرلەرگە ئاشىق. تىمتاس تۇنلەر مېنى غەم قايىناملىرىغا سۆرەيدۇ. تۇن ئىشرەتگاھىدىكى خۇش ناۋا ھەرقانچە لەرزان، ھەرقانچە ئىلھامبەخش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تاڭ پەيتىدىكى بىرتامچە ياش ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. تۇندىكى گۈلخانىلار گەرچە ماڭا ئۇلۇغ بىر يارىلىشنى ئايان قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ تاڭ قۇياشىنىڭ بىر قېتىملىق تەبەسسۇمى ئالدىدا جان تەسلىم قىلىدۇ. تۇن شامالىرى ھەرقانچە ئويناق، ھەرقانچە مېھرىلىك بولسىمۇ، تاڭ ساباسىنىڭ لەرزان بىر سۆيۈپ ئۆتۈشى ئالدىدا ئۇ خىجالەت قىسلاچلىرىغا قايسىلىپ قالىدۇ. تۇندىكى كۈيلەر ھەرقانچە يارقىن، ھەرقانچە ياڭراق بولسىمۇ، تاڭ پەرىزاتىنىڭ بىرقېتىملىق ئاھ ئۇرۇشىدىن ئۆرلىگەن ناۋا ئۇنىڭ بارلىق مەرغۇللىرىنى بېسىپ چۈشىدۇ.

مەن تاڭ ئاتمايدىغان تۇنلەرگە ئۆچ، ئۇ مېنى دىلبەر خىياللاردىن ياساپ، ئاشۇ كۆركەم گۈلچە مېرەكىنى بوينۇمغا تاشلاش ئارقىلىق ئۆز سۆيگۈسىنىڭ مەڭگۈلۈك

مەھكۇمىغا ئايلاندۇرۇشنى ئىستەيدۇ. مەن ئۇنىڭ شاھانە تەختىدىن يالڭاياغ پىتىم قىپچىپ چىققان سەرسان يۇلتۇز، مېنىڭ چاقناۋاتقان ئورنۇم تاڭ زىياسى بىلەن پەردەزلەنگەن زەڭگەر ئاسمان.

* * *

ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك سىغىشمايدىغان نەرسە ئەمەس. ئۈمىد-ئۈمىد بولمىغان پەيتتىكى ئىنتىلىش. ئۈمىدسىزلىك-ئۈمىد ئۈزۈلگەندىن كېيىنكى يالتىيىش. ئۈمىد-ئادەملەرنىڭ تارىخ ئالدىدىكى ئۆزىنى ئاقلىشى. ئۈمىدسىزلىك-ئادەملەرنىڭ تارىخنىڭ قولىغا تاپشۇرغان تەسلىمنامىسى.

* * *

كىچىككىنە جان ئىگىسى بولغان تومۇزغىنىڭ تۈن ۋەسلىدە شۇنچە جۇشقۇن ناۋا قىلالايدىغانلىقى ئاۋاز پەردىلىرىمگە قىلىنغان ھاقارەت.

* * *

يۇلتۇزلارنىڭ سوغۇقلۇقى — بىزنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن نۇرچاقنىتىش ئىمكانىيىتىمىز ئۈچۈن قىلىنغان مەسخىرە.

* * *

مەن ھايۋانات باغچىسىدا ئوغلۇمغا يولۋاسنى كۆرسەتتىم. ئۇ تۆمۈر قەپەس ئىچىدە ئالدىغا تاشلاپ قويۇلغان بىرپارچە گۆشنى بەخرامان يەپ ياتقان زور يولۋاسنى كۆرۈپ، مېنى يالغانچىلىقتا ئەيىبلىدى. مەن ئەمدى ئوغلۇمغا قەپەسنىڭ كارامەتلىرى توغرۇلۇق دەرس بەرمىسەم بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

* * *

پەيلاسوپ تەڭرىنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئالەم مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى. ئىھ، پەرۋەردىگار، ئۇنى قايتىدىن تۈزىگەن بولساڭ.

تەگرى پەيلاسوپقا خىتاب قىلدى:

— ئەي پەيلاسوپ، مالىماتاڭ دۇنياغا سەن نېمە قىلغىلى تۆرەلگەن ئىدىڭ؟

— ھاياتلىق ھەققىدە ئىزدەنگىلى.

— ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئىزدەنمەيسەن؟

— ئى پەرۋەردىگار، مالىماتاڭ ھايات ئىچىدە ئىشنىڭ باش-ئۇچىنى ئىلغا قىلالمىدىم. شۇڭا دۇنيانى قايتىدىن تۈزگەن بولساڭ.

— ئەي پەيلاسوپ، مەن سېنى دۇنيا ھەققىدە ئىزدىنىدۇ دەپ ئويلايمەن. ناۋادا مەن دۇنيانى تۈزەپ بەرسەم، سەن نېمە ھەققىدە ئىزدىنىسەن؟ بۇ مېنىڭ ساڭا قالدۇرغان ئىمكانىيىتىم ئەمەسمۇ؟ سەن مەزلۇملار ئارىسىغا بار. ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلا. سەن زەردارلار ئارىسىغا بار، ئۇلارنىڭ ئىستەكلىرىنى بىل. سەن ئىلكى قىسقا ئادەملەر بىلەن دوستلاش. ئۇلارنىڭ يەتمەكچى بولغان مەنزىللىرىگە كۆز تىك. سەن ھۆكۈمدارلار بىلەن سۆھبەت قۇر، ئۇلارنىڭ نىيەت-ئىقبالىنى چۈشەن. سەن تۇنلەرگە سىغىن، ئەمما تاڭلار ھەققىدە باش قاتۇر، دەريالاردا ئۈز، ئەمما كۆۋرۈك بىنا قىلىشنى ئۇنتۇما. قوشلارنىڭ قاناتلىرىدىن ئىلھام ئال. ئەمما ئۆز قانىتىڭنى قولدىن بېرىپ قويما. مەن سېنى دۇنيانى قايتىدىن ئىزاھلىسۇن دەپ ساقلاۋاتىمەن.

پەيلاسوپ تەگرىنىڭ خىتابىنى ئاڭلاپ ئۇن-تىنسىز خىيالغا پاتتى.

* * *

مەن سەندىن، ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ دەپ سورىسام، سەن ماڭا بازغان چوڭلۇقىدىكى مۇشتۇمىڭنى كۆرسەتتىڭ. مەن سەندىن، مۇشت دېگەن نېمە؟ دەپ سورىۋېدىم، سەن ھېچ ئىككىلەنمەستىن ھەقىقەتنى كۆرسەتتىڭ. كۆنلەر ئۆتۈپ، مەن قازى، سەن دەۋاگەر بولۇپ ئالدىمغا كەلدىڭ-دە، مېنىڭدىن ھەقىقەتنى يۈرگۈزۈپ، ناھەقچىلىقنى ئادىللىق بىلەن بىر ياقلىق قىلىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندۈڭ. مەن ھېچ ئىككىلەنمەستىن بازغاندەك مۇشتۇمۇم بىلەن ئاغزى-بۇرنىڭنى قانغا بويىدىم. سەن ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا ھەقىقەتنىڭ بۇنداق بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىڭ.

* * *

بەخت گۈلىنىڭ ئىككى تال غۇنچىسى بار. ئۇنىڭ بىرى، كۆز ياش ھالىتىدە پورەك ئاچىدۇ. يەنە بىرى، تەبەسسۇم ھالىتىدە پۇراق چاچىدۇ.

* * *

ۋەتەن — مەن سۆرگەن ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ شېرىن ۋە ئەڭ قىرتاق خىيال، مەن سۆيگەن، سۆيۈنگەن، ئەمما ۋىسالىغا چەكسىز ئىنتىلگەن جانان؛ مەن ياش تۆككەن، كۆز يېشى بىلەن بىنا قىلغان نەپىس گۈل لوۋھىسى؛ مەن سىزىۋاتقان چىرايلىق رەسىم.

ۋەتەن — مەندىن ئىبارەت روھ بىلەن تەنىنىڭ بىرلىكىدىن قۇرۇلىدىغان كۆۋرۈككە مۇھتاج يولۇچى.

ۋەتەن — مەن ئوقۇشقا باشلىغان ناخشا، مېنىڭ لۇغىتىمدىكى ئەڭ چىرايلىق سۆز، مەن ئىچمەكچى بولغان ۋىسال شارابىنىڭ قەدەھ سۆزى، كېيىنكىلەرگە يوللىنىدىغان مۇقەددەس خەت.


ۋەتەن — مەن ئېزىقىقان مەنزىل، مەن ئىزدەۋاتقان بۇلاق، مەن يىقىلغان تۇپراق، مەن چوقۇنغان ئىلاھ.

ۋەتەن — مېنىڭ چۈشۈم ھەم مېنى چۈشتىن ئويغاتقان ياڭراق مۇراجىئەت.

* * *

قان-قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن ئارزۇ-ئىستەكلەر تۇنجى قەدىمىنى ئاخىرى مەن قاچىلانغان ۋۇجۇد قەپىسىنى چېقىشتىن باشلايدۇ.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئوسمانجان ساۋۇت**



دولقۇن روزى

# كۆي تۈكىدۇ قەلبىمدىكى قوڭغۇراق



ئۈمىدلىك ياش شائىر دولقۇن روزى 1966-يىل ئاۋغۇستتا قورغاس ناھىيە كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇغۇلغان. 1984-يىلدىن 1989-يىلغىچە شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇغان. ھازىر ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ. مەتبۇئاتلاردا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئۇنى ئىللىق باغرىدا ئەللەيلىگەن ئانا يۇرتىنىڭ سېھرىلىك دالىلىرى، بۇ زېمىندا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ھايات ئېقىمى، شەبنەمدەك سۈزۈك، ئانىدەك ھالال دېھقان روھى ۋە باللىق خاتىرىلىرى قالغان دەقىقىلەر دولقۇن روزىنىڭ يۇمران قەلبىنى شېئىرىيەتتىن ئىبارەت چەكسىز، تىلسىم تۇيغۇ ئالەمگە باشلاپ كىرگەن. ئۇنىڭ قەلبىدە ئىزدىنىش روھى جۇش ئۇرغان. ئىجادىيەت ئەنە ئاشۇ تۈگىمەس ئىزدىنىشلىرى ئىچىدىكى مۇقەددەس مەنزىلدۇر. بىز ئۇنىڭ يېڭىچە پىكىرلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان بىر قىسىم شېئىرلىرىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدۇق.

## مەڭگۈلۈك ئىزلەش

### 1

بۇ ئالەمدە بارمۇ-يوقسەن، بىلمەيمەن ئەسلا،
تۇغۇلدۇڭمۇ، تۇغۇلمىدىڭ بۇ بىر تېپىشماق.
سېنى ئىزدەش پېشانەمگە پۈتۈلگەندەكلا
چەكسىز ئىزلەش ئالەمگە تاشلايمەن ئاياغ.

مىڭ ئۇچراتتىم ساڭا شەكلەن ئوخشايدىغاننى،
ئۇچراتمىدىم مەن تەلپۈنگەن سېنى مۇكەممەل.

ئارمان بىلەن قالدى ئۇلار بەختىمنى تىلەپ،
ساڭا مۇخلىس يۈرىكىمنى قىلالماستىن ئەل.

بارسا كەلمەس بىر مەنزىلگە سەپەر ئالغاندەك،
غايەمدىكى ئوبرازىڭغا ئەگەشتىم ئۇنسىز.
ئىستەكلىرىم تاپالمىدى تەلتۆكۈس جاۋاب،
سوئال بولۇپ ئۇنۇپ چىقتى مەن قالدۇرغان ئىز.

سەن توغرىلىق خىيال سۈرسەم چېكىش بىر خىتاب
گاراڭلاشقان ئىدراكىمنى قىلىۋالار رام.
مەن كەلمەستە بۇ دۇنياغا كېلىپ بىر مەرتەم
مېنى ئىزلەش بىلەن ئۆمرۈك بولغانمۇ تامام...

## سەن بىر گۈزەل گۈلنەپشە

سەن بىر گۈزەل گۈلنەپشە بەرق ئۇرغان قەلبىمدە
ئىزلىرىڭغا سوغدىشىپ ئاتەش سېپەر زەر قۇياش.
بويۇك ئەگىپ كۈيچى قۇش ئىزھار قىلسا ئىشقىنى،
ھاياجاندا بۇلۇتلار تۆكەر ئۆكسۈپ ئاچچىق ياش.

ئاشىق سابا مەست بولۇپ قوغلار ئىپار ھىدىڭنى
يۇتماق ئۈچۈن بەرگىڭدىن شېرىن ۋىسال شارابى.
تۈندە بىدار يۇلتۇزلار ئوقار لىرىك قەسىدە،
پىراقىڭدا تولۇنئاي تارتار دوزاخ ئازابى...

يۈرىكىڭدە بىر ئېقىن دولقۇنلايدۇ بەھەيۋەت
دەريا كەبى سۆيگۈگە بەنت ئەيلەپ دىللارنى.
ئالەمشۇمۇل ئىستەكتە ۋىسال دەيمەن بىقارار،
ساھىل ئارا مارجاندەك يىپقا تىزىپ يىللارنى...

تىنچلىقمغا كۆشەندە سېھرىي خىيال سالمىسى،
سەن توغرىدا چوڭلىرىم سۆزلەر گۈزەل رىۋايەت.
قەسەم قىلدىم مەن ساڭا ئېرىشمەككە، دىلبىرىم،
قىرانلىقتا روھىمدا يىلتىز تارتتى مۇھەببەت...

## مېھمان

سەن لەرزان پەر قېقىپ قوندۇڭ مەيدەم،
ئازابتىن مۇستەسنا قەلبىم تەختىگە.
نۇرانە ئىزلىرىڭ سىزدى يارقىن يول
ئېتىقاد گۈلۈمنىڭ يۇمران بەرگىگە.

ئۇزاتتىم كۆكسۈمنىڭ دولقۇنلىشىدا
سەن ئۈچۈن مېھرىمگە تويۇنغان سالام.
يۈرىكىم ئىشقىڭغا بولدى پەيۋەندە،
كۆلكەڭدىن شىپالىق تاپتى دىل يارام.

تومۇردا بىر لەھزە تىنىغان ناخشىلار
ئىسمىڭنى روھىغا ئالدى تاشقىنلاپ.
كۆز نۇرۇڭ سۈبھىنى يۇدى پاك-پاكىز،
ئەقىدەڭ سەھەرنى بەردى يېڭىلاپ...

مۇھەببەت قۇياشىم ياندى چاراقلاپ،
لىرىكاڭ لېۋىمگە تامغاندا لالەم.
سەن قۇردۇڭ قەسىمىم زېمىنى ئۈزرە
شېئىرغا مەستانە ئىككىنچى ئالەم...

## كەلگىن چۈشۈم تەلپۈنگەندە لەيلىقازاقلار

كەلگىن چۈشۈم، تەلپۈنگەندە لەيلىقازاقلار
قۇچاقلىشاي پېلەك-پېلەك سېغىنىش ئۈزرە،
باھاردەك پاك تىلەكلىرىڭ تاقىسۇن بىزەك،
يۈرىكىمدىن پورەكلىگەن ھەر قەترە سۆزگە.

ئاسمىنىمغا ئۈچۈپ كىرگىن يۇلتۇزدەك يارقىن،
زەرباب لىباس كىيگەن زىبا جانانىدەك لېۋەن.
سۆيۈشەيلى قايرىپ كېچە چىمىلدىقىنى،
ۋىسال قۇچقان مىسال كۆكتە ھەسەنۇ-ھۈسەن.

مۆلدۈر بۇلاق تارتىۋالسۇن سۈرىتىمىزنى
تولۇنئايدىن ئەنداز ئالغان قاراقلىرىدا.
ئاشىق قۇشلار ناۋاسىدەك قونايلى لەرزان،
قىز لېۋىدەك چېچەكلەرنىڭ زىناقلىرىغا.

قىسمىزنى سۆزلەپ بەرسۇن يالپۇز ھىدلىرى
تېما قىلىپ تاڭلا ئەتە رىۋايەتلەرگە.
تۆرلەيلى ئاڭلار ئۈچۈن مۇئەمما بولۇپ،
سەبىي دىللار سۆيۈنگۈدەك قىياپەتلەردە...

## سۆيگۈ قۇدرىتى

تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن مۇھەببەت
سەن گاس ئىدىڭ، مەن گويا ئەما.
ئارىمىزدا سۈرەتتى ھۆكۈم
پېشمى يوق چېگىش مۇئەممە.

ئىزىڭ سۆيۈپ چوقۇنۇشلىرىم
ئىلاھلىققا كۆتۈرگەن سېنى.
ساڭا بولغان بۈيۈك ئېتىقات
ئادەملىكتە قالدۇرغان مېنى.

سىزىپ چېقتى مەڭگۈلۈك بىر ئوت
دىلغا سۆيگۈ خەرىتىسىنى.
ئۇنتۇلدۇردى ئاشىق-مەشۇقلۇق
«ئادەم»، «ئىلاھ» دەرىجىسىنى.

# ئۈمىد ناخشىسى

كەچكۈزنىڭ يۈرىكى چۆكمەكتە مۇڭغا،
يېقىنلاپ كەلمەكتە خوشلىشىش پەيتى.
كەل دوستۇم، شادىمان ئۆتسۇن بۇ ئاخشام،
ئەڭ گۈزەل بىر چۈشتۇر شاراپنىڭ كەيپى.

ئۇيقۇنى چۆچۈتۈپ توۋلايلى ناخشا،
تېخىمۇ ئۇلغايسۇن دىلدىكى يالقۇن.
كۈلەيلى، سوغ شامال-يېقىمسىز تىلدا
دىل ئېزىپ مەرسىيە ئوقۇشتىن بۇرۇن.

سەن سۈكۈت قۇچمىغىن، بولما دىلغۇل،
قايغۇلار ئۆتكۈنچى، كۈلكە ھەم مېھمان.
ياقمىز بىز جەزمەن كۆز يۇمماس گۈلخان،
ئالدىراپ بۇلغانماس بىزدىكى ۋىجدان.

سارغىيىپ تۆكۈلگەن خىيال خازىنى
ئالدانغان تەقدىرگە سۇلغۇن خاتىرە.
ياشاشنى ھەقىقي چۈشەندى يۈرەك،
بېرەيلى كۆز ياشقا گۈزەل خاتىمە.

خەير-خوش دېيىشنىڭ ئۆزى بىر ئازاب،
ئۇ زىنھار ئۆلۈمدىن بەرمەيدۇ دېرەك.
مۇزلاپلا قالمىسا تومۇردىكى قان،
پاكلانغان باھاردا ئاچىمىز چېچەك.

# كۆي تۆكىدۇ قەلبىمدىكى قوڭغۇراق

ساڭا تەنھا تىۋىنغاندا يۈرىكىم،
ئارمانلىرىم چىرمىشىدۇ ۋىسالغا.
چوغلۇق بولۇپ ئېچىلسەن بەك لېۋەن
مەن دۇنيادىن سىر ساقلىغان خىيالدا.

لىرىكىغا لىق تولىدۇ ۋۇجۇدۇم
ئىشقىڭ بىلەن چاچقىنىڭدا خۇش پۇراق.
ناخشىلىرىم بولار بۇدەم غەرق مەست،
كۆي تۆكىدۇ قەلبىمدىكى قوڭغۇراق...

ئايلىنىمەن كۆيۈپ تۇرغان شېئىرغا،
يالقۇن بولۇپ تۇتىشىمەن قېنىمغا.
كەشتىلەيدۇ سۆيۈلمىگەن لەۋلىرىڭ
گۈل ئىسمىڭنى كۆكۈل قويۇپ دىلىمغا.

بىز بولىمىز ئادەم ئاتا ئارمىنى،
ھاۋا ئانا چۈشلىرىگە ياققان ئوت.
گەر بىردەملىك بولسىمۇ بۇ قوشۇلۇش،
بېغىشلايدۇ جۈپ يۈرەككە ئۆلمەس قۇت.

# ئارمان ناخشىسى

مەن غالىبمەن يا مەغلۇب تىلسىم ھايات چۈشىدە،
بىر تەۋەككۈل سەپەرنىڭ يولۇچىسى يۈرىكىم.
ئۆلۈم-كۆرۈم تەشۋىشى مېنىڭ ئۈچۈن ئىمتىھان،
ئۈمىد كۈلگەن ناخشىلار روھ ۋە قەلب تۈۋرۈكۈم.

بەرھەق چەكلىك نۇرسىپەر مەۋجۇدلۇقۇم يۇلتۇزى،
ئۆزگە كۆكۈل رىزقىغا سەجدە قىلماس غورۇرۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىگىتلىكىم تەقدىرگە چىقارمايدۇ ئاق بايراق،
يىلتىزىمدىن، قېنىمدىن مىراس ماڭا بۇ ئۇدۇم.

قىلسام ئەگەر ئىختىرا بىر مۇقەددەس تەگلىمە،
تەڭسىز جانلار ئىستىكى قۇچار ئىدى زەر ئاپتاپ.
شەپەرەڭدەك قۇياشقا مەڭگۇ ئاسىي يۈرەكلەر
ساتالماستى پاك دىللار ۋىجدانىنى ئوغرىلاپ.

خىياللىرىم قانىتى تاپسا ئەگەر كەڭلىكنى
مەشئۇم كۆزلەر چۈشلىرى ئىز باسمىغان بوشلۇقتىن؛
قۇراق-قۇراق سامادا تېڭىرقىغان پەرۋازىم
بولار ئىدى بەھرىمەن ئەڭ سۆيۈملۈك خۇشلۇقتىن.

## سۆيگۈ ئەسلىمىسى

بىز سۆيگۈنى ئىزدىگەن ئاشۇ خىلۋەت ئورماندا
گۈزەل پىتى ساقلىنار تۇنجى سۆيۈش جۈملىسى.
بىزگە ۋىجدان تىلىدا ساۋاق بەرگەن بۇلاقلار
يۈرىكىدىن بۇلدۇقلاپ تۇرار پاكلىق ئۈلگىسى.

تەقدىرىمىز چىگىلگەن يالغۇز ئاياغ پىنھان يول
سىبھرلەنگەن دىملەرنى بىرەر يارقىن ئىزاھلاپ.
ۋەسلىمىزگە خەيرلىك تىلەپ قالغان تۆت قولاق
تۇرار يېشىل باغرىدا بىر دەستە نۇر قۇچاقلاپ.

ئون سەككىز ياش كۆيىگە تەڭكەش بولغان بۇلاقلار
يىلىنجىغان روھىمدىن لىرىك ناخشا سورايدۇ.
ئارمىنىمغا مەڭگۈلۈك قانات بەرگەن شوخ كۆيلەر
ۋۇجۇدۇمنى تىزگىنسىز سېزىملارغا ئورايدۇ.

بىز ھەۋەستە دان بەرگەن بىر جۈپ كەپتەر باچكىسى
بولۇپ قاپتۇ چىمەندە ئۈيۈر ①-ئۈيۈر نەۋرىلىك.

① ئۈيۈر — توپ-توپ.

ئۇلار تامام ئۇنتۇشقان تاشلاندۇق قۇش ئۇۋىسى
تۈيۇلدۇ مەن ئۈچۈن كەچمىشلەردەك قەدىرلىك.

قەسىمىمىز قوشۇلغان شۇ قەدىناس ئورمانلىق
ئېلىپ كېتەر ئېسىمنى چىن مۇھەببەت پەسلىگە.
ئىسمىمىزنى جۈپ قىلىپ ئويغان دەرەخ قوۋزىقى
ئۇنتۇم قىلار قەلبىمگە خازان بولماس ئەسلىمە...

## ۋەتەن

سەن مەن ئۈچۈن گۈزەللىك، مېھر-سۆيگۈ دەرياسى،
دولقۇن ياساپ ئاقسەن تومۇرلىرىم قېنىدا.
يۈرىكىڭگە تەلپۈنۈپ بىخ سۈرىدۇ ئەقىدەم،
ئىقبال بېرەر سۆيۈشۈڭ ۋىجدان گۈلۈم بېغىغا.

زىبالىقتا سەن ئايىنىڭ ئۇنبەش كۈنلۈك كۈندىشى،
ساڭا شەيدا يۇلتۇزلار لاۋا يۈتار تالاي كۈن.
غەرق بولار كۆزۈڭگە ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش قۇياش،
دەۋر قىلار پەسىللەر جان بېغىشلاپ سەن ئۈچۈن.

## ئانامدىن يادنامە ئېپ كەلگەن سابا

ئانامدىن يادنامە ئېپ كەلگەن سابا
ئۇ سۆزلەر قەلبىمگە يالقۇنلۇق چۆچەك.
سۆيەر گاھ مەڭزىمگە مۇھەببەت بىلەن،
گاھ سىلار بېشىمنى ئانام قولىدەك.

بىر ئاخشام چۈشىدىن پۈتسە چۈشلىرىم،
ياپېشىل ئويلىرى تۆكەرمىش غازاڭ.
كۆيەركەن يىگانە شام بولۇپ جىسمى
تەسەللى ياغدۇرۇپ تۇغۇلغۇلغىچە تاڭ.

ھەر سەھەر باقاركەن مىڭ كۆزدە ئانام
رىزقىمنى ئۈزاتقان يېزام يولىغا.
ئېسەنلىك تىلەركەن قاتتىق قول شەھەر
كۆزىدىن ئۈچۈرغان ئامراق ئوغلىغا.

نان كەبى ھالال، پاك بۈزرۈكۋار روھى
غايىۋى بەختىمگە بولسا پاسىبان،
ئۇ ئاپئاق تىلەكتە يوللىغان دۇئا
ئىستىقبال گۈلۈمگە بېغىشلاركەن تاڭ...

## سەرگەردان خازان

سەن كەتتىڭ، قۇپ-قۇرۇق بوپ قالدى ئالەم،
مۇزدەك سوغ خىياللار باستى يۈرەكنى.
بويۇڭغا ئەگىشىپ كەتتى نەۋ باھار،
ئېپ كەتتىڭ كۈلكەمنى، گۈلنى-چېچەكنى.

ئۈزىنىڭ ھۆكمىچە ئايلىنار پەلەك،
مەن قالدىم ساپسېرىق ئازابلار قۇچۇپ.
ھەممە جان جۇپ بۇندا، مەنلا ئارتۇقچە،
مۇساپىر خازاندەك يۈرىمەن ئۇچۇپ.

بىر پارچە يېزىقسىز ئاپئاق قەغەزدەك
كۆرۈنەر كۆزۈمگە بېزەكسىز ھايات.
قۇلىقىم تۇۋىدە بوزلايدۇ شامال،
ئوقۇيدۇ سەن ئۈچۈن مۇڭلۇق مۇناجات.

سەن كەتكەن يوللارغا تىزلىنىپ ناخشام،
ئىزىڭنى كۆزىگە سۈرىدۇ دەم-دەم.
ئەكسىڭ بار بۇلاقلار چاناقلىرىدىن
شىركەيىپ چۇشلىرىم سورايدۇ زەمزەم.

## سەن...

سەن بىر تەنھا قۇشسىمان ئارىلايسەن چۈشۈمنى،
شەيدا بولۇپ ئەبەدىي شېھىت كەتكەن باھارغا.
قىز يېشىدەك لىغىرلاپ كۆتەر ئوتلۇق ئارمىنىم
يېزىپ بۈيۈك ئىسمىڭنى ئاي تۈنگەن ئاق قارغا.

تىمتاس ئاياز باغرىدىن گۈلگۈن بىر كۈي ئىزدەيمەن،
يۇمران-سەبىي تىلەكنىڭ بولۇپ تەلۋە جارچىسى.
قارىچۇقۇڭدەك يالتىراپ ئېقىپ كىرەر ئېڭىمغا
ئاق دالىدا ئويغانغان كۈرمىك يۇلتۇز پارچىسى.

تەشنىكىدە تەقدىرنىڭ ئۈچەك تۇتقان ياشلىقىم
ئوماق گۈللەر تىلىدا گۈلگۈن ناخشا توۋلايدۇ.
پەنجىرەمگە سۆيۈپ گاھ يالقۇن نەپەس مۇڭلىرىڭ
گۈل بەرگىدە تۈنگەن ھىدلىرىمنى ئوۋلايدۇ.

سەن كۆڭلۈمدە ئىقبالدەك غىل-پال كۈلۈپ پارلساڭ،
غەپلەت چۆككەن تۈيغۇمدا يېشىل نۇرلار ياندۇرۇپ؛
تومۇرلىرىم قېتىدا مەستخۇش قانلار دەۋرەيدۇ،
تىرىلدۇ باھارىم يۈرەكسىمان جۇش ئۇرۇپ.

**ئىبراھىمجان تاش (ئىپتىخار)**

# ئىككى غەزەل

## 1

ئى پەلەك، قىلغىن يىراق كۆڭلى قارالاردىن مېنى،
پەس ھەۋەس، ھەسەت ئارا باغرى يارالاردىن مېنى.
ئۆتمىسۇن ئۆمرۈم مېنىڭ كۆرمەي مۇھەببەت خۇۋلىقى،
قىل خالاس بىھۇدە ھەسرەت، دەرد-جاپالاردىن مېنى.
بەختۇئاپەت، دەرد-خۇشاللىق قوشكېزەك تۇغقانىمكىن،
نە ئۈچۈن چەتلەتمىدىڭ سەۋەن-خاتالاردىن مېنى؟
پاك ياشاپ ئەجرىم بىلەن ياشلىق بېغىنى كۆكلىتىپ،
نېرى قىل بىخۇد-نادانلىق، كەيىب-ساپالاردىن مېنى.

## 2

نىگار رەپتارىنى بۇزدى، ماڭا ئەمدى ئاسايىش يوق،
يىراق دىلبەرگە قەلبىمدە رەشىك يوق، قىلچە كايىش يوق.
ۋاپاسىزلىق تونىغا ئۇ بولۇپ يۇرسە ھامان شەيدا،
گۈزەل ۋەسلى-ۋىسالىدىن كۆڭۈل-كۆكسۇمدە تەشۋىش يوق.
كۆرۈڭلار، دىل دىيارىمنى ساداقەت شامى چاقنايدۇ،
كۆڭۈل تەختىمدىن ئايرىمچە گۈزەل رۇخسارى خانىش يوق.
ئەقىدەم تەۋرىمەس زىنھار جۇدالىق كەسسىمۇ باشنى،
يەنە قايتا نىگار تاللاش ئۈچۈن قەلبىمدە رايىش يوق.
ۋاپا دەرياسىدا مەڭگۈ ئاقارمەن كۈي-قوشاق تۇۋلاپ،
مېنى تاشلاپ ئېزىقتى بىر، لېكىن مېنىڭدە ئاينىش يوق.
غورۇرنى ئەتمىسەم پايخان ياشايمەن شانۇ ھۆرمەتتە،
ئېنىق، ئەل ئاغزىدا شۇ چاغ ماڭا تىل ھەمدە قارغىش يوق.

**ئابدۇلئەھەت داۋۇت (شەھلائى)**

# كۆرۈندۈمۇ ساڭا

تۇرسا ئوخچۇپ ھېسلىرىم فونتان كۆرۈندۈمۇ ساڭا؟
كۈيلىرىڭ ئوتلۇق دېدىڭ، گۈلخان كۆرۈندۈمۇ ساڭا؟

دەيسنا ئايدىن سورامدىم ئىزدىسەم ۋەسلىڭنى مەن،
ئۆيلىپ يۈرسەم نېرى پىنھان كۆرۈندۈمۇ ساڭا؟
خۇش پۇراق چاچقانتى مېھرىم تەپتىدە قەلبىڭ گۈلى،
كۈندۈزى قۇياش، كېچە چولپان كۆرۈندۈمۇ ساڭا؟
شۇنچە چوڭ باغۇچىمەندىن تاللىدىڭ بىرلا مېنى،
سۆيگۈ گۈلزارى ئارا رەيھان كۆرۈندۈمۇ ساڭا؟
تۇلپىرىڭنى جابدۇدۇڭغۇ بەيگىدە چانسا ئېتىم،
قىلغىنا ئاشكار قېنى جانان كۆرۈندۈمۇ ساڭا؟
سال قۇلاق، مەنمۇ پىدا قىلماقنى مەقسەت ئەيلىدىم،
سەن ئۈچۈن بىرلا ئەمەس، مىڭ جان كۆرۈندۈمۇ ساڭا؟

ئامىنە ھېكىم

## خوشلىشىش

ياش تۆكمىدۇق، سىقىشمىدۇق قول،
قوزغالغاندا سىلكىنىپ پويىز.
دېيەلمىدۇق ھەتتا خەير خوش،
قىيالماستىن تىكىلىپ ئۈنسىز.

بىز خوشلاشتۇق ئاداققى قېتىم
يىراقلاردىن يوچۇن ۋە چوڭقۇر.
يۈرەكلەرگە سالدۇ ئازاب،
ئاھ، بىزدىكى ئاتالمىش غورۇر.

مېھرىگۈل مۇھەممەت

## ۋاپاسىز

ئالداپ قويدۇڭ سەن مېنى
يۇمشاقلىنە پەپلەپ.
بىر كۆرۈشكە زار بولسام
كۆرۈنمىدىڭ ھەپتىلەپ.
بېسىپ قويدۇڭ يۈرەككە
ھەسرەتلەرنى كەشتىلەپ.

ئېلىپ كەتتىم ئۈنسىزلا
ئارمانلارنى يېشىلەپ.
ئىزلىرىمنى ئاختۇرما
قارىغۇدەك تەمتىلەپ.
كەلمە ئەمدى ۋاپاسىز
دىل خانەمگە پەتلەپ.

ئابدۇخېلىل ئابدۇشۈكۈر

## گۈگۈمدىكى ۋىسال

### سەھەردىكى سۆيگۈ

ئەگىپ يۈرەر تولۇنئاي نۇرى
ئۇسسۇلچى قىز شۋاق يۈزىدە.

كۆي كۈيلەيدۇ تەنتەك پادىچى
كەڭ ئوتلاقتا شۇ دەم نېرىدە.

خىجىللىقتىن قىزارغان گۈگۈم،
لەۋلىرىدە تارتىنچاق كۈلكە.
چۈچۈپ كەتتى مۈكچەيگەن جىگدە
قىزنىڭ بېلى تەگكەچ ئۈزىگە.

پىنھان ھېسلار يۈرەر چۆرگىلەپ،
دولقۇنلىنار نازۇك تەلپۈنۈش.
سۈكۈتلەرگە ئەيلەپ ئىنزاھات
شىۋىرلىدى ئۈنسىز ئۈھسىنىش.

ۋىسال دىلدىن كۈلدى ۋىلقىلاپ،
ئەركىلەتكەچ چىرماشقان غايە.
چېغىر يوللار قالدى پىچىرلاپ،
ئۈزاپ كەتتى ئۈندا جۈپ سايە.

## گۈگۈمدىكى ۋىسال

كۈلۈپلا ياتىدۇ تەنھا چېغىر يول،
ئاق ياتاق يۈزىدە ناتونۇش ناخشا.
كېلىدۇ يىراقتىن كاككۇك ئاۋازى،
كۆي كۆيلەپ تۇرىدۇ بۈك ئورمان ئاستا.

ئاداققى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى
ياقىدۇ مەشئەلنى ئاتەش ئۈمىدكە.
جۈپلەرنىڭ لېۋىدە ئۈزگىچە دۇنيا،
چۆمۈلگەن كەڭ دالا نۇرغا-بەختكە.

ئالىمجان ياسىن

## كىچىككىنە سەھرا بازىرى

سەرەڭگىنىڭ قېپىدەك گويا،
كىچىككىنە سەھرا بازىرى
سەن جەننەتنىڭ كىچىك پارچىسى.

سېۋەتنىگە يۈلتۈزلىرىنى
لىق توشقۇزۇپ يۇلتۇزچى بوۋاي
ئېلىپ كېلەر سەندە ساتقىلى.

كاللەك-كاللەك ئالتۇن قۇياشلار،
دانە-دانە كۈمۈش مۈنچاقلار،
بولار توخۇ سۈتى تاپقىلى.

ئاق گۈلدەستە كۆتۈرگەن باھار
رەستىلەردە ساتار گۈلدەستە.
سېتىۋالار مىغ-مىغ ئادەملەر
قول-قول تەگمەي شۇنچە بەس-بەستە...

يەر شارىنىڭ بىر بۇرجىكىدە،
ھېچكىم بىلمەس يىراق بىر يەردە.
مەۋجۇت پەقەت جەننەت ئىچىدىن
ئېلىپ چىققان كىچىك ئارالدەك
كىچىككىنە سەھرا بازىرى.

ھۆسەن روزى تىرىك

## بالقىپ چىقتى ئۆسمۈرلۈك

### تەسەۋۋۇرۇم كەزدى سەھرانى

كەزگەن كەبى باغ-ئېدىرنى شوخ سابا، سۇۋادانلار ئېيتتى ئاگا: مەرھابا،
تەسەۋۋۇرۇم كەزدى چەكسىز سەھرانى. كۆز قانغۇچە باغ، ئېتىز، قىر، دالانى...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇ پەرۋازلىق قىقىنۇستەك، شۇڭقاردەك،
كەزدى ئەركىن سەھرا، تاغلار باغرىنى.
چاچسا پۇراق ئەممەن، شىۋاق ئىپاردەك،
چالدى خامان شادىيانىگە ناغرىنى.

ئورمانلىرى ئارتىپ ياغلىق مانانىدىن،
قۇچاق ئاچتى شەربەت تۆكۈپ باغلىرى.
بوستانلىرى ئاپتۇ ئەنداز جانانىدىن،
كەپتۇ يېتىپ تالقان تۆكتى چاغلىرى.

ئانتىنىغا تىيەك بولغان ئۆگزىلەر،
باقار كۆككە لازا، شوخلا يېپىنىپ.
باراڭلاردىن ئەلۋەكچىلىك سېزىلەر،
يوللار زەرلىك يېمىش جىگدە قىقىلىپ.

قوتانلىرى شۇنچە مەزمۇت چىتلانغان
تورلار گويا ئاپئاق بۇلۇت قونغاندەك.
سۇ ئامبىرى ئەسىرلەرگە دىتلانغان،
مەھەللىلەر رەتلىك تىزىپ قويغاندەك.

چىرايىدىن شەپقەت، كۈلكە ياغدۇرۇپ،
كېلەر ئەنە، ھاتەم سۈپەت قىرانلار.
بېقىشىدىن يۈرەكلەرنى ئويىنىتىپ،
كېۋەزلىكنى قۇچار شوخ قىز، جۇۋانلار.

دالا، خامان، ئىپتىزلارنى تىترىتىپ،
گۈرۈلدەيدۇ ماتورلارنىڭ ئاۋازى.
يۇمشاق سامان سۆيەر ئۇچۈپ پاك ئىزنى،
بىنەزەردۇر تومۇزغىنىڭ مۇڭ، سازى.

بەس-بەس بىلەن ئىس پۇركىگەن مورىلار
بۆلەنگەندە گۈلگۈن شەپەق نۇرىغا.
قالدى خوش، دەپ ئەينەك يوللار، نۇرىلار...
تەسەۋۋۇرۇم قايتتى نەزمە قورىغا...

## بالقىپ چىقتى ئۆسمۈرلۈك

ئاقار دەريا تىنىمسىز،
نېمە باردۇر ئويىدا؟
قايىنام بىلەن سىردىشىپ،
تۇنەپ چىقتىم بويىدا.
چىمەنلەرگە يانپاشلاپ،
ئەسكە ئالدىم بۆشۈكنى.
قىرى دەرەخ ساقلاپتۇ
نۇرغۇن چاڭگا، تۆشۈكنى...
مەجنۇنتاللار تۇلپار ئات
سوۋغا قىلدى، ئالمىدىم.
نەي تەگلىدى پىچانگۈل،
چېغىر يولغا ماڭمىدىم.
بېلىجانلار پىلتىڭلاپ،
مەندىن يەمچۈك سورىدى.
سەكرەپ بۆژغۇن قىرغاقتا،
كەپسىزلىكنى دورىدى.
ھىلال ئايمۇ يالىڭاچ،
زۇمرەت سۇغا چۆمۈلدى.
بەسلەشكەندەك يۇلتۇزلار
ساقىپ قۇمغا كۆمۈلدى.
ئەنە شۇنداق دەريادىن
بالقىپ چىقتى ئۆسمۈرلۈك.
بولسا دەيمەن بۇ مەزگىل
ماڭا ھەمراھ ئۆمۈرلۈك...

## يوق دېمەڭلار ئايازدا شەپقەت

نەرە تارتسا ئۇنىڭ قەھرىدىن
ئايلىنار سۇ مەر-مەر ناۋاتقا.
رەھسەن-ھۆسەن چاقناپ قېتىدىن،
قىلار سەيلى سىنچى قاراقتا...

مۇزدىن يوپۇق ياپسا دەرياغا،
يايراپ كېتەر ئاستىدا بېلىق.
قەدەملەردىن ئۇنەر چېغىر يول،
بىنەزەردۇر كۆۋرۈك، چوڭ قىيىق...
باشلاپ كېلەر ساما بېغىدىن
ماموق پەردەك ئاق چېچەكلەرنى.
كۆزگىلەرنى چۆمكەر ئاۋايلاپ،
قىلىپ سوۋغا قۇت تىلەكلەرنى.

قاپاق يېرىپ كىرگەندە چىللە،
كېيەر شاخلار قىراۋدىن پەلەي.
بىنەم يايراپ چايناپ ئاق شېكەر،
كۈتەر كاتتا بەيگىدىن تەلەي.
يوق دېمەڭلار ئايازدا شەپقەت،
تەڭشەيدۇ ئۇ يەرنى-دۇنيانى.
چاغلاپ ئۇنى نەشتەرلىك چايان،
قويماڭ يۈكلەپ جىمى گۇناھنى...

**نۇرمەھەممەت ياسىن ئۆركىشى**

## مەڭگۈلۈك باللىق

### قىشنىڭ ئۇيقۇسى

ئۇلتۇرىدۇ قىش ئەنە،
مەھەللىدە خىيالچان.
تىكىلىدۇ ئاپئاق تام،
كۆزلىرىنى بەك نۇرغۇن
ئۇيقۇ باسقان، چۈش باسقان.

تارقاپ كەتكەن باللار
ئۆيلىرىگە خوشلىشىپ.
قۇياش شېرىن ئۇيقۇدا،
قۇشلار چۈچەك تىڭشايدۇ
مومىسىنىڭ تىزىغا
جىمجىتقىنە باش قويۇپ.

ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟
ئەتراپ جىمجىت،
تۈن ئۇزۇن.
مەھەللىدە ئاشۇنداق
توۋلىغانكەن قىش بۇرۇن.
ئاڭلىماپتۇ كېپىكلەر
ئاڭلىماپتۇ قۇشقاچلار.

ھۇشقۇيتۇپتۇ شۇۋرغان،
قىش يالغۇزكەن پەقەتلا.

كۈتۈپ-كۈتۈپ ئاخىرى،
ئۇخلاپتۇ بەك ئۇخلاپتۇ.
چۈشلىرىدە چىرايلىق
قار گۈللىرى شاخلاپتۇ.

ئويغانماپتۇ ئەتىسى،
ئويغانماپتۇ تېخىچە.
جىمجىتقىنە تۇرۇپتۇ
شۇ ئۇخلىغان پېتىچە.

ئوينايمىز، دەپ باھاردا
توۋلاپتىكەن كېپىكلەر،
توۋلاپتىكەن قۇشقاچلار
يۇلتۇزلار ۋە باللار.
ئويغانماپتۇ قىش ئەسلا،
ئويغانماسكەن پەقەتلا.

uyghurkitap.com

## كونا ئۆۋا

يالغۇز دەرەخ ئۈستىدە
چۈشەپ تاتلىق چۈشلەرنى.
كونا ئۆۋا ھەمىشە
ئۈيلار خۇشال كۈنلەرنى.

ئۇ ئويلايدۇ يېقىملىق
ناخشا ئېيتقان قۇشلارنى.
ئۇ ئويلايدۇ ماموق پەي،
يۇپۇرماقلار، شاخلارنى.

ئۇ ئويلايدۇ ئۈستىگە
قونغان ئالتۇن نۇرلارنى.
قۇش بالىسىدەك ئۈركۈگەك،
ئۇماقىنا سەھەرنى.

ئۇ ئويلايدۇ بولسام دەپ
يەنە قۇشنىڭ ئۇۋىسى.
چۆچەك سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ
ئاپئاق ساقال بوۋىسى.

نەۋرەم بولۇپ تىڭشىسا،
چاۋاك چېلىپ ياپراقلار.
ئەتراپىنى ئايلانسا،
شاماللار ۋە قۇشقاچلار.

كىلەر نەچچە پەسىللەر،
لېكىن ئۇنى تونۇماس.
قۇشلار قونار دەرەخكە،
لېكىن ئاڭا قارىماس.

ئۈركۈپ كەتكەن شامالالار
قۇلىقىغا ئۇرۇلماس.
تاڭ سەھەرنىڭ خورلىرى
بۇرۇنقىدەك توپۇلماس.

يالغۇز دەرەخ ئۈستىدە
كونىرىغان بىر ئۆۋا.
ئويلاپ يېشىل كۈنلەرنى،
چۈش كۆرىدۇ بەك غۆۋا.

## يېتىم قىز

ئاپئاقىنە قار ياغقان
قىشنىڭ سوغۇق بىر كۈنى.
ئولتۇرىدۇ بىر قىزچاق
ئۆي ئىچىدە تەۋرىتىپ
كىچىككىنە بۆشۈكنى.

ئۇ نېمىشقا بەك غەمكىن،
سېغىنغانمۇ مەكتەپنى؟
ئۇستازلىرى، دوستى ھەم
دەپتەر-قەلەم، كىتابنى.

ئىسسىرتىدۇ شۇئىرغان
ئويناپلى دەپ تالاغا
چاقىرغاندەك قىزچاقنى.
كۆرمىگەندەك گوياكى
ئىشىكتىكى قۇلۇپنى.

سەھەر تۇرۇپ ئادەملەر،
ئۇنتۇغاندەك بىردىنلا
كىچە كۆرگەن چۈشىنى،
ئەسكە ئالماس ھېچكىشى
كىچىككىنە قىزچاقنى.

مەكتەپ دېگەن قانداق جاي،
خىيال قىلار جىممىدە.
يېتىم قىزچاق بولغىچە
بوپ قالسىچۇ بىر رەسىم،
قوشنا ئۆيدىكى بالىنىڭ
كىتابىدىكىدەك مەڭگۈگە.

باللارغا ئەگىشىپ،
بارالايتتى مەكتەپكە.
پارتىلارغا قونۇپ ئۇ،
قارالايتتى مۇئەللىم،
ساۋاقداشلار تەرەپكە.

مەشتە ئىسسىق ئوت كۆيەر،
جىمجىت ھەممە مۇلايىم.
قىزچاق بۆشۈك تەۋرىتەر
كەپ قالارمۇ بۈگۈن دەپ،
بۇ ئۆيگىمۇ مۇئەللىم.

## باھار كەپتۇ

باھار كېلىپ ئاستىلا،
كەتتىمىزدە توختاپتۇ.
ھېچكىشىگە تۇيدۇرماي
تەشتىكىمدە بىخلاپتۇ.

باھار كىمنى ساقلايدۇ،
ئىتتىك كەلسە بولمامدۇ.
ياكى ئۇنى ئاپىسى
تېز كەلگىلى قويمامدۇ.

كىرمەپتۇ ئۇ ئۆيگە
يا مەكتەپكە بارماپتۇ.
بولۇپ يېشىل يوپۇرماق،
قۇشلار بىلەن ئويناپتۇ.

ئېپكەتتىپتۇ ئېرىقلار
ئەگىز بولۇپ ئويناقلاپ.
ئېپكەتتىپتۇ مايسىلار
تاتلىق كۈلۈپ، ۋىلىقلاپ.

ئۈچۈپ-ئۈچۈپ ئۇ يەنە
كېتىپتۇدەك ئورمانغا.
ئويغىنىڭ دەپ مېنى ئۇ،
دېمەپتۇدەك دادامغا.

قېچىپ كەتسەك ئەي باھار،
چوقۇم سېنى تۇتىمەن.
لەگلەك بولۇپ ئارقاڭدىن
ئۇچىمەنغۇ، ئۇچىمەن.

## مەڭگۈلۈك باللىق

كىچىككىنە بالاسەن،
بىر كۈنى چوڭ بولسەن.
كىچىككىنە بالامەن،
بىر كۈنى چوڭ بولىمەن.

چوڭ بولمايدۇ پەقەتلا،
ئەككىمىزنىڭ سۈرىتى.
باللىدەكلا تۇرىدۇ
چىرايىمۇ شۇ پېتى.

چوڭ بوپ كەتسە ئادەملەر
قېرىيدىكەن ئەمەسمۇ.
قېرىپ ئاخىر لەھەتكە
كىرىدىكەن ئەمەسمۇ؟

چوڭ بوپ كەتسە بۇ ئۆيلەر،
كېتەر ئىكەن كونىراپ.
بەك ئويۇنچى سۈر تەخەي
قالار ئىكەن ياۋاشلاپ.

چوڭ بولمايلى دەپ بۈگۈن
يىل بوۋايغا ئېيتايلى.
ئۇنىمسا ئۇنىماي،
باللىققا قايتايلى.

ئالدىنمايلى ئالدىسا،
سۆزلەپ بېرىپ ئۇ چۆچەك.
بولۇۋالايلى مەڭگۈگە
ئاشۇ كىچىك رەسىمدەك.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى **مامۇت زايىت، ئوسمانجان ساۋۇت**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابباس مۇنىياز



# ھۇن-رۋەن

(ھېكايە)

## 1

ئۆينى كۆكۈچ ۋە قويۇق ئىس قاپلىغانىدى. يەپ-ئىچىۋاتقانلار پەقەت ئىككىلا ئادەم بولسىمۇ، تىزىلغان نازۇ نېمەتلەر ناھايىتى كۆپ ۋە ھەرخىل ئىدى.

ئۇلارنى ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىق بىر چوكان كۈتۈۋاتاتتى. ئۇ سورۇنغا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ۋاقتىدا تەقلەپ بېرەتتى. شۆپۈك، سۆڭەكلەرنى يىغىپ ئېلىۋېتەتتى ۋە پات-پات تالانى كۆزىتىپ كىرەتتى. ئاۋۇت ناۋاي بولسا بار ئىشتىياقى بىلەن يەيتتى، چېكەتتى. يېنىدا ئولتۇرغان شاگىرتى ئۇنىڭغا قىزغىن ئۇلپەتداش ئىدى.

ئايال خېلىدىن بېرى پالاقلىشىپ يۇرۇپ ھالىدىن كەتكەنىدى. شۇڭا شۇمشىيىپ ئولتۇرغان سەككىز-ئون ياشلار چامىسىدىكى ئوغۇل بالىنى تالاغا قاراپ بېقىشقا بۇيرۇدى. بالا ئىككى ئەرنىڭ ئالدىدىكى مول نېمەتلەردىن كۆزىنى ئۈزمىگەن ھالدا سوزۇلۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا كۆك كۆز، چاشقان بۇرۇت ئاۋۇت ناۋاي غىلايغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ئۆزۈڭ قاراپ كىرسەڭ بولمامدۇ، ھەي مەينەت! كىم يالاقچى، كىم پايلاقچى... بۇ داستىخان چۈشىنى نېمە بىلىدۇ؟ ماڭە يوقۇر، ئۆزۈڭ قارا!

ئايال ئۈن-تىنسىز تالاغا چىقىپ كەتتى. ئاۋۇت ناۋاي ئۇستەلگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان بالىغا كىچىككىنە بىر تال قوۋۇرغىنى تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە ئۇنى نېرى ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ بىر ئالىيۇەتكەندىن كېيىن چىلىمنى يەنە قولىغا ئالدى. ئۇنىڭدىن قانداقتۇر سۇنىڭ قاينىشىغا ئوخشاش بىر خىل ئاۋاز چىقاتتى، بۇ ئاۋاز كۈچەيگەنسېرى ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنچە قىسىلىپ،

«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

خۇمارلىنىپ كېتەتتى.

ئاۋۇت ناۋاي يېقىندىن بېرى بۇلۇڭدىكى مۇشۇ ئۆينى شاگىرتى بىلەن چېكىدىغان مەخپىي كەيپخانىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. چۈنكى ھازىر ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈشلىرى كۈچىيىپ كەتكەنلىكتىن ئىلگىرىكى ئۇلپەتلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە كەيىپ سۈرۈشكە مۇمكىن بولمايتتى. مانا بۇ تەرەپلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپقۇ شاگىرتىنى ئۆزىنىڭ قاتارىغا قوشۇۋالدى. لېكىن ئىملا دېگەن بىلەن يېڭى ئۆگەنچى شاگىرت-تە ئۇ! كونا ئۇلپەت دېگەن باشقىچىلا گەپقۇ زادى. ئاۋۇت ناۋاي ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى يەپ تويمايتتى، ئايال توشۇپ ئۈلگۈرتەلمەيتتى، مانا، ھېلىلا ئەكىرگەن قوينىڭ گۆشى يېيىلىپ تۈگىدى. قالغان يېرىممۇ كىرىپ قالدى. ئەمما ئۇلار يېيىشتىن توختىمايتتى.

ئۆي بارغانسېرى قويۇق تۇمانلىنىپ باراتتى. ئۇلپەتداشلارنىڭ كاللىسى شېرىن، خىيالىي تۇيغۇغا ئەسىر بولۇپ، ئۇلارنى چۈش كەبى گۈزەل مۇھىت قېتىغا باشلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسى، خىيال بىلەن رېئاللىق، چۈش بىلەن ئارزۇ... ۋە يەنە تالاي-تالاي ئىشلار بىرىكىپ گەۋدىلىنىۋاتقان بۇ مۇھىت ئۇلارغا ھەممىنى ئاتا قىلاتتى...

ئاۋۇت ناۋاينىڭ ئۇزۇن ئېڭەك، قاراقاش شاگىرتى يېنىدا ئولتۇرغان ئۇستىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى، بالىسىنى... ھەممىنى ئۇنتۇپ، زوق-شوقى بىلەن تەمبۇر چېلىۋاتاتتى. ئاۋۇت ناۋاي قولىغا ئېلىۋالغان چوكا بىلەن تەمبۇرغا تەڭكەش قىلىپ تەخسە چالماقتا ئىدى. تەخسىنىڭ رىتىمسىز، يېقىمسىز ئاۋازى كۈچىيىپ بېرىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن تەمبۇرنىڭ جاراڭلىق ۋە مۇڭلۇق ئاۋازىنى، يىگىتنىڭ تەمبۇرغا ماسلاشتۇرۇپ ئېيتقان تەسىرلىك، ئويناق مۇھەببەت ناخشىلىرىنى بېسىپ كېتەلمەيتتى. تەمبۇر تارلىرىدىن چىقىۋاتقان لىرىك، جەلپكارانە سادا تۇمان ئارىسىدا خىيالىي مەنزىرىدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇ ئۆينىڭ بۇلۇڭ-بۇلۇڭلىرىغا تەكشى يېيىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى پەيدەك يەڭگىللەپ كېتىۋاتقان تۆت جاننىڭ تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنى، قورقۇمسىزلىقىنى، تەشنالىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ بارماقتا ئىدى. تەمبۇر توختىمايتتى، ئۇنىڭ گۈڭگىلىق قېتىغا سىڭىشىپ بېرىۋاتقان سېھىرلىك ئاۋازى يۈرەكنى روھلاندۇراتتى.

چوكان تىزما شال كارىۋاتتا بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۈن-تىنسىز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالى تەمبۇرنىڭ مۇڭ بىلەن دەرد، شادلىق بىلەن غەمكىنلىك، ۋىسال ۋە ئارزۇ بىرىكىپ چىقىۋاتقان قۇدرەتلىك ئاۋازىغا ئەگىشىپ نەلەرگىدۇر ئۇچۇۋاتاتتى. ئۇنى يىغا تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى: ئىككى ئەرگە چاي قۇيۇش ۋە تالانى كۆزىتىپ كىرىشمۇ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

ئاۋۇت ناۋاي قولىدىكى چوكىنى تاشلىۋېتىپ، كىرسلونىڭ يۆلەنچۈكىگە قىڭغايدى. ئۇ، ئېڭىكىنى قولىدا تىرەپ، كۆزىنى يۇمغىنىچە ئېمىلەرنىدۇر ئويلاپ ئولتۇراتتى.

يىگىت ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇ ئارىلاپ-ئارىلاپ چوكانغا قاراپ قوياتتى ۋە

uyghurkitap.com



هەر قېتىم قارىغىنىدا چوكانىنىڭمۇ تۇمان ئارىسىدىن ئۆزىگە كۆز ئۈزمەي قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆزىنى دەرھال قاچۇراتتى. بىلىپ-بىلمەي ئۇستىسىغا خىيانەت قىلىپ قويغاندەك ئۆزىنى ئارقا-ئارقىدىن ئەيىبلەيتتى. ئەمما تەمبۇر چېلىشنى زادىلا توختاتقۇسى كەلمەيتتى.

2

كۆكۈچ ئىس ئۆينى ئىگىلەپ بولغانىدى. چوكاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بالا ئۆزىنى بىردىنلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ لەيلەۋاتقاندەك بىلىنىۋاتقان بەدەنلىرى كىرسىلودا ئولتۇرۇپ بەس-بەستە گۆش يېيىشىۋاتقان ئىككى ئەر تەرەپكە ئىختىيارسىز سىلجىپ كېتىۋاتاتتى. تىنماي يەپ ئولتۇرغانلارنى كۆرۈپ قورسىقى تېخىمۇ ئاچماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى يوغىناۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىلگىرى مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا دادىسىنىڭ نېمە تىلىرىگە قول سوزغىنى ئۈچۈن كۆپ قېتىم تاياق يېگەنلىكى ئېسىدە بولسىمۇ، لېكىن شۇ تاپتا قورقۇش دېگەن ئۇقۇم ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. ئۇنىڭ كاللىسى يېيىش ئارزۇسى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھورى كەتمىگەن پىششىق گۆش، ھەر خىل قورۇما، سۇلۇق، سوزۇك ئالما، ئۈزۈملەر، قوغۇن-تاۋۇزلار بار ئىدى. بىراق ئۇنىڭ قورسىقى شۇنچە غولدۇرلاپ كەتكەن بولسىمۇ بۇلارنى ھېچ يېگىلى بولمايۋاتاتتى. مانتا، گۆش، نان، قورۇما!... ئاخىرى ئۇ دادىسىنىڭ ئالدىدىكى گۆشتىن كاپ قىلىپلا بىرپارچە ئالدى. ئالدى-يۇ، ئىنچىكە بىر نەرسىنىڭ قولىنىڭ ئۇستىگە قاتتىق تېگىشى بىلەن قاماللاپ تۇتقان ئىسسىق گۆشنىڭ قانداق چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى. ئۇ، بېشىنى كۆتۈردى. دادىسى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ھۆرپىيىپ تۇراتتى.

— يانە كەينىڭگە! مانى چەككەن ئادەم يەيدىغان نەرسە بۇ!

ئۇ ئورنىغا چېكىنىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان يېيىش تەشنالىقى ۋە ئۇنىڭدىن كەلگەن چىداپ بولماس ئازاب ئەمدى يىغىغا ئالماشقانىدى. چەككەن ئادەم يەيدىغان نەرسە! ئۇ گۆش دېگەن مېھرى ئىسسىق بۇ نەرسىنىڭ ئاشۇ كىچىك قاپاقتىن ئىس چىقىرىدىغان ئادەم يەيدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى. دادىسى بەكمۇ جىق گۆشنى يەپ بولدىغۇ؟ شاگىرتىمۇ يەيدىكەنغۇ؟ داۋاملىق مۇشۇنداق ئىس چىقارغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا گۆش بەرمەيدۇ يا تالاغا چىققىلى قويمايدۇ. ئۇمۇ ئازراق يەپ باقسا نېمە بولىدىكەن؟ ئاۋۇت ناۋاي بالىنىڭ كۆزىگە بەكلا سەت كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ دادىسىنى بۇنچىلىك سەت ئادەم دەپ ئويلىمىغانىدى. تەمبۇر چېلىنىۋاتاتتى. بالىنىڭ كۆزى «ئادەمگە گۆش يېگۈزىدىغان» نەرسە — ئىس چىقىرىۋاتقان چىلىم ئۈستىدە قېتىپ قالغانىدى.

چوكان بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان بالىنىڭ بېشىنى ئاستا سىلاپ، يېشىنى ئېرتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆگەي بالىسى، لېكىن بالا بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق تەقدىرى ئۆگەي ئانىسى بىلەن

ئۇخشاپ كېتەتتى.

ئۇ ئاۋۋت ناۋاينىڭ بەشىنچى خوتۇنىدىن تۇغۇلغان بالىسى ئىدى. ناۋاي بۇ خوتۇننىمۇ قويۇۋەتكىنى ئۈچۈن بالا ئۇنىڭغا قالدى. شۇ چاغدا بالا ئالتە-يەتتە ياشلاردا ئىدى، ئۇ باشلانغۇچنىڭ بىرىنچى سىنىپىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىندى، دادىسى ئۇنى ھۈنەر ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەگەشتۈرۈۋالدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇيمەن دەپ يۈرۈپ ئەسكى-تۈسكى باللارغا ئارىلىشىپ قالسا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، دەپمۇ ئەنسىرەيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن بالا دادىسىنىڭ ئارقىسىدىنلا يۈردى. كىچىك بولۇشىغا قارىماي يۇندا تۆكتى، پىياز ئاقلىدى، نان ساتتى... لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئىشلارغا رايى يوق ئىدى. بولۇپمۇ تەڭ دېمەتلىكلىرى ناۋايخانا ئالدىدىن ئويناپ-قوغلىشىپ ئۆتكەندە ئۆزىنى تۇتالماي قالاتتى. كۆپ قېتىم ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىپ، دادىسىدىن تاياقنى بولۇشىغا يىگەن چاغلىرىمۇ بولدى. دادىسى ئۇنى سىرتقا چىقارمايتتى، ئەتراپتىكى باللارغا تېخىمۇ قوشمايتتى. ئۇنىڭ مەقستى بالنى ئىلگىركى خوتۇنلىرى ئېلىپ كەتكەن باللىرىغا زادىلا ئوخشمايدىغان پەزىلەتلىك ۋە پاكىز ھۈنەرۋەن قىلىپ تەربىيلەش ئىدى. ئۆزىدەك چېكەرمەن بولۇپ قېلىشىنى زادىلا خالمايتتى.

بالىنىڭ ئاچلىقتىن غولدۇرلاۋاتقان قورسىقى ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. بىر نىمە يېيىشكە قىستايتتى، نىمە يېسۇن؟ دادىسىمۇ ئۇنى ئۇنتۇپ قالغاندى. ئانىسىنىڭ قورسىقى ئاچمىدىمكىن؟ ئەنە ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ ياش...

ئۇ شۇنچە نەرسىلەرنى ئويلاپ بېقىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن يېيىشتىن ئۆزگە خىيال كاللىسىغا كەلمەيتتى. نان ساتقان، كەچكىچە پىياز ئادالىغان كۈنىمۇ ئەجەب ياخشىكەن ھە، دەپ ئويلايتتى بالا. چۈنكى بۇنداق چاغلاردا يەي دېسىلا ئالدىدا نان تەييار ئىدى. دادىسىمۇ، ئۇنىڭ شاگىرتىمۇ توسۇپ كەتمەيتتى. ئويۇنغۇسى كېلىپ كەتسە سىرتتىكى باللارغا قارىماي تۇرۇۋالسا، ئويۇن دېگەن بىردەمدىلا ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى، لېكىن بۇ قورساقنى...

ئۇ بار زېھنى بىلەن يېيىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتاتتى. دادىسىنىڭ ئالدىدىكىدەك جىق گۆشنى ئاشۇ قاپاقتىن ئىس چىقىرىدىغان ئادەم تويغۇچە يەيدىكەن. كۆر يېيىش ئۈچۈن دادىسى دەۋاتقان شىر نەرسىنى شوراشنى ئۆگىنىش كېرەك ئىكەن. ئۇنداقتا... ئۇنى قانداق قىلسا ئۆگەنگىلى بولار؟ دادىسىغا دېسە ئۆگىتىپ قويارمۇ؟ ياق! ئۇ سەن بۇنداق ئەسكى ئىشنى ئۆگەنمىگىن، دېگەندى. ئۇ ئۆگەتمەيدۇ! دادىسى يوق ۋاقىتتا دوراپ باقسىچۇ؟... توختا، ئەنە ئۇنىڭ ئىچىدە سۇ بار ئىكەن. سۇيىنى يەڭگۈشلىۋەتتى. قاپاقنىڭ يېنىدا كىچىك بىر تۆشۈكى بار ئىكەن... ئۇنى، ئۇنىڭ تۆشۈكىنى بىرچاغدا ئويناپ تاشلىۋەتكەن قومۇش نەينىڭ تۆشۈكىنى بېسىپ قويۇۋەتكەندەك پات-پات بېسىپ، قويۇۋېتىپ تۇرىدىغان گەپكەن. ئۇنى شورىغاندا ئېڭىشىپ، تۆگۈلۈپ تۇرۇپ شورايدىكەن، تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۈستىدىن ئوتىمۇ چىقىدىكەن تېخى...

www.uyghurkitap.com



ئۇ دادىسىنىڭ بېشىنى ئۇستەلگە قويۇۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ قولىدىكى قاپاقنى ئۆمەر ئالغانلىقىنى كۆردى. ئۇمۇ چالا قالغىنىنى ئەينەن داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى... راست، شۇنداق قىلدى. ئاسانكەن... ئاسانكەن! دادىسى «ئۇخلاپ» قالدى، ئەمدى بېرىپ باقسا بىرنېمە يېيەلەرمۇ؟ ئۆمەر مۇشۇ تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغاندەك قىلىدۇ، نېمىگە قاراۋاتقاندۇ؟ ئۆزىگە قاراۋاتامدۇ ياكى ئاپىسىغا قاراۋاتامدۇ؟ قارىغان بىلەن ئۇغۇ ئازراق بىرنېمە يەۋالغىنىغا گەپ قىلىپمۇ كەتمەس...

بالا هايت-هۇيت دېگۈچىلا ئۇستەل يېنىغا بېرىپ، قولىنى لېگەنگە سوزدى ۋە ياش يۇقى كۆزلىرىنى دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۆمەرگە تىكتى.

كۆكۈچ ئىس مىنۇتسېرى قېلىنلاپ باراتتى، ئۆتكۈر پۇراق دىماغنى ئېچىشتۇراتتى.

3

ئۆمەرنىڭ كۆزى بالىدا ئەمەس ئىدى. بالا ئۇستەلدىكى نېمەتلەرنى يېيىش ئىستىكىدە بولۇۋاتقاندا ئۆمەر ئۇنىڭ ئانىسىنى — ئۇستىسىنىڭ ئايالىنى ئوۋلاش نىشانى قىلىپ، هەر خىل ئوسۇللار بىلەن قارىغا ئېلىۋاتاتتى. ئۇ تەمبۇر چېلىۋاتقان چېغىدىلا ئۇنىڭ هەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم هېس قىلغانىدى. چىلىم قايتا قولىغا چىققان شۇ دەقىقىلەردە ئوقسانسىز كۆرۈنۈۋاتقان بۇ تەبەسسۇملۇق چىراي ئالدىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

ئۇ چىلىمنى ئالدىرىماي يەڭگىل شورايتتى، هەرشورىغاندا بەدەنلىرىگە قانداقتۇر بىر خىل هۇزۇرلۇق ئېقىم تاراۋاتقاندەك كۆزلىرى باشقىچە خۇمارلىشىپ كېتەتتى، چوكانمۇ ئۇنىڭغا ئىنتىزارلىق ئىچىدە نازلىنىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. شۇنداق، چوكان ئۇنىڭغا ناز قىلىۋاتاتتى. تەڭداشسىز گۈزەل پەرىشتە ئۇنىڭغا تەبەسسۇم ئىشارىسى قىلىۋاتاتتى! ئاھ گۈزەل چىراي، نازۇك بەدەن!

ئۇنىڭ كەيپ تەسىرىدە قىسىلغان كۆزلىرىگە چوكاننىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى، تىترەپ تۇرغان سېھرىلىك كۆكسىدىن باشقا هېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ، ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئورنىدىن قانداق تۇرۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى. ئەمما يېنىدا پۇشۇلداپ تۇرغان ئۇستىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. تاتلىق چۈشتىن ئويغىنىپ كەتكەندەك ۋە بۇنىڭغا ئۇستىسى سەۋەبچىدەك، ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇستىسىنىڭ هېچقانداق ئەيىبى كۆرۈنمىگەن، ئەمدى كۆزى بىردىنلا روشەنلەشكەندەك ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئەيىبلەرنى تاپتى. ئۇڭ قولىنىڭ بېگىز بارمىقى يوق، سول قۇلىقى پۇچۇق، كۆك كۆز، پاينەك باش... ۋۇ، ئاناڭنى چولاق ئوغرى، ئادەمنىڭ بېقىنىغا كىرىۋېلىپ... ئۇ ئەسەبىيلەشكەنىدى. شاگىرتلىق ساداقەت، هايا دېگەنلەر خىيالىدىن كۆتۈرۈلگەنىدى.

ئاۋۇت ناۋاي ئۇستەلدىن بېشىنى كۆتۈرمەيتتى. ئۇ يېتىۋالغانسېرى ئۆمەرنىڭ كۆزىگە شۇنچە سەت كۆرۈنمەكتە ئىدى. لېكىن نېملا دېگەن بىلەن مۇشۇ كۆرۈمسىز، ئەيىبناق گەۋدە ئۇنىڭغا خىمىر يۇغۇرۇشنى،

زۇۋۇلا قىلىشنى، نان راسلاشنى، يېقىش ۋە پىشۇرۇشنى... ھەممە ماھارەتنى زېرىكمەي ئۆگىنىۋاتاتتى.

ئۇ مۇشۇ چولاق ناۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغاندا، مۆرىمە سىلىكىدىن ھەممىنى بىزار قىلغانىدى. بويىغا تۇشلۇق غەيرىتى، يېشىغا لايىق جۈرئىتى بولمىغاچقا ئۇستىسى ئۇنى ھە دېگەندىلا سېسىق گەپلەر بىلەن ئەدەبلەيتتى. شاگىرتلىققا ئالغىنىدىن پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى يۈزىدىن-يۈزىگىلا ئېيتىپ، ھۈنەرگە كىرگىنىگە جاق تويغۇزاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاۋۇت ناۋاي ئۇنىڭ تەپسە تەۋرىمەس سىلىكىگىمۇ كۆنۈپ قالدى، كۆنۈپ قالدى ئەمەس، ئۆمەر كۆندۈردى! سېھىرلىك، يېپيېشقاق ئاھاڭلار ئۇقچۇپ چىقىدىغان خاسىيەتلىك تەمبۇرى ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى ياپتى، ئۇ جىمغۇر بولغىنى بىلەن تەمبۇرى جۇشقۇن ئىدى، ئۇ ھېسسىياتسىز كۆرۈنسىمۇ، تەمبۇرى ئويناق، خۇش خۇي ۋە شوخ ئىدى. مانا بۇ تەرەپلەر ئاۋۇت ناۋايغا ئۇنىڭ باشقا «يارامسىز» لىقلىرىنى تەلتۆكۈس ئۇنتۇلدۇراتتى. چۈنكى ئۇستاز سازغا ھېرىسمەن ئىدى. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك ۋاقىتلاردا... ئاي-ھاي!

ئۇ، ئۆمەرنى كۆز-كۆز قىلغاندەك، ئۇنىڭغىمۇ قويماي ئۆلپەتداشلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ باراتتى. چېكىملىك، ئىچىملىك دېگەنگە يېقىن يولۇمايدىغان ئۆمەر ناتونۇش چىرايلار ئالدىدا ئاۋازى خىرقىراپ قالغىچە ناخشا توۋلاشقا مەجبۇر بولاتتى. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا پەقەت ئۇنىڭ ھارماس تەمبۇرىلا مۇڭلۇق سايراشلىرى ئارقىلىق ھەممىنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆلپەتداشلارنىڭ شېرىن كەيپىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى...

ئاۋۇت ناۋاي نېمىنى ئويلىدى، كېيىنچە ئۇنى چېكەرمەنلەر سورۇنىغا ئاپارماس بولدى، بۇنىڭغا ئۆمەر خۇشال ئىدى. دۇكاندا ئىشلەپ ھېرىپ كەتكىنىمۇ بەڭگىلەرگە تەمبۇر چېلىپ بەرگىنىمدىن مىڭ ئەۋزەل، دەپ ئويلايتتى ۋە ئۇستىسى يوقلۇقنى بىلىندۇرمەي ھېچقانچە ئىشقا ياراپ كەتمەيدىغان بالىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغىنىچە سودىنى قىلىۋېرەتتى. ئەمما ئۇستىسىنىڭ چىلىمنى مۇشۇ بولۇڭ ئۆيگە يۆتكەپ كىرىشى يەنە ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزدى.

— كەل، سەن بىر تارتىپ قوي، ئۆمەر، — دېدى ئاۋۇت ناۋاي ئۇنىڭغا تەمبۇر چالغۇزۇپ، يالغۇز چېكىۋاتقان بىر كۈنى.

— ياق، ياق، مېنى خىجىل قىلمىسىلا ئۇستام، — دېدى ئۆمەر ئۇستىسىغا يېلىنىپ، — مەن خۇش بولۇپ كېتەي، كۆرۈپ تۇرۇدىلا، باشقا يەردىمۇ ئېغىزىمغا ئالمىدىمغۇ؟...

— ئەخمەق، باشقا يەردە مەن بەرگۈزمىدىم، بولمىسا ئۇلار بىر ئادەمنىڭ چەكمەي ئولتۇرۇشىغا ئۇنامتى؟ ئاللا ماۋۇ دېگەن باشقا ئادەم يوق بولۇڭ ئۆي، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇستاڭنىڭ ئۆيى!

— ئۇستام... بۇنى... مەن ھالال، پاكىز ھۈنەرنى ئۆگىنىۋاتقان ئادەم...

— شۇ پاكىز ھۈنەرنى ساڭا كىم ئۆگىتىۋاتىدۇ؟ ئال دېگەندىكىن ئالە! ناۋاينىڭ قايسى بىرى چەكمەيدۇ؟ شاگىرت

www.uyghurkitap.com



دېگەن ئۇستىغا ھەمدەمدە بولىدىغان.
شۇ بىر قېتىم چىلىمنى قولىغا ئېلىپ قويغان باھانە بىلەن ئۇ ئۇستىسىنىڭ دائىملىق ئۆلپەتدىشى بولۇپ قالدى. ئىككە-سى بولۇك ئۆيگە قەدەم باسقان كۈنلەردە دۇكان تاقىلاتتى. ئاۋۇت ناۋاينىڭ ئوغلى ۋە ئايالىمۇ مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشى، زورۇر تېپىلغاندا بۇ ئىككىيلەنگە خىزمەت قىلىشى كېرەك ئىدى.

ئۇنىڭ تەمبۇرى ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ مۇشۇ ئىچكىرى ئۆيدە سايراپ كېلىۋاتاتتى. تەمبۇر چېلىنىۋەردى. تالاي كۈنلەر تەمبۇرنىڭ كۆرۈنمەس، ئەمما يەنە يوقالماس، جەلپكارانە ئاۋازىغا ئوخشاش سەزدۇرمەي ئۆتۈپ كەتتى. مۇشۇ كۈن ۋە بۇ كۈنلەر قوينىغا سىڭىشىپ كەتكەن لىرىكىلىق، تەسىرلىك ئاھاڭلار ئۇستىنى ئويلاندۇردى، يىگىتنى روھلاندۇردى، چوكاننى مۇڭلاندۇردى...

چوكان ياش تۆكۈۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈن-تىنسىز ياش تۆكۈپ ئۆتكۈزگەن ساناقسىز كۈنلىرىنىڭ پەقەت بىرىلا ئىدى. لېكىن ئۆمەرگە ئۇنىڭ بۇ ھالىتى تېخىمۇ گۈزەل، نازاكەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ، چوكاننى يىغلايدۇ، دەپ ئويلىمايتتى، ئۇنىڭچە چوكان يەنىلا كۈلۈۋاتاتتى، ئۆمەرگە ئىشارە قىلىپ يېنىغا چىللاۋاتاتتى.

— يارايسەن! يارايسەن، ئۆمەر! ماڭا گۈللەندۇرۇۋەتتىڭ!

ئۆمەر چۆچۈپ كەتتى. ئاۋۇت ناۋاي ئۇنىڭ قولىدىكى چىلىمدىن گۈل شەكلىدە ئوت چىقىرالىغانلىقىغا ھەۋەسلىنىپ تۇۋلىغاندى. ئۇ ئۇستىسىنىڭ ئۆزىگە قاچاندىن باشلاپ قاراپ تۇرغانلىقىنى پەم قىلالمىدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ قايتىدىن شوراشقا تۇتۇنۇۋېدى، چىلىمنى ئۇستىسى ئېلىۋالدى.

— سەن چىلىم تارتىشقا كارامەت ئۇستا بولۇپ كېتىپسەن ئەمەسمۇ ئۆمەر، گۈل چىقىرىۋەتتىڭ... گۈل... گۈل!... مەن يەنە تارتىمەن! سەن ئۇستا بولۇپ كېتىپسەن گۈينىڭ بالىسى... ئەمدى مەن تارتىمەن!...

ئاۋۇت ناۋاينىڭ پېشانىسىدىن مۇنچاق-مۇنچاق تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ كاستۇمىنىڭ تۈگمىسىنى مەھكەم ئېتىپ ئولتۇرغان ئايالنى كۆرۈپ تېخىمۇ تەرلەپ كەتكەندەك بولدى ۋە كەيپچىلىكتە خىرەلەشكەن كۆزلىرىنى ئالايتىپ ۋارقىرىدى:

— ئاۋۇ بىر نېمەڭنى سېلىۋېتىپ ئولتۇرە مەينەت! يېشە تۈگمەڭنى! ھە... مۇندىقە، ھېلىقى بىر نېمەڭ سىپسىپ كېتىدۇ بىكار!

ئاۋۇت ناۋاي شوراشنى داۋام قىلدى. ئويما ياقىلىق نېپىز كۆڭلىكى بىلەنلا قالغان چوكان قورۇنۇپلا ئولتۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ئۆمەرگە قىپيالىڭاچ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ نېپىز كۆڭلىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان چىرايلىق ئەمچەكلىرى، ئويما ياقىدىن بىلىنىپ تۇرغان ئاپئاق ئەتلىرى... ئۆمەرنى چالا ھوش قىلىپ قويدى. ئەمەلىيەتتە چوكان ئۇنىڭ كۆزىگە راستىنلا يالىڭاچ كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۆمەر كۈچلۈك ھەم لەززەتلىك بىر تىترەكتىن سىلكىنىپ كەتتى. تەشنالىقتا غىدىقلىنىۋاتقان بەدەنلىرىنى چوكاننىڭ نازۇك، تارتىملىق بەدەنلىرى تەرەپكە ئېغىپ كېتىۋاتقاندەك سەزدى.

ئاۋۇت ناۋاي ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدىكى چىرايلىق ۋە قۇدرەتلىك ئوتتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ھەققەتەن بىر ئازغىندى ۋە تەشنا يولۇچى ئىدى. قاراڭغۇ-پايانسىز دەشتۇ-سەھرالاردا پەقەت ئاشۇ سېھىرلىك ئوتلا ئۇنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، ئۆزىدىن باشقا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇراتتى. بۇ ئوت تولىمۇ يىراقتا ئىدى. بىراق ئۆمەر ئوت تامان يۈگۈرەيتتى، يۈگۈرەيتتى.

## 4

دەل شۇ چاغدا چوكان ئىرى توغرىسىدا ئويلاۋاتاتتى. تەمبۇر چېلىنىشتىن توختىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھېلىغىچە تاراپ كەتمىگەن قوزغاتقۇچى تەسىرى ۋە بۇنىڭدىن پەيدا بولغان چۈش كەبى لىرىك مۇھىت چوكانغا ئويلاش، سېلىشتۇرۇش، باھالاش... پۇرسىتى بەرمەكتە ئىدى.

قويۇق ئىس ئۆينى ئىگىلەپ بولغانىدى. كۆچلۈك پۇراق مېڭىنى غىدىقلايتتى. چوكان ئېغىرلىقنى يوقىتىپ، ئۆزىنى كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. لېكىن ئۇ قانچە ئېگىز ۋە يىراققا ئۇچقىنى بىلەن كۆز ئالدىدىكى ئىككى ئەركەكنىڭ ئۇدۇلىدىن نېرى كېتەلمەيتتى، مۇشۇ كىچككىنە ئۆيدىن ئاجرىيمۇ چىقالمايتتى.

ئۆمەر ئۇنىڭغا ھاپ قىلىپ يەپ كېتىدىغاندەك قىياپەتتە تىكىلىپ تۇراتتى. تالاي قېتىملاپ تەكرارلانغان مەقسەتسىز قارىشلار ئۇنىڭ مەستخۇشلانغان يۈرىكىنى يوغىنىتىپ، كۆزلىرىنى ھاياسىزلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ھەر قېتىملىق چېكىشتە مۇشۇ ھال تەكرارلىناتتى. لېكىن چوكان بۇنىڭدىن بەك رەنجىپمۇ كەتمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئۆمەرنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىۋاتقىنى شەھۋانىلىق ئەمەس مېھرىبانلىق، ھاياسىزلىق ئەمەس ئىچ ئاغرىتىش، ئېچىنىش... دەپ چۈشىنەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، پەقەت مۇشۇ ئۆمەرلا ئۇنىڭغا ھەممىنى ئەسلىتىپ، تۇرمۇشى، بەختى توغرىسىدا قايتا باھا بېرىپ بېقىشقا تۈرتكە بولۇۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەمبۇرىدىن چىقىدىغان مۇھەببەت قىسسىلىرى، ئاشىقلىق ھەسرىتى، ۋىسال، ساداقەتمەنلىك ھەققىدە ئېيتىلغان ئىزگۇ، دانە-دانە ئۇلانما ناخشىلار چوكاننىڭ خۇشاللىقى، سىردىشى، ئۆتكەن كۈنلىرى ۋە ھازىرنىڭ يۇغۇرۇلما خاتىرىسى، سىقىلغان روھىنىڭ ھەسرەتلىك چۇقانى... بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ ئۆمەرنىڭ قولى ئارقىلىق چىقىۋاتقان بۇ ئاھاڭلارنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ ئاھاڭلار ئېيتىلىپ چىقىۋاتقان قەلبنىمۇ ئاھاڭنىڭ ئۆزىدەكلا سەممىي، مۇلايىم، پاك ۋە مۇھەببەتلىك دەپ بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئۆزمەي قاراشلىرى چوكانغا غەلىتە بىلىنمەيتتى. ئۇمۇ دەسلەپكى قورۇنۇشلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۆمەرگە پات-پات چوڭقۇر مېھرى بىلەن قاراپ قوياتتى ۋە ئەنە شۇ چاغدىلا ۋۇجۇدىنىڭ نامەلۇم جايلىرىغا ئاجايىپ جىددىي، ئوتلۇق ھەم لەززەتلىك بىر ئېقىمنىڭ شاۋقۇنسىز تاراۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولاتتى.

ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئۇنبەش-يىگىرمە ياش چوڭ بولغان ئاۋۇت ناۋايغا سايە قىلىنغان ۋاقتى تۇرمۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن

چاغلىرى ئىدى. ئۇ تۇنجى ئېرى تۇغماس دەپ قويۇۋەتكەندە، ئىككىنچى قېتىم توي قىلماسلىق ھەققىدە قەسەم قىلغان بولسىمۇ، ئاپىسىنىڭ ئاۋۇت ناۋاي توغرىسىدىكى ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئاخىرقى ھېسابتا رەت قىلالمىدى. بۇنىڭدىن ئۆزگە قېيداشمۇ بار ئىدى. دەسلىپىدە مۇھەببەتنى ئەلا بىلىپ، قېرى ئاپىسىنىڭ گېپىنى يېرىۋەتتى. بىراق كۆرگىنى شۇنچىلىك، ئەمدى يەنە نېمە دېيەلىسۇن؟ ھەرھالدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەرگۈدەك تەرىپىمۇ بار ئىدى: ئاۋۇت ناۋاي ياشقا چوڭ، ساڭا داداڭدەك يول كۆرسىتەلەيدۇ، ئۇنىڭ قولىدا ھۈنىرى بار، يوقسۇزلۇق دەردىنى تارتمايسەن.

دەرۋەقە ئۇنىڭغا ئەمدى مۇھەببەتنىڭ كېرىكى قالمىغانىدى، تۇرمۇش تىنچ، ئازارسىز ئۆتسىلا بولاتتى. لېكىن...

چوكان ئاۋۇت ناۋايغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ، چىلىمغا بېشىنى قويۇپلا ياتقانىدى. گەرچە بۇ ھالنى ئۇ تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتمىغان بولسىمۇ، باشقا كۈندىكىدىن بەتتەررەك سەسكىنىپ كەتتى.

ئۇ ئاۋۇت ناۋاي بىلەن تويلاشقان ئايدىن باشلاپلا ئۇنىڭ نەشىخورلۇقىنى سەزگەنىدى. ئىلاجى يوق، بۇنىڭغىمۇ كۆنەر ئىدى. ئەمما ئۇ يەنە نېمىلەرنى قىلدى؟ بۇ ھەقتە ئۇنىڭ دەردى تۈگىمەيتتى. ئۇنى ناۋايخانىغا چىقىشتىن توسقان چاغدا ئۇنىڭ كاللىسى نەگە كەتكەن بولغىدى؟ ھەممە ئىش مانا شۇنىڭدەك باشلاندى! دەسلەپتە ئۇ ئېرىم ماڭا كۆيۈندى دەپ دۇكانغا چىقماسلىققا قوشۇلدى. كېيىن ئاشكارە بولدىكى، ئۇنىڭ جاپا تارتماي، تىنچ ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىڭلار، دېگىنى، سېنى ھېچنەرگە چىقارتماي، ئۆيگە سولاپ ساقلايمەن، دېگىنىكەن ئەمەسمۇ!

راست، ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكلىرى ياخشى، بىراق دوست-بۇرادەرلىرىنى، تالا-تۈزنى كۆرەلمەي تۇرۇپ ياسىنىۋالغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟

ئېرىنىڭ ئۆزى بۇزۇق! شۇڭا ئايالىنى ئۆزىگە ئوخشىتىپ، بىھۇدە ئەنسىرەيدۇ، تالاغا چىقارمايدۇ. ئۇنىڭ توي قىلغاندىن بېرى قىلغان-ئەتكەنلىرىنى چوكان بىلمەمتى؟ ھازىرغۇ ساقچىلاردىن قورقۇپ مۇشۇ ئۆيىنى تېپىۋالدى، ئىلگىرى نېمىلەرنى قىلمىغان؟ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى چەككىلى قاچقانلىقى، خەقنىڭ خوتۇن-قىزلىرىغا ئۇچرىغانلا يەردە ئېسىلىپ، ئەرلىرىدىن پات-پات تاياق، دەشنام يەپ تۇرغانلىقى... يالغانمۇ؟! يېقىندىلا ئۆلپەتدىشىنىڭ كەيپىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ سىڭلىسىغا چاڭ سالغاندا، قىزنىڭ چوڭ ئاكىسى كىرىپ قېلىپ... ۋاي ئىت... ئۆلتۈرۈپلا ئەتمەيتتىكەن شۇ چاغدا!... خەقنىڭ دېگەنلىرى ھەق! ئۇنىڭ قولاق، بارمىقى بىكار كېسىلمەپتىكەن. ئۇنىڭ ياش چېغىدىكى بۇزۇقچىلىقلىرىغۇ ئەمدى ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ دەردى-ئۇۋالىمۇ ئۆزىگە. لېكىن ئەمدى قېرىغاندا يەنە نېمىشقا تۆۋە قىلمايدۇ؟ خوتۇنىنى نېمىشقا قىينايدۇ؟

چوكان ئېرىگە سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ قويدى، ئاۋۇت ناۋاي سافادىن يىقىلىپ، ياندىكى كارىۋاتنىڭ پاچىقىغا مەھكەم ئېسىلىپ ياتاتتى. بۇ قىلغانلىرىنىڭ

بالاڭدىن يېنىپ قالمىسا مەيلىغۇ، دېدى چوكان كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ.

## 5

ئاۋۇت ناۋاي ياش بىر ئايالنى قاتتىق قۇچاقلىماقتا ئىدى. ئايال تولغىناتتى، نازلىناتتى. ناۋاي ئۇنى تونۇمايتتى. كىمنىڭ باشلاپ كەلگەن ئادىمى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى.

ئۇلپەتداشلار ئېغىر كەيپىلىكتە ھەريان - يىقىلغان، ھەممىسى ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا سوزۇلۇپ يېتىشاتتى. پەقەت ئاۋۇت ناۋايلا ھوشى بىلەن، لېكىن ئۇنىڭ خەق بىلەن نېمە كارى، نەدىكى بىر تارتىم ئارتۇق كۆتۈرەلمەيدىغان نىمجانلارنى دەپ قۇچىقىدىكى ماموق بەدەننى قويۇۋەتسۇنمۇ؟ ياق! ئۇلار يېتىپ تۇرسۇن، يېتىۋەرسۇن! قانچە ئۇزاق ياتسا شۇنچە ياخشى، بولسا ئەبەدىي قوپمىسۇن! ئۇنىڭ ھازىرقىدەك ئەپلىك پۇرسىتى، تاتلىق مىنۇتلىرى ئۇزاق، ئۇزاق... مەڭگۈ داۋاملاشسۇن!

ئۇ ئايالنى ئۆز تېنىگە سىقىپ كىرگۈزۈۋەتمەكچى بولغاندەك مەھكەم چىرمىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇچرىغانلا يەرلىرىگە سۆيەتتى، يالايتتى... بىراق قانىدىغاندەك قىلمايتتى. توختاپ قالاي دەپمۇ ئويلىمايتتى. ئۆزىنى مۇشۇنداق قانائەتسىز قىلىپ قويغان چېكىملىككە ئىچ-ئىچىدىن رەھمەت ئېيتاتتى.

قۇچىقىدىكى كەرەشمىلىك گۈزەل بىلەن قىزغىن ھەپىلىشىۋاتقاندا نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بېشى قايغاندەك بولۇپ قالدى. ئارقىدىنلا تام-تورۇس تىترەپ كەتتى، بارا-بارا تۆت ئەتراپ دەھشەتلىك پىرقىراپ زېمىن كۆمتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ پۈتى ئۈستۈن، بېشى تۆۋەن ھالەتتە نامەلۇم تەگسىز چوڭقۇرلۇققا غۇلىدى. ئۇ بوراندەك تېزلىكتە ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقان بولسىمۇ ئايالنى زادىلا قويۇۋەتمەيتتى، ئۇنى قويۇۋەتسىلا ئۆزى ھالاك بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولىغا ئۇچرىغان، تۇتۇشقا بولىدىغان بىردىنبىر نەرسىسى مۇشۇ ئاياللا ئىدى.

ئۇنىڭ يۈرىكى ئىزىدىن يۆتكىلىپ كەتتى. جېنىمۇ يېرىم چىقىپ بولدى. ماغدۇرسىزلاندى. بىراق قولى ئايالدىن ئاجراپ كەتمىسىلا ھاياتىدىن غىل-پال شەپە باردەكمۇ بىلىنەتتى. ئۇ ئايالنى ئىككى بىلىكى ئارىسىغا ئېلىپ بار كۈچى بىلەن قىستى، ئۇنىڭغىمۇ ئۆزىنى قويۇۋەتمەسلىكنى ئۆتۈندى، پۈتۈن ئەتراپ غايەت زور قارا قۇيۇندەك پىرقىرايتتى، ئۇ بولسا پەسكە شىددەت بىلەن چۈشۈۋاتاتتى. ئۈستىدە يەنە نېمىلەردۇر سىلكىنەتتى، قۇلاق تۈۋىگە يېقىنلا يەردە بىر نېمە تىنىمسىز غىچىرلايتتى، غاراسلايتتى. ئۇنىڭغا تونۇشتەك بىلىنگەن، لېكىن مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئاۋازلارمۇ قۇلىقىغا كىرىپ قالاتتى.

ئايال ئۇنى ھالاكەت ھاڭىغا تاشلاپ قويۇپ قېچىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئايالغا يېلىندى، تالاي ۋەدىلەرنى بەردى. ئايال پەرۋامۇ قىلماي ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇراتتى. ئۇ يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئايالنى

غەزەپ بىلەن چىشلىدى. بىراق ئۇنىڭ چىشى زادىلا ئۆتمەيۋاتاتتى. قۇچىقىدىكى ئىسسىق، يۇمران بەدەن ياغاچتەك قېتىپ قالغانىدى.

ئۆتكۈر پۇراق ئاجىزلاپ باراتتى. ئۆينى قاپلىغان قويۇق ئىس تارقاپ كەتكەنىدى.

ئۇ، كۆزىنى ئېچىپ مەڭدەپ قالدى. ھېلىلا ئۇلپەتداشلىرى سوزۇلۇپ ياتقان كارىۋاتنىڭ ئاستىدا ئەمدى ئۆزى تۇراتتى. قۇچاقلاۋاتقىنىمۇ ئايال ئەمەس ياغاچ كارىۋاتنىڭ پۇتى ئىدى.

ئۇ بۇ ھالىتىگە ئىشەنمىدى. گاراڭ پېتىچىلا يەنە ھېلىقى ئايالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ شۇ تاپتىكى ھالىتىنىڭ چۈش ياكى بىردەملىك تۇيغۇ بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. قاپقارا بولاق كۆزلۈك ئايال بىلەن ئۇزۇن مۇددەت بىرگە بولۇشنى خالايتتى. گەرچە بايىقى قورقۇنچ تۇيغۇسى ئۇنىڭ گۈزەل ئايال بىلەن بىرگە بولغان ئىشىغا ئارىلىشىپ قېلىپ، سەل گاڭگىرىتىپ قويغان بولسىمۇ... ئۇ، ئۆزىگە كېلىپ بولالماي تۇرۇپلا بىر ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.

— جېنىم ئۆمەر، بولدى قىلىڭ... ئۇبدان... ئۇ چىقىپ قالدى. سۆيۈشكىنىمىزنى كۆرۈپ قالدى... مەن خوش بولۇپ كېتەي...

ئاۋاز تاشقىرىقى ئۆيدىن چىقىۋاتاتتى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ، ئېغىز-بۇرنى زەي توپىغا مىلەنگەن ھالىتىدە كارىۋات ئاستىدىن چىقتى ۋە شۇندىلا ئۆزىنىڭ يەنىلا بۆلۈك ئۆيدە ئىكەنلىكىنى، ئوغلىنىڭ تىزما شال كارىۋاتتا بارمىقىنى شۈمۈپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلدى.

— نېمە ئىش قىلىشىۋاتىسەن ھەي، رەسۋا مۇناپىقلار! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇش بىلەن تەڭ قاتتىق ۋارقىراپ ۋە ئارقىدىنلا تاشقىرىقى ئۆيگە ئېتىلدى. لېكىن ئۆمەر ئاللىقاچان سىرتقا شۇڭغۇپ بولغانىدى. «مېنى كارىۋاتنىڭ تېگىگە تىقىۋېتىپ، ئۆزلىرى تۆپەمدىمۇ بۇزۇقچىلىق قىلىشىپتۇ! باياتىن بېرى كارىۋاتنىڭ غىچىرلىغاندەك قىلغىنى بىكار ئەمەسكەن. كارىۋات بىكاردىنلا مىدىرلىماپتىكەن! ئەسلىدە...»

ئۇ، يۈزىنى چاڭگاللىغىنىچە غال-غال تىترەپ ئولتۇرغان ئايالنى غەزەپ بىلەن تېپىۋەتتى-دە، قېچىپ كېتىۋاتقان ئۆمەرنى قوغلاشقا تۇتۇندى.

— ھەي ئۆمەر! توختا دەيمەن تۈز كور مۇناپىق! ھېلى يېتىۋالىدىغان بولسام بوينۇڭنى قوشقاچنىڭ بوينىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋېتىمەن... توختا! — ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا ئاۋازىنى پەسەيتتى، — مەن ساڭا ناۋايچىلىقنى ئۆگەتمەي خوتۇنۇم بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىشنى ئۆگەتتىممۇ؟ سېنى شۇنىڭ ئۈچۈن شاگىرتلىققا ئالدىممۇ؟! قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، سېنى ئاخىرى تۇتىمەن!

ئۇ يۈگۈرۈپ مېڭىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان بەدەنلىرى ھەر تەرەپكە ياتداپ كېتىۋاتاتتى. تارام-تارام ياش قويۇلۇۋاتقان كۆزلىرى خىرەلىنىپ بارماقتا ئىدى.

بىر چاغدا ئۇ يۈگۈرۈشتىن چىپپىدە توختىۋالدى، چۈنكى ئۇركەشلەپ ئېقىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى يوغان بىر دەريا ئالدىنى توسۇ-
ۋالغانىدى. ئۆمەر ئاشۇ دەريانىڭ ئۇ
قېتىدا ـــ يىراق ئۇپۇق گىرۋىكىدە قېچىپ
كېتىۋاتاتتى. ئاۋۇت ناۋاي تىتىلداپ كەتتى.
لېكىن دەريا سۈيى بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان-
دەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دەريانىڭ
چوڭقۇرلۇقىنى جەزم قىلىپ باقماقچى بولدى.
مىڭ بالالىقتا تاپقان ئۇزۇن بىر كالتەكنى
سۇغا تىقتى... يەنە بىرىنىمۇ تىقىپ باقتى.
ئەمما ھېچقايسىسى بويلىمىدى. دېمەك
دەريانىڭ بەك چوڭقۇر ئىكەنلىكى ئايان
بولدى! ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ ئۆتكىلى
بولار، زادى قانداق قىلىپ؟...

ئۇ ئېسىگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ يولدا
ياتقانلىقىنى سەزدى. قانچە ئۇزۇن يېتىپ
كەتكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئالدىنى قاپسىۋال-
غان دەريا، قېچىپ كەتكەن ئۆمەر...
يادىدا ئىدى. توغرا، ئۆمەر؟... ئۇ
بېشىنى كۆتۈردى. دەريامۇ، ئۆمەرمۇ
كۆرۈنمەيتتى. پەقەت باش تەرىپىدە
بىرنەچچە پوم كالا تېزىكى، ئۇششاق
باللار ياساپ، سۇ قويۇپ ئوينىغان بىر
غۇلاچ ئېرىقچە، ئۇنىڭغا سانجىلىپ ھەممە
يېرى ئېگىلىپ كەتكەن چىغدەك چوڭلۇقتىكى
ئىككى تال تەمەچلا جايىدا تۇراتتى.

ـــ ھەممىسى ئاشۇ چىلىمنىڭ كاساپ-
ىتى، ـــ دېدى ئۇ ھۆكرەپ يىغلاپ، ـــ
ئاشۇ چىلىم دېگەننى چېقىۋېتىمەن!
بۇنىڭدىن كېيىن چەكسەم ئادەم بولماي
كېتەي! ـــ بۇ ئۇنىڭ خەقتىن ھەرقېتىم
تاياق يېگەندىن كېيىن تەكرارلايدىغان
قەسىمىنىڭ داۋامى ئىدى.

ئۇ ئايالىنىڭ بۇزۇقچىلىقىنى ئۇنىڭ
ئۆزىدىنمۇ كۆرەتتى. دېمىسىمۇ ئايال ئۆزىنى
تۇتۇۋالسا خەق نېمە قىلالايتتى. ئۇنى ئۇرۇپ
قوپالماس قىلىۋېتىمەن. ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

لېكىن ئۇ ئۆيگە كىرگەندە ئايالى
نەگىدۇر غايىب بولغانىدى. ئوغلىمۇ كۆرۈن-
مەيتتى. ئۈستەلدىكى تەخسە، لېگەنلەر
پۇتۇنلەي قۇرۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالىغا
يەنە چىلىم كەلدى. ئالدى بىلەن ئۇنى
ئۇزۇل-كېسىل پاچاقلىۋېتىش، كۆزدىن يوقىتىش
كېرەك!

ئۇنىڭ سەپراسىنى ئۆرلەتكەن چىلىم
ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. ئىچكىرىكى-تاشقىرى-
قى ئۆي، كارىۋاتنىڭ ئاستى، ھويلا-ئا-
رام... قايتا-قايتا ئاختۇرۇلدى، يەنىلا
يوق.

ئۇ بوسۇغا ئاتلىشى بىلەن تەڭ
ئوغلىنىڭ ئېشەك ئېغىلىدىكى چېلە ئۈستىدىلا
ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. بالىنىڭ كۆزلىرى
ئۇيقۇلۇقتىن يۇمۇلغانىدى. ئۇ چېقىپ تاشلى-
ۋەتمەكچى بولغان چىلىم بالىنىڭ قوچىقىدا
سۇس ئىس چىقىرىپ تۇراتتى.

ئاۋۇت ناۋاي يات دۇنياغا كېلىپ
قالغاندەك، ھەيرانلىقتا قېتىپلا قالدى. ئۇ
نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنىمۇ بىلمەيتتى.
پۇتۇن بەدەنلىرى ئاستا-ئاستا چىڭقىلىۋاتقان-
دەك قىلاتتى. پەيلىرى ئىختىيارسىز تارتىش-
ماقتا ئىدى.

ئۇنىڭ كۆڭلى قانداقتۇر بىر نەرسىنى
تارتىۋاتاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمە ھەممەت جۇمە

تۇرسۇن ياسىن

# سادىر پالۋان

(روماندىن پارچە)

يازغۇچى تۇرسۇن ياسىننىڭ تارىخىي رومانى «سادىر پالۋان» يېقىندا جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا. بىز بۇ رومانىنىڭ ئىككىنچى بابىنى رومانغا تەقرىزا بولۇۋاتقان كىتابخانلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

## ئىككىنچى باب

قولۇمدىكى بەردەڭگە،
تونۇمايدۇ ئادەمنى،
سادىر ئۆزى خوخەنزە،
ئايىمايدۇ ياماننى.

«سادىر پالۋان قوشاقلىرى» دىن

### شېھتگاھ

1

سادىر بايانداي قەلئەسىگە يوشۇرۇن كىرىپ چىققان كۈنى قەلئەدىكى مانجۇ چېرىكلىرىدىن بىرەر يۈزى ئۇنى قوغلاپ مېڭىشتى.

جاڭجۇن قەلئەسىدىكى قوۋۇق①، قوختىلارغا② جايلاشتۇرۇلغان كېلەڭسىز زەمبىرەك، مىلتىقلار توختىماي ئېتىلىۋاتاتتى. سادىر قەلئە سېپىلىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، قېلىن

---

① يەر ئاستىدىن ئۆتۈشىدىغان، چوڭ قوڭغۇراق، راۋاقلىرى بار كۆزىتىش ئورنى.

② سېپىل تېمىغا يانداش سېلىنغان چېرىكلەر ئۆيى.

چاتقاللىقتا يوشۇرۇندى-دە، گاھ گۈلدۈر-گۈلدۈر، گاھ ۋالڭ-ۋۇڭ قىلىپ ئوق ئېتىلىۋاتقان نۇقتىلارنى سىنچىلاپ كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇ ئارتىلىپ چۈشكەن سېپىل تېمى يېنىدىن بىردىنلا زەمبىرەك بېشى كۆتۈرۈلدى. سادىر شۇئان كەينىگە بۇرۇلدى-دە، زەمبىرەك بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئۈچ چېرىكنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئاندىن خۇددى مۈشۈك چاشقاننى بوغقاندەك بوغۇپ ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالدى. سېپىل تاملىرىدىكى زىچ ئوق تۆشۈكلىرىدىن ئوق ئېتىلىۋاتاتتى. ئېتىلغاندىمۇ قارىسىغا ئېتىلىۋاتاتتى، چۈنكى سادىر قاراڭغۇدا ئوق دارىمايدىغان ئەپلىك بىر جايغا يوشۇرۇنىۋالغانىدى. سادىر يەرگە چاپلىشىپ يېتىپ، ئوق ئېتىلىۋاتقان تۆشۈكلەرنى ساناپ چىقتى. شۇ تاپتا ئۇ جاڭجۇن قەلئەسىدىكى دورا ئامبىرىنى پارتلىتىشقا تۇسالغۇ بولۇۋاتقان بۇ ئۈستىھكام توغرۇلۇق ئويلاۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا ئۇ سېپىل تاملىرىدىن ئارقان، شوتىلارغا ئېسىلىپ چۈشۈۋاتقان نۇرغۇن چېرىكلەرنى كۆردى. ئۇ شەپە چىقارماي سېپىلدىن يىراقلاشتى. سېپىلدىن چۈشكەن چېرىكلەر تەرەپ-تەرەپكە بۆلۈنۈپ قۇۋ! قۇۋ! ① دەپ ئالتاغىل ۋارقىرىشىپ، سادىرنى قوغلاشتى. ئۇنى قوغلىغان چېرىكلەر لەنتەيزى غولىنىڭ تاشلىق يېرىگە ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار شۇ يەرگە كەلگەندە سادىرنىڭ ئىزىنى يوقىتىپ قويۇشتى. شۇ ئەسنادا ئۈستەڭ تەرەپتىن كەتمەن كۆتۈرۈۋالغان بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. چېرىكلەر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇشتى-دە، تەرەپ-تەرەپتىن:

— قاچقۇننى كۆردۈڭمۇ؟! بېشى قازاندەك، تەمبەل بىر ئادەمنى كۆردۈڭمۇ، — دەپ سوراشتى.

يولۇچى سەل-پەل تۇرۇۋالدى-دە، ئىنتىكلا:

— كۆرمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى. شۇ ئەسنادا بىرقانچە چېرىك ھاسىراپ-ھۆمدەپ، ئالاقزادە بولغان ھالدا بۇلارنىڭ يېنىغا كېلىشتى. ئۇلاردىن بىرى:

— قاچقۇن چوقۇم سادىر. چاققانلىق قىلمىغان بولساق، جېنىمىزنى ئالار ئىكەندۇق. ھەممىمىزنى يۈرەكزادە قىلىۋەتتى. ئاندىن ھەش-پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى، — دېدى.

— تونۇدىڭلارمۇ؟ ئۇ راستتىنلا سادىرمىكەن؟!

— شۇ، شۇ ئۆزى. بولمىسا، بىز ئۆمرىمىزدە قاچاقلاردىن قورقۇپ باققانمىدۇق!

— ئۇمۇ قاچاقمۇ؟

— بۇنىسى راست. ئەمما، ئۇ باشقا قاچاقلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ كۈچتۈڭگۈرلىكىنى بىرنېمىگە تەڭ قىلىپ بولمىغۇدەك. ئۆزۈڭلار بىلىسلەر، ئوردىدىكىلەر بۇ سادىر دېگەننىڭ دەستىدىن ئارامخۇدا ئۇخلاپ باقمىدى. ئوردىدىن ئون ئىككى قېتىم قېچىپ چىققان شۇ سادىر ئەمەسمۇ! مانا ھازىرغىچە ئۇنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلالمايۋاتىمىزغۇ!؟

---

① ئالغا مەنىسىدە.

شۇ سۆزلەر بىلەن چېرىكلەر سادىرنى ئىزدەشتىن يالتىيىشىپ، سالپايىغان ھالدا قەلئەگە قايتىشتى.

دەرۋەقە، سادىر كۆپ چېرىكلەرنىڭ جىنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويغانىدى. ئۇنىڭ يۈزمۇ يۈز ئېلىشىپ، ئۆلتۈرگەن چېرىكلىرىدىن باشقا، يول ئىزىقتۇرۇپ، بىرلەپ، ئىككىلەپ جىنىدىن جۇدا قىلغان، پاتقىدىن تۇتۇۋېلىپ، بىر-بىرىگە ئۇسۇشتۇرۇپ، ئاغزى-بۇرۇنلىرىنى ماكچايتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن چېرىكلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئاشۇنداق پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەردىن قېچىپ قۇتۇلغان چېرىكلەرمۇ بار ئىدى. سادىر بۇ قېتىممۇ قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، چېرىكلەرنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇردى. تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا ئۇ چىلپەگىزە قەلئەسىگە يېتىۋالدى. قەلئە سېپىل بىلەن ئورالغانىدى. ئەسلىدە بۇ قەلئە بىر ھاكىملىك يەر ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشتىن ئىلگىرى مانجۇ ھۆكۈمدارلىرى بۇ يەرگە تەجرىبىلىك ئۇرۇش سەركەردىسى دەپ ئاتالغان گېۋاڭنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. گېۋاڭ ھاكىم ① بولغانىنىڭ 10-يىلى كۈزدە، سادىر قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ قەلئەگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغانىدى. گېۋاڭ بۇ ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاق بايراق چىقىرىپ، قەلئەنى سادىرغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن گېۋاڭنىڭ ھاكىملىك سەلتەنىتى ئاخىرلاشقانىدى... سادىر قەلئەگە تۇغۇچلۇق قەدەم قويدى. قەلئە ئىچىدە بىر كۆڭۈللۈك ئىش-ئۇقەت باشلىنىپ، ھەرخىل شاۋقۇن-سۈرەنلەر، توخۇلارنىڭ تىنىماي چىللاشلىرى، قوي-كالىلارنىڭ مەرەشلىرى بۇ «كىچىك دۇنيا»نى بىر ئالغانىدى. سادىر ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇغا چۆمۈلدى. بولۇپمۇ، قاياقتىندۇر چىقىۋاتقان «ھايدا كالاڭنى! ھايدا!» دېگەن يېقىملىق سادالار سادىرنىڭ باللىق چاغلىرىنى ئېسىگە سېلىپ، ئۇنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ بەرجەس قەدەملەر بىلەن يولىنى داۋام قىلدى. كۆرە يولىغا ياندىش ھەيۋەتلىك مانجۇ بۇتخانىسى، خىش بىلەن ئېگىز قوپۇرۇلغان، تۆمۈر پەنجىرىلىك مانجۇ يامۇلى، ئۇلارنىڭ ئەمەلدار-قەلەمدارلىرى ئولتۇرىدىغان ھېجرىۋا ② لاردا ئەمدىلىكتە ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئورۇنلاشقانلىقىنى كۆرگەن سادىر يايراپ كەتتى. ئۇلار ئىلگىرى «قاچاقلار» دەپ ھاقارەتلىنىپ، سېپىل تېمىغا يېقىن كەلتۈرۈلمەيتتى، كۆز بوياپ كىرىپ-چىقىش بولمىسا، ئۇلارنىڭ قەلئە ئىچىگە كىرىپ-چىقىشىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھالا بۈگۈن، بۇ قەلئە ئۆز ئىگىلىرى بولغان ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ ھۆرلۈك، ئازادلىق يولىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆرەش مېۋىسى ئىدى. بۇنى سادىر ئوبدان بىلەتتى. بۇ يولنىڭ تېخى ئاخىرلاشمىغانلىقى، داۋام قىلىدىغانلىقى ھەم ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن پىلانلىرى بار ئىدى. ئەنە شۇ پىلانلىرى، مەقسەت-مۇددىئالىرى سادىرغا قىران چاغلىرىدىكىدەك كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلاپ تۇراتتى. گەرچە، ھازىر

① گېۋاڭ ھاكىم — 1851-يىلى ئىلى جياڭجۈنى تەرەپىدىن چىلپەگىزگە ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن.
② ھېجرىۋا — فار-فۇر خىشلار بىلەن ياسالغان ھەشەمەتلىك ئۆيلەر.

سادىرنىڭ يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، قامىتىدىن يەنىلا غالىبانە روھ ۋە تېتىكلىك يېغىپ تۇراتتى...

سادىر بىردەمنىڭ ئىچىدە قەلئەدىكى تۆت كوچىنى ئايلىنىپ چىقتى-دە، يەنە بىر كوچىغا بۇرۇلدى. دەل مۇشۇ يەردە ئۇردا قوۋۇقى بار ئىدى. بۇ يەرنى قوزغىلاڭچىلار قارا دىۋانبېگى مەھكىمىسى قىلىپ ئۆزگەرتكەنىدى. سادىر بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، كۆن سېپىل تېمىدىن ئۆرلىگەنىدى. قەلئەگە كىرگەندىن بېرى ئۇنىڭ ئۇچراتقانلىرى ئادەتتىكى پۇقرالارلا بولۇپ، قوزغىلاڭچىلاردىن بىرەرىنىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئادەتتە، ئۇلارنىڭ قىزغىن داۋاملىشىدىغان ئوق-دورا ياساش، نەيزە-قىلىچ سوقۇش دېگەندەك ئىشلىرىدىن قىلچىمۇ سادا يوق ئىدى. سادىر قارا دىۋانبېگى مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەندىن كېيىنلا سىر ئاشكارىلاندى. سادىر بىلەن تونۇش ئىككى دەرۋازىۋەن ئۇنىڭ بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ كۆرۈشتى. ئۇلار كۆز ياشلىرىنى ئېرتىشىپ، پىغانىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەردى.

— سىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپە بىلەن دۈشمەن قەلئەسىگە كەتكىنىڭىزدىن بىز خەۋەردار ئىدۇق، — دېدى دەرۋازىۋەنلەردىن بىرى، — سىز كەتكەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى پۈتۈنلەي توختىتىۋەتتى. ئوق-دورا، قورال-ياراق ياساشنىمۇ توسىدى. قارشى چىقىپ، بىر-ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلغانلارنى زىندانغا تاشلىدى. قالغانلىرىنى دېھقانلاردىن كۆزلۈك سېلىق يىغىشقا بۇيرۇغانىدى. ئۇلار، بىز چېرىك ئەمەس، ئۇنداق سېلىقنى يىغمايمىز! دەپ، ھەرقايسىسى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشتى.

— ئاۋۋال دېھقانلاردىن سېلىق يىغىۋېلىپ، ئاندىن قوزغىلاڭنى قايتا باشلايمىز دەپ سۇلتانلىق يارلىق چۈشۈرۈپتۇ، — دېدى دەرۋازىۋەنلەردىن يەنە بىرى سۆز ئېلىپ، — بۇ يارلىققا قوزغىلاڭچىلار نارازىلىق بىلدۈرۈشتى. ئۇلار، بىز نېمە مەقسەتتە قوزغىلاڭ كۆتۈردۇق؟ جەبرى-زۇلۇم تارتىۋاتقان دېھقانلارنى يەنە شىلىپ يەيمىز دەپ قوزغىلاڭ قىلغانمىدۇق؟ بۇ ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك ئەمەسمۇ؟ بىز ئۇلاردىن سېلىق يىغىشتىن نومۇس قىلىمىز. قوزغىلاڭچىلار سېپىدىن چېكىنسەك چېكىنىمىزكى، لېكىن دېھقانلاردىن يىغالمايمىز. قېنى، سادىر قايتىپ كېلىپ ئۆزى بىر نېمە دېسۇن! دېيىشتى. سۇلتان ئوردىسىدىن كەلگەن ئەمەلدارلار: «بۇ سۇلتانلىقنىڭ يارلىقى، ئۇنىڭغا سادىرمۇ بىر نېمە دېيەلمەيدۇ» دېدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە تېخى سىنزىنى ۋە بىرمۇنچە قوزغىلاڭچىلارنى قاتتىق ھاقارەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ روھى چۈشۈپ، ئۆي-ماكانلىرىغا قايتقىنى قايتتى. قەلئەدە پەقەت ئاز بىرقىسمىلا قېپقالدى. ھازىر قەلئەدە ياگور قوزغىلاڭچىلىرىلا قالدى دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۇلار سۇلتانلىقنىڭ يارلىقى بويىچە دېھقانلاردىن سېلىق يىغىشقا ئاتلاندى.

بۇنى ئاڭلىغان سادىر غەزەپتىن تىترەپ كەتتى ئۇ بۇ ئىككىسىدىن:

— قارا دىۋانبېگىلارچۇ؟! — دەپ سورىدى.

uyghurkitap.com

— قارا دېۋانبېگىمىز قەيسەر سۇلتانلىقتىن كەلگەن ئەمەلدارلار يۈرگۈزمەكچى بولغان بۇ ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ھەققىدە سۇلتانلىق بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن كەتكەنىدى. ئۇنى ئاخشام قايتىپ كەپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق.

ساددىر دەرۋازىۋەنلەرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ باشقا گەپ-سۆز قىلمىدى. ئۇ ئىنتىك بۇرۇلۇپ قارا دېۋانبېگى قەيسەرنىڭ تۇرالغۇسىغا قاراپ ماڭدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ گۆرەن تومۇرلىرى زىيادە كۆپۈپ، قولاقلىرى تىنىمسىز لىپىلداپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ساددىر ھايات، ساددىر تېخى ھايات... دەيتتى. ئۇ بازغاندەك مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، كىمكى ئۇنىڭ ئەللىك يىللىق ئارزۇ-ئۈمىدىگە توسقۇنلۇق قىلىدىكەن، كىمكى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىكەن، شۇ ساددىرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، مەڭگۈلۈك رەقىبى. ساددىر ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرمىسە ئوغۇل بالا ئەمەس. ساددىرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كۈچ، غەيرەت-شىجائەت، يالقۇن-ئەلەڭگە ھېلھەم پەسەيگىنى يوق. ئۇ شۇ خىياللار بىلەن ئۆزىنىڭ قەيسەرنىڭ تۇرالغۇسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇلار تەڭلا:

— ئاغىنە!

— پالۋان! — دېيىشتى-دە، بىر-بىرىگە ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ كۆرۈشتى. ئىككىسى ئەمدىلا ئەھۋاللىشىپ تۇرۇشىغا، قوزغىلاڭچىلاردىن ئىككى كىشى ھودۇققانلىرىچە كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار باشقا گەپ-سۆز قىلماي:

— غازات!... غازات! — دېگەننى تەكرارلايتتى. ساددىر ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى.

— مانجۇ چېرىكلەر سېپىل تۈۋىدە پەيدا بولدى. قۇۋ! قۇۋ! دەپ ۋارقىرىشىپ، ئۈزۈلمەي كېلىۋاتىدۇ، — دېگەن جاۋابنى بەردى ھېلى كىرگەن ئىككىسى.

ساددىرنىڭ سەپرايى قايتىدىن ئۆرلىدى-دە، ئۇلارغا:

— قوزغىلاڭچىلار تەييارلانسۇن! — دەپ بۇيرۇق بەردى. ئاندىن يېنىدىكى قەيسەرگە قاراپ:

— قەلئەدە تۇرۇۋاتقان تۆگىگان قوشۇنىمۇ بىرلىكتە جەڭگە ئاتلانسۇن! ئۇلارغا ئۆزۈڭ بۇيرۇق قىل! — دېدى قەتئىي تەرزدە. قەيسەر ئۇدۇق-بۇدۇق قىلىپ قالدى. بۇ چاغدا ساددىر:

— ئەھۋال چۈشىنىشلىك، ھەممىدىن خەۋەر تاپتىم. توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. ئۇلارغا بۇيرۇق قىل! بۇ جەڭگە قاتناشسۇن! بولمىسا، جەڭدىن قاچتى، دەپ قارىلىپ، جازاغا تارتىلىدۇ! — دېدى. ئاندىن ئۇ بىرپىلا قەيسەرنىڭ ھۇجرىسىنىڭ تۆرىدە ئېسىقلىق قىلىچنى قولىغا ئالدى. بۇ چاغدا قەيسەر ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەنىدى.

— ئاللا ساڭا مەدەت قىلسۇن، قەيسەر، — دېدى ئۇنىڭ كەينىدە قالغان

سادىر. قەيسەرنىڭ مۇشۇ تاپتىكى مىجەز-خۇلقىنىڭ ئەينى يىللاردا بىللە پادا باققان قەيسەرنىڭكىدەك ھېلىھەم ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ھېس قىلغان سادىرنىڭ كاللىسىدىن دەماللىققا ئەينى يىللارغا چېتىلىدىغان ئۆزگىچە خىياللار كەچتى: بىز بېشىمىزدىن نېمە قىسمەتلەرنى كەچۈرمىگەن دوستلار. بىزنىڭ ياشلىقىمىز، نەۋقىران چاغلىرىمىز زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ بىلەن ئۆتتۈۋېدى. ئۇ چاغلاردا بىز پادا تاياقلىرىمىز بىلەنمۇ رەقىبلىرىمىزگە، زومىگەرلەرگە تېتىپ ئۆتكەنىدۇق. ھالا بۈگۈن يېشىمىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. يىلان-چايانلار يەنە قوتراپ بىزنى بوزەك قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. قوزغىلاڭ يالقۇنى بىلەن تاۋلانغان ۋۇجۇدىمىز بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟! ياق، ياق! ھەققە ھەق بىلەن، ناھەققە قوزغىلىپ جەڭ بىلەن ئوت ئېچىپ ئۆلسەك نېمە ئارمان! كېلىڭلار رەقىبلىرىم، كېلىڭلار! سىلەرگە يەنىلا تېتىغۇچىلىكىم بار. ئۇ قىلىچنى غىلاپىدىن زەرىپ بىلەن سۇغۇرۇۋالدى. بىر ھازا قىل قويرۇق مەشىقى قىلغاندىن كېيىن، چەبدەسلىك بىلەن سىرتقا ئېتىلدى.

## 2

سادىر مىڭدىن ئارتۇق قوۋۇق مۇھاپىزەتچىسىنى سىپىلنىڭ سىرتىغا باشلاپ چىققاندا، پېتىۋاتقان كۈننىڭ قىزىللىقى تېخى يوقالمىغانىدى. قەيسەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا قوۋۇقتىكى ئون نەچچە قوزغىلاڭچىنى باشلاپ كەلدى. بۇ ئىشقا ھەيران بولغان سادىر:

— ياگور قوشۇنىدىكىلەر قېنى؟! — دەپ سورىدى.

— ئۇلار ياگوردىن بۇيرۇق كەلمىگۈچە جەڭگە چىقمايمىز، بۇنى سۇلتانلىق بىكىتكەن دەيدۇ، — دېدى قەيسەر ۋە قىلىچنى زەرىپ بىلەن بىر شىلتىپلا ئالدىدىكى سۆگەت نوتىسىنى چورتلا كېسىپ تاشلىدى.

— سۇلتانلىق دەمسەن، سۇلتانلىق! ياگور بىزنىڭ بۇيرۇقىمىزنى ئاڭلىمىسا... سۇلتانلىق گەپ قىلمامدىكەن؟

— تېخى ماڭمۇ يېڭى يارلىق چۈشۈرۈلگۈدەك، مېنىڭ ئورنۇمغا تەيىنلىگەن ئادىمىمۇ كەلگۈدەك، — قەيسەر شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، ئارىدىن بىرەيلەن قوشۇمچە قىلدى:

— بۇ ئىشنى بىز ئاللىبۇرۇن ئاڭلاپ بولغان. لېكىن، قەيسەر بەگنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئېغىز ئاچمىغانىدۇق.

— كىم ئىكەن ئۇ؟!

— كىم بولاتتى، تۇپرىقىمىزنىڭ تېشىدىن كەلگەن خوجا ئەۋلادى.

— ئىسمى نېمىكەن؟

— ئەخمەتجان خوجا.

— ئەخمەتجان خوجا!؟ — دەپ بۇ ئىسىمنى غەزەپلىك تەلەپپۇزدا تەكرارلىدى

www.uyghurkitap.com

سادىر مالخىيىنى قولىغا ئېلىپ، — قېنى، ئۇلار يامانمۇ ياكى بىز يامانمۇ. مەيلى ئەمدى ئۆز ئادەملىرىمىز بىلەنلا جەڭ قىلىپ كۆرەيلى. بۇ ھەقتە بايانداي قەلئەسىدە ئاڭلىغانلىرىم ھەققەتەن توغرا ئوخشايدۇ. ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلمىغىنىمنى كۆرسۇن! ھەي مەزەمزات، ھەي مەزەمزات! قېنى مەن بىر كۆرەي!

سادىرنىڭ ئاغزىدىن بۇ ئىسىم چىقىشى بىلەن تەڭلا تەرەپ-تەرەپتىن ئاغرىنىش، شىكايەتلەر باشلىنىپ كەتتى.

— بىز خوجا ئەۋلادى بولغان مەزەمزاتنى سۇلتان قىلىپ تىكلەپ، كەتكۈزۈپ قويۇپتىمىز. ئۇ مەلئۇن قوزغىلاڭدىن كېيىن باتۇر بولۇۋېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى چەتكە قاقتى. نەدىكى بىر تېگى-تەكتى چەلەڭگۈش، قورسىقىدىكى خىيال-غەرەزىنى بىلىپ بولمايدىغان، خوجا ئەۋلادلىرى دەپ ئاتالغانلارنى يېنىغا تارتىۋاتىدۇ. ئۇنى ئاز دەپ، سەتەڭلەرنى توپلاپ، ئەيشى-ئىشرەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پاھىشىۋازلىقىنى نىقابلاش ئۈچۈن، سىزگە، زاتى چەلەڭگۈش ئايالنى نىكاھىغا ئېلىۋالدى. ئۇ ئەھلى مۇسۇلمان ئەمەس، دەپ يالا چاپلىدى.

بۇ چاغدا سادىر ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويغاندەك چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويدى. قارا سېنى مەزەمزات. تىلى ياتلاردىن كېلىۋاتقان زۇلۇم-ئوقۇبەتلەر تۈگمەي تۇرۇپلا، ئەمدى سېنىڭ دىلىڭنىڭ ياتلىقى باشلاندىمۇ؟ ئاكامىي پالۋان! دېگەنلىرىڭ يادىڭدىن چىقىپ قالغان ئوخشىمامدۇ. سادىرنىڭ خىيال ئېكرانىدىن بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

قوزغىلاڭ تېخى غەلىبە قازانمىغان چاغلار ئىدى. سادىر ئاخىرقى قېتىم كورە يامۇلىدىكى زىندانغا تاشلاندى. سادىر ياتقان زىنداندا ئۆزىدىن باشقا، بىرقانچە مەھبۇسنىڭ ھوشىغا كېلەلمەي ياتقىنىغا بىرنەچچە كۈنلەر بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ ھالى بەكمۇ خاراپ كۆرۈنەتتى. ئۇ ھەتتا شۇ يەردە ياتقان مەھبۇسلار تەرىپىدىنمۇ خورلىناتتى. ئۇ ھەرقانچە خورلىنىۋاتسىمۇ، باشقىلار ئۇنىڭغا نەزەر-گۆز بىرىنىمۇ سېلىپ قويمايتتى. ئېنىقراقى، ئۇنىڭغا يامان كۆز بىلەن قارىشاتتى. سادىر بۇ ئىشنى زىندانغا كىرگەن كۈنىلا بىلىۋالغانىدى. ئاجىز-بوزەكلەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇپ كەلگەن سادىر بۇ ئاجىز كىشىگىمۇ قولىدىن كېلىشىچە خەيرىخاھلىق قىلدى. ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى. ئاخىر بۇ مەھبۇس كۆز ئېچىپ ئولتۇرغۇدەك بولدى. ئەمدى ئۇ سادىرغا دەرد-ھەسرىتىنى تۆكۈشكە باشلىدى. شۇ چاغدا سادىر زىنداندىكىلەرگە ئۇلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان بۇ مەھبۇسنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئاغىنىلەر، بۇ زىندان قورقماس، مەردانە، راستچىل، ساپ نىيەتلىك بىگۇناھلارنىڭ ئۆيى. ئەزىمەتلەرنىڭ ئەزىمىتىنى، يىگىتلەرنىڭ يىگىتىنى تاۋلاپ سىنايدىغان ئوچاق. بۇ ئوچاقتا بۇگۈنكى كۈندە بۇ بۇرادەرمۇ زالىم ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تاشلانغانىكەن، بىزنىڭ بۇ ئۆيىمىزنىڭ ئەزاسى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇنىڭغا ياخشى

مۇئامىلە قىلايلى! شۇنداقمۇ بۇرادەرلەر، — دېدى، ئۇ ھېلىقى مەھبۇسقا قارىغاندى، ئۇنىڭ كۆزىدىن يەنە ياش ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. سادىر زىندانغا كىرگەن كۈنلا ئۇنى تونۇغاندى، ئەمما ئۇنىڭغا تازا تونۇشلۇق بەرمىگەنىدى. بۇ چاغدا ئۇ:

— ئاكاموي پالۋان! — دەپ سادىرغا ئېسىلىپ ياش تۆكتى. بارا-بارا بۇ مەھبۇسمۇ زىنداندىكىلەرگە يېقىنلىششقا باشلىدى. مەھبۇسلارمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىششقا باشلىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ مەھبۇس زىندان ئىچىدە ئۇخلاپ يېتىپ مۇنداق چۈش كۆردى: ئۇ تىنىق كۆك ئاسماندا ئاق لاچىن بولۇپ ئۇچۇۋاتقۇدەك؛ ئۇنىڭغا ئۆزىگە ئوخشاش بىرقانچە ئاق لاچىنلار كېلىپ قوشۇلۇۋاتقۇدەك؛ شۇ ئەسنادا ھاۋادا قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، ھايال ئۆتمەي بىر قارا لاچىن ئۇچۇپ كەلگۈدەك؛ ئۇ ئاق لاچىنغا شىددەت بىلەن ئېتىلغۇدەك. ئۇلار بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلىپ بىر ھازا ئېلىشىپتۇ. ئاخىر ھېلىقى قارا لاچىننىڭ قاناتلىرى سۇنۇپ، ئۆزى پارە-پارە بولۇپ كۆك قەرىدىن غايىب بوپتۇدەك. شۇ ھامان قۇياش يۈزىنى ئېچىپ، كۆك ئاسمان يورۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاق لاچىنلار تېخىمۇ ئېگىزدە پەرۋاز قىلغۇدەك.

ئۇ چۈشىدە كۆرگەن بۇ ئىشنى سادىرغا تولۇق ئېيتىپ بەردى. سادىر ئۇنىڭغا:

— سىنىڭدە يەنە ئامەت بار ئىكەن. بۇ قېتىم يەنە تەختكە چىقىدىكەنسەن، — دېگەنىدى، ئۇ:

— ياق، ياق! ئۇ تەخت سىزگە مۇناسىپ. زىنداندىن چىقسام، قانخور چېرىكلەر بىلەن جەڭ قىلىمەن. پۇقرالىرىمغا زەرەر يەتكۈزمەيمەن. ئەگەر، مۇشۇ دېگەنلىرىم يالغان بولسا، بوينۇم قىلدا باغلاقلىق بولسۇن! ئەزبىرايى خۇدا! — دەپ تىزلىنىپ قەسەم قىلغانىدى. شۇنىڭدىن ئاز كۈنلەر ئۆتۈپلا سادىر بىر ئاماللار بىلەن زىنداندىن قېچىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، سادىر بىلەن بىر زىنداندا ياتقان ھېلىقى مەھبۇسلارمۇ زىنداندىن بوشاپ چىقتى. سادىر باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىپ، ۋاقىتلىق ھاكىمىيەت — سۇلتانلىقنى قۇرغاندا، سادىر زىنداندىكى ۋاقىتدا قىلغان ۋەدىسىگە ئاساسەن يىغلاڭغۇ «دوستى» مەزمۇتىنى ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى قىلىپ بەلگىلەپ، چوڭ ھوقۇقنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزغانىدى.

سادىر ئەلەم ۋە پۇشايمان ئىلكىدە مۇشۇلارنى ئەسلەپ چىقتى. خەپ سېنى، — دېدى سادىر ئىچىدە ئاچچىقىنى باسالماي تىت-تىت بولغان ھالدا، — ئېشىك قانداق قارا بولسا، ئىچىمۇ شۇنداق قارا ئىكەن. قارا تايغاننىڭ ئۆزى ئىكەنسەن ئەبلەخ! ئۇنىڭ خىياللىرىغا بەرھەم بېرىپ تۇيۇقسىز بىرەيلەن:

— دۈشمەن! دۈشمەن كەلدى! — دەپ ئاچچىق ۋارقىرىدى. دەرۋەقە، يېقىنلا يەردە چۇمۇلىدەك مىغىلدىغان چېرىكلەر چىلبۆرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ كېلىشىۋاتاتتى. ئۇلار بىردەمنىڭ ئىچىدە ھەممە ياقنى ئوق يامغۇرىغا كۆمۈۋەتتى. توختىماي ئېتىلىۋاتقان زەمبىرەك، مىلتىقلار زەربىسىدىن ھەممە يەر زىلزىلىگە كېلىپ، ئىس-تۈتەككە تولۇپ،

www.uyghurkitap.com



ئەتراپنى بۇرۇقتۇرمىلىق قاپلىغانىدى.

سادىرنىڭ مۆكتۈرمىدىكى قوزغىلاڭچىلىرىغا چىېرىكلەرنىڭ ئوقلىرى پەقەتلا تەگمەيۋاتاتتى. قوزغىلاڭچىلار توقنەك قۇشتەك بىر-بىردىن قىېرى قارىياغاچلارنىڭ قويۇق شاخلىرى ئارىسىغا بىكىنىۋېلىشقانىدى. شۇڭا، دۈشمەن چىېرىكلىرى قوزغىلاڭچىلارنى ئاسانلىقچە كۆرەلمەيتتى. قوزغىلاڭچىلار بولسا، ئۇلارنىڭ جاجىسىنى كىېلىشتۈرۈپ بىېرەتتى. ئۇلارنىڭ بەردەڭگە، مىلتىق بىلەن ئاتقان ئوقلىرى زايە كەتمەي، چىېرىكلەرنىڭ جىېنىنى ئالاتتى. «يىقىلغان چىېلىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك، چىېرىكلەر تىېخىمۇ ئەزۋەيلەشكە باشلىدى. قوزغىلاڭچىلارمۇ بوش كەلمەي، تىېرەكلەرنىڭ ئۈستىدىن ئوق ياغدۇرۇپ تاقابىل تۇردى. سادىر بىرقانچە يارەنلىرى بىلەن ئالدىدا كىېلىۋاتقان تۆت-بەش چىېرىكنى يەر چىشلەتتى-دە، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى دۈشمەننىڭ كىرىش يولىدىكى تىېرەكلەرگە مىقلىۋەتتى. بۇ سۈرلۈك ھالەتنى كۆرگەن كىشىنىڭ تىېنى شۈركىنەتتى. دەرۋەقە، چىېرىكلەر بۇ يەرگە كىېلىپ ھىېلىقى باشلارنى كۆردى-دە، ھۇدۇققىنىدىن كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ ئالمان-تالمان كەينىگە داجىشتى. ئەمما، چىېرىك باشلىقلىرىنىڭ زورى بىلەن بويىنىدىن باغلاپ سۆرىگەن ئىتقا ئوخشاش يەنە ئالغا قاراپ سىلجىشتى. ئۇلار يۈرەكئالدى بولغان ھالدا ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئەمما، قايسى دەرەخكە يېقىنلاشسا، بىېشىغا ياكى بىېقىنىغا ئوق، كالتەك يەپ يىقىلاتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوق-دورىلىرى تۈگەي دەپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار خىېلىغىچە شۇ تەقلىدتە چىېرىكلەرنىڭ ئەدىپىنى بىېرىۋەردى. ئەمدى غالجىرلاشقان چىېرىكلەر بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. سادىر يارەنلىرىگە ئۇر-چاپ قىلىپ ئىېلىشىش بۇيرۇقىنى بەردى. قىلىچۋازلار يوشۇرۇنۇۋالغان تىېرەك شاخلىرى ئارىسىدىن چۈشۈشكە باشلىدى. چىېرىكلەرنىڭ كۆزىگە ئۇلارنىڭ بىرى ئون بولۇپ كۆرۈنۈپ، ئاسماندىن بالا-قازا يېغىۋاتقاندەك بىلىندى.

— قىېرىنداشلار، ھۇرلۇك ئۈچۈن چىېرىكلەرنى قىرىڭلار! — دەپ مەدەت بىېرەتتى سادىر قول ئاستىدىكىلەرگە. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر ئارسلانغا ئايلانغانىدى. قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ ئالدىغا كەلگەن چىېرىكلەرنى يەر چىشلىتىپ ماڭماقتا ئىدى. بەزىلىرى بىر قىلىچ ئۇرۇشتا بىرقانچە چىېرىكنى بىراقلا جەھەننەمگە يوللايتتى. شۇ تەرىقىدە نۇرغۇن چىېرىكلەر ئۆلۈمگە يول ئالدى. قوزغىلاڭچىلارمۇ تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئاخىر، چىېرىكلەر تاقابىل تۇرالماي، جان قايغۇسىدا كەينىگە قاراپ قىېچىشقا مەجبۇر بولدى.

سادىر ئاخىرقى ھۇجۇمغا ئاتلىق قوشۇننى ئاتلاندۇردى. چىېرىكلەر ئۆلەر-تىرىلىشىگە باقماي قىېچىپ، چىلپەڭزە قەلئەسىدىكى قارىياغاچلىقتىن خىېلىلا يىراقلىشىۋالغانىدى. سادىرنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. شۇ تاپتا باياندا قەلئەسىگە ئازلا قالغانىدى. توساتتىن باياندا قەلئەسى تەرىپىدىن ئىېتىلغان زەمبىرەكلەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ يولىنى توسىدى. قوغلاپ كەلگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر

قىسمى مۇشۇ توپ ئوقلىرىدىن تالاپەتكە ئۇچرىغانىدى. پۇرسەتنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق دەپ بىلگەن مانجۇ چېرىكلىرى قوزغىلاڭچىلارغا يېقىنلا يەردىكى ئازگاللىقتىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشتى. قوزغىلاڭچىلار توپ ئوقلىرىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن، ئويمان بىر جايغا يېتىپ يوشۇرۇنغانىدى. سادىر ئوقسىز قالغان بۇ قوزغىلاڭچىلارغا قوچاقلاشما جەڭگە تەييارلىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ئەمما، هايال ئۆتمەي ئۇ ئاجايىپ بىر تەدبىرنى ئويلاپ تاپتى. بۇ يەردىن ئالاھەزەل يۈز قەدەمدەك نېرىدا تىرەن بىر يارداڭلىق بار ئىدى. بۇ يارداڭلىققا چۈشۈپ كەتكەن ئادەم ساق چىقمايتتى. ئۇ چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، يارداڭلىق تەرەپكە ماڭدى. ئۇ چېرىكلەرنى ئەتەي ئۆزىنىڭ كەينىدىن قوغلاتماقچى ئىدى. دېگەندەك، مىڭشەن باشچىلىقىدىكى ئىككى-ئۈچ يۈزچە چېرىك ئۇنى قوغلاپ ماڭدى. سادىر يارداڭلىقتىن خۇددى قاپلاندەك تېزلىكتە پەسكە سىرىلىپ چۈشۈۋالدى. مىڭشەن باشلىق چېرىكلەر سادىرنى قوغلىغان پېتى يارداڭلىقنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالدى. ئۇلارغا سادىرنى تۇتۇش ئۈچۈن يارداڭلىققا چۈشمەكتىن باشقا يول يوق ئىدى. ئاتلىق چېرىكلەر ئاتلىرىنى توختىتالماي، يارداڭلىققا ئات-ئاتلىرى بىلەن دومىلاپ چۈشۈشتى. هايال ئۆتمەي، ئەتراپتا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆر-چاپ دېگەن ئاۋازلىرى ياڭرىدى. بىرمەيدان قىلىچۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. قوزغىلاڭچى يىگىتلەر ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسەتمەكتە ئىدى. سادىر چېرىكلەر باشلىقى مىڭشەن بىلەن روبىرو كېلىپ قالدى. ئىككىلىسى بىر-بىرىگە يەۋەتكۈدەك ھەملە قىلىشتى.

— سەن بىزنىڭ قولىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلغىنىڭ بىلەن ھامان ئۆز يېرىڭدە تۇتۇلىسەن! ساڭا قاپقاننى ئۆز يېرىڭ، ئۆز ماكانىڭدا ئاللىقاچان قۇرۇپ قويغان بىز! — دېدى مىڭشەن كۆرەڭلىك بىلەن.

بۇ سۆز سادىرغا چاقماق چاققاندەك شۇنداق تەسىر قىلدىكى، غەزەپتىن ئۇنىڭ تومۇرىدىكى قانلار شۇۋۇلداپ ئاقتى. ئۇ مىڭشەنگە قاراپ:

— كەل بەدبەخت! كارامىتىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دېدى. شۇئان، ئىككىسى قىلىچلىشىشقا باشلىدى. مىڭشەننىڭ قىلىچ ئۇرۇشى تېز، ئەپچىل بولۇپ، ئۇ بارا-بارا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەشكە باشلىغانىدى. شۇ پەيتتە سادىرنىڭ كاللىسىدا ئۇستازى مامۇت قوتازدىن ئۆگەنگەن پەنت-ھىيلىلەرنى ئىشقا سېلىش ئويى تۇغۇلدى. ئۇ قىلىچ ئۇرۇشنى توختاتمىدى. مىڭشەننى قىلىچ ئۇرۇشقا بەنت قىلىپ قويۇپ، ئۆزى قىلىچ تۇتمىغان قولىنى چاققانلىق بىلەن ئىشقا سالدى-دە، كاپ قىلىپ ئۇنىڭ كېكىرتىكىدىن ئامبۇردەك قىسىپ تۇتۇۋالدى... ئەتراپتا تېخىچە ئېلىشىش داۋام قىلىۋاتاتتى. چېرىكلەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، ئېلىشىۋاتقانلىرى ھالسىزلانغانىدى. بۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلاردىن ئىككى كىشى كېلىپ سادىرغا ئەھۋال مەلۇم قىلدى.

— كەينى تەرىپىمىزدىن ئۇرۇنباسار سۇلتان ياگورنىڭ قوشۇنلىرى ھۇجۇمغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


ئۆتتۈۋاتىدۇ. ئۇلار خىيلىدىن بېرى جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغان بولسا كېرەك. بىزنىڭ بۇ ئازگاللىقتا قامىلىپ قالغانلىقىمىزنى بىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ بۇ پۇرسەتپەرەسلەر!

سادىر تېخىچە مىڭشەننىڭ كېكىرتىكىنى ئامبۇردەك قىسىپ تۇراتتى. ئۇ بايىقى ئىككى كىشىگە بۇيرۇق بەرمەكچى بولۇۋېلىدى. سادىرنىڭ قولىدىن بىر ئاز بوشانغان مىڭشەن خىرقىراپ تۇرۇپ:

— قانداق؟ مېنىڭ دېگىنىمدەك بولدىمۇ؟ سېنى ئۆز ئادەملىرىڭنىڭ قولى بىلەن ھالاك قىلىپ، ئارماندا قويىمىز، بىلىپ قوي! — دېدى.

سادىرنىڭ جان-پېنى چىقىپ كەتتى. خەير، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر، دەپتىكەن، دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە ۋە ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن ياندى. سادىر مىڭشەننى سۆرەپ ياردائۆلۈقنىڭ بىر چېتىگە ئېلىپ باردى. بۇ چاغدا چېرىكلەر قىرىلىپ تۈگەي دەپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەل بولۇپ، قوزغىلاڭچىلارغا ئەسىرگە چۈشكەنىدى. مىڭشەننىڭ ھەممىدىن بەك ئىشىنىدىغان ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ تارمار بولۇشى ئۇنى بىردىنلا يىلى چىققان توپتەك قىلىپ قويغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ باياتىنقى كۆرەڭلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. سادىر ئۇنى بىر قانچە قېتىم چايقىۋېتىپ قويۇپ بەردى. ئۇ سادىرنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىدى.

— پالۋان، قانداق؟! — دېدى سادىر تەئەددى بىلەن.

— بولدى، تۈگەشتىم...

— بايىقى گەپلىرىڭنى ئېنىقراق قىل!

— ماقۇل، ماقۇل! مەن ئېيتاي!

— قېنى، سۆزلە!

— بۇ قېتىمقى سېنى قوغلاپ تۇتۇپ، يوقىتىش پىلانىنى سىلەرنىڭ ئەمەلدارلار كۆرسەتكەن... — ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا ئوق تەگدى. چەنلەپ ئېتىلغان ئوق ئۇنىڭ پېشانىسىغا تېگىپ مېڭىسىنى تېشىپ ئۆتكەنىدى. شۇڭا ئۇ سۆزىدىن چېپپىدە توختاپ، تۇرغان يېرىدە تىن تارتماي ئۆلدى.

— خەپ! بۇنى زادى كىم ئاتتى؟ — دېدى سادىر ئەتراپىغا قاراپ.

— ئەنە ئۇلار بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. تۇڭگان قوشۇنى! — دەپ مەلۇمات بەردى ھايال ئۆتمەي چارلاپ قايتىپ كەلگەن يىگىت. سادىر مىڭشەننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىيالماي قاتتىق ھەسرەتتە تۇراتتى. بۇ خەۋەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ ئەزدى. ئۇ ئورنىدىن قوزغىلىشىغا يەنە بىر پاي ئوق كېلىپ سادىرنىڭ يېنىدا تۇرغان يىگىتكە تەگدى. يىگىت شۇزامات جېنىدىن جۇدا بولدى.

— ھوي! بايىقىدەكلا ئوقۇ بۇ! ئالدىنقىسىنى مىڭشەنگە، بۇنى ماڭا دەللەپ ئاتقان قايسى خۇمسىدۇ بۇ؟! — دېدى سادىر غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ. ئۇ قەيسەرگە دەرھال قوزغىلاڭچىلارنى بىر يەرگە يىغىشنى بۇيرۇدى. ھايال ئۆتمەي، ئىككى

يۈزلۈك كىشى ھازىر بولدى. سادىر ئۇلارغا:

— بىز نائىلاج، ئۆز قوشۇنىمىز ئىچىدىمۇ جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. قېرىنداشلارغە يەرەت قىلىڭلار! ئالغا! — دېدى.

ئۇنىڭ بۇيرۇقى ئاخىرلىشىشىغىلا، ياردا گلىق ئۇستىدە ۋارقىراشقىنىچە تۆگكان قوشۇنىنىڭ ئەسكەرلىرى پەيدا بولدى. ئۇلار قىلىچ ئۇرۇپ ياردا گلىقتىن سەكرەپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئۇرغان قىلىچى سادىرنىڭ يېقىن ئاغىنىسى قەيسەرنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. ئارقىدىنلا قىلىچ سادىرغا ئۇرۇلغاندا، سادىرنىڭ ئوغلى ئىنگەمقۇل چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قىلىچىنى كەينىگە ياندۇرۇۋەتتى.

— مانا كۆرۈش مۇناپىقلار، قىلىچ ئۇرۇشنى! — سادىر پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، قىلىچ ئوينىتىپ بۇ مۇناپىقلارنى قىرىشقا باشلىدى. قىلىچلارنىڭ جاڭ-جۇڭ قىلغان ئاۋازلىرى، جان ئاچچىقىدا ئاھ، دەپ ئايانچلىق ئىڭراشلار ئەتراپنى بىر ئالدى. سادىرنىڭ قوزغىلاڭچىلىرى ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسەتتى. بۇ قانلىق ئېلىشىشتا دۈشمەن قوشۇنىنىڭ تەگدىن تولىسى يەر چىشلەپ ھالاك بولدى. قالغانلىرى قېچىشقا ئۇرۇنغانىدى، سادىرنىڭ يىگىتلىرى ئۇلارنىمۇ ياردا گلىق ئەتراپىدا قوغلاپ يۈرۈپ يەر بىلەن يەكسەن قىلدى. بىركېچە داۋام قىلغان بۇ گىرەلەشمە جەڭدە تاڭ يورۇشقا يېقىن قوزغىلاڭچىلاردىن سادىر، ئوغلى ئىنگەمقۇل ۋە باشقا يەتتە كىشىلا ھايات قالغانىدى. قارا دىۋانبېگى قەيسەر ۋە باشقا چوڭ-كىچىك قىرىق نەپەر سەركەردە، يۈزدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى بىر كېچىلىك جەڭدە شېھىت بولۇشتى. سادىر قەيسەر قاتارلىق قىرىق سەركەردىنىڭ جەسىتىنى بىر يەرگە جەم قىلدى. باشقا قوزغىلاڭچىلارنىڭ جەسەتلىرىنىمۇ رەتلەپ يەرلىككە قويدى. ئاندىن دۇئا-تەكبىر ئوقۇپ نامىزىنى چۈشەردى. بۇ چاغدا ياردەمگە كەلگەن گاڭگۇڭ باقى باشلىق قوزغىلاڭچىلار ئۇلارغا قوشۇلغانىدى. سادىر گاڭگۇڭ باقىنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭغا قەيسەرنىڭ ئۆلۈمى ئېغىر كەلگەنىدى...

ئۇلار گاڭگۇڭ باقىنىڭ يىگىتلىرى ئېلىپ كەلگەن ئوزۇق-تۈلۈكلەر بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، بىرلىكتە ئاتلىنىپ چىلپەگزە قەلئەسى تەرەپكە كېتىشتى.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئوسمانجان ساۋۇت**

## مۇھاكىمە ۋە تەنقىد

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# «مەھمۇت قەشقەرى» رومانى ھەققىدە

ھەرقانداق مىللەت ئۆز تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. خەلقىنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئاشۇنداق مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ، لېكىن تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىش ئوڭاي ئەمەس. ئەينى زامانىنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن تىل ھەم ئېتنوگرافىيىسىنى پىششىق ئىگىلىمەي ۋە يېتەرلىك بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە بولماي تۇرۇپ، زور تارىخىي تېمىلاردا ئېستېتىك تەلىپى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى كىتابخانلارنى رازى قىلغۇدەك يىرىك بەدىئىي ئەسەر يېزىپ چىققىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرگە بېغىشلانغان يىرىك بەدىئىي ئەسەرلەر كەينى-كەينىدىن مەيدانغا كەلدى. لېكىن بۇ تېمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بېرەلىگەن قەلەمكەشلەر ناھايىتى ئاز. يازغۇچى پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇت قەشقەرى» ناملىق رومانىنى زور تارىخىي تېمىغا بېغىشلانغان يىرىك بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ روماندا ئالدى بىلەن دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، تېپىك مۇھىت ماھىرلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. رومانىنى ئوقۇغان كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا قەدىمكى كارۋان يوللىرى قايتىدىن قۇچاق ئېچىپ، ئۇلارنى مەشھۇر خاقانىيە دىيارىغا، مىڭ يىل بۇرۇنقى ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ئالتۇن تۇپراقلىرىغا، ئارسلان خان ۋە بۇغراخانلارنىڭ ئۆز دەۋرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن سەلتەنەتلىك تەختىگە باشلاپ كىرىدۇ. رومانىدىكى ئۆمۈچۈك توردەك ئىرماش-چىرماش تۇتىشىپ كەتكەن كارۋان يوللىرىدا تۆگە، ئات، قېچىر ۋە سايىۋەنلىك ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردىن تەشكىل قىلىنغان كارۋانلارنىڭ قوراللىق چەۋەندازلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا قەشقەر، بالاساغۇن، سەمەرقەند، ئۇدۇن (خوتەن)، كۇچار قاتارلىق گۈللەنگەن شەھەرلەردىن چىقىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە يول ئېلىۋاتقانلىقى؛ دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىنمۇ چوڭ كارۋانلارنىڭ

ئايغى ئۇزۇلمەي كېلىپ-كېتىپ تۇرۇۋاتقانلىقى؛ زەرباب تونلىرى ئۈستىدىن باغلانغان كۈمۈش بېزەكلىك كەمەرلىرىگە زىننەتلىك قىلىچلارنى ئاسقان، سۆسەر تۇماقلىرىنى قىرلاپ كىيگەن سۇرلۇك تارخانلارنىڭ ئات ئوينىتىپ، قوشۇن باشلاپ، چۆللەرنى كېزىپ يۈرگەنلىكى؛ قوي تېرىسىدىن جۇۋا كىيىپ، ئات ۋە تۆگىلەرگە مېنىشكەن كۆچمەنلەرنىڭ يىلقا، قوي،كالا پادىلىرىنى ھەيدىشىپ، توپ-توپى بىلەن تاغ ۋە يايلاقلارنى كېزىۋاتقانلىقى؛ ئۈرۈك، شاپتۇل دەرەخلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى كاۋا، قاپاق باراڭلىرى ئاستىدا يېقىملىق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ يىپ ئېگىرىۋاتقان قىز-چوكانلار، ئۈچىسىغا كىمخاپ تون، بېشىغا مەخمەل بۆك كىيگەن سۆلەتلىك سودىگەرلەرنىڭ قاتار-قاتار رەستىلەردە خېرىدارلارغا ئۇدۇننىڭ شايى-ئەتلەسلىرىنى، قەشقەرنىڭ تاۋار-دۇردۇنلىرىنى، سەمەرقەندنىڭ كىمخاپلىرىنى، بۇخارانىڭ مەشۇت-چىتلىرىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقى؛ چەكمەن چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى پوتىسىغا قىستۇرۇپ، قوزا كۆرپىسىدىن تىكىلگەن قارا قالپىقىنى بىريانغا قىيسايتىپ كىيىۋالغان شاپ بۇرۇت تۆمۈرچىنىڭ غىلاپ ۋە دەستىلىرىگە قىممەت باھالىق تاشلار ئورنىتىلغان زىننەتلىك قىلىچ، خەنجەرلەرنى ماختاۋاتقانلىقى، نەپىس ئىشلەنگەن جانان چىنىلەر، نەقىشلەنگەن كۈمۈش ۋە مىس قاچىلار، ئالتۇن ئۈزۈك ۋە سىرغىلار، ھەرخىل تۇماق ۋە ئۆتۈكلەرنىڭ سودىسى قىزىپ كەتكەن بازارلار؛ خىلمۇ خىل ئېسىل ماللىرىنى گىلەملەرنىڭ ئۈستىگە يېيىپ تۆكمە قىلىپ ئولتۇرۇشقان چىن، ھىندىستان، ئىران ۋە ئەرەب سودىگەرلىرى توغرىسىدىكى گۈزەل ھەم جانلىق تەسۋىرلەر بىزنى قۇدرەتلىك قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ ئوردىسى جايلاشقان مەشھۇر ئاستانە — قەشقەرنىڭ ئەينى زاماندىكى ئاجايىپ قايناق، گۈللەنگەن تۇرمۇش مەنزىرىسى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ

يازغۇچى «تاقىر بېشىغا يۇمشاق مەخمەل دوپپا، ئۈچىسىغا كىمخاپ تون كىيگەن، ساقال-بۇرۇتى خۇددى تەڭرىتاغ چوققىلىرىدىكى قار-مۇزلاردەك ئاقارغان، ئۆتكۈر كۆزلىرى گوياكى زامانلار سىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك چوڭقۇر خىيال بىلەن بەلگىسىز بىر نۇقتىغا تىكىلگەن» دەپ تەسۋىرلىگەن يۈسۈپ قادىرخان ئەينى چاغلاردا خاقانىيە، ئۇدۇن (خوتەن)، كۇچار ۋە ماۋارا-ئۇننەھرنىڭ بۈيۈك خاقانى بولۇپ، ئابباسىيلار خەلىپىسى ئۇنىڭغا «مەلىكۇل مەشرىق ۋە چىن» دېگەن پەخرىي ئىسلام ئۇنۋانىنى تەقدىم قىلغانىدى. ئۇ قەشقەر، ئۇدۇن، كۇچار قاتارلىق جايلاردىن تارتىپ تاكى جەيھۇن (ئامۇ) ۋە سەيھۇن (سىر) دەريا ئارىلىقىغىچە بولغان كەڭ زېمىندىكى يەرلىك ئېلىك خانلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خانلىقنى مىسلىسىز قۇدرەت تاپقۇزغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى يۈسۈپ قادىر ئارسلان بۇغرا قاراخان دەپ ئاتالغانىدى. ئەسەر ۋەقەلىكى ياشلىق دەۋرىنى، پۈتۈن ئۆمرىنى قاراخانىلار ئۈچۈن سەرپ قىلغان مۇشۇ ئاقساقال خاقانىنىڭ جاھان سەھنىسىدە مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۇشبۇ مەزمۇت قورغانىنىڭ، نەچچە ئەۋلاد ئارسلان خان، بۇغراخان، قاراخانىلارنىڭ سەلتەنىتى ئاستىدا گۈللىنىپ، يۈكسىلىپ كېلىۋاتقان مۇشۇ كەڭ زېمىننىڭ

بىرلىكنى قوغداش يولىدا قانلىق، غەلىبىلىك جەڭلەرنى ئېلىپ بارغانلىقى بىلەن باشلىنىدۇ.

يازغۇچى پەرھات جىلان ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەربىيىلىنىش، چېنىقىش، ئىلىم-مەرىپەتكە كۈچلۈك ئىشتىياق باغلاش، تەتقاتقا بېرىلىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش، ئاتا-ئانىسىدىن، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىدىن، سۆيگىنى چولپانئايدىن، خاس مەھرىمى تۇرۇمتايدىن، ئەزىز يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلىش ۋە ئانا يۇرتتىن يىراق جايلاردا ئىلمىي ئەمگەككە ئۆزىنى بېغىشلاشتەك تەسىرلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى قارا خانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى خاقانلارنىڭ تەخت ئالمىشىشلىرى، ئىلىك خانلار بىلەن بۇغراخانلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار، قەبىلىلەر ۋە يۇرتلار ئارىسىدىكى جەڭگى-جېدەللەر، شۇنىڭدەك قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەن سالجۇقلار، ئابباسىيلار، غەزنەۋىلەر سۇلالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر مۇھىتىدا يورۇتۇپ بەرگەچكە، ئەسەر قەھرىمانىنىڭ ھەقىقىي ئالىملارغا خاس خاراكتېرى پەيدىنپەي ئېچىلىپ، كىتابخانلارغا ئۆزگىچە بەدىئىي زوق بەخش ئېتىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ خاس مەھرىمى تۇرۇمتايغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى ۋە ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى؛ خان جەمەتىدىن بولمىغان چولپانئايغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، ئاخىرى ئاتا-ئانىسىنىڭ رازىلىقىنىمۇ قولغا كەلتۈرۈشى؛ دەشتى قىپچاق چۆللىرىدە قولغا چۈشكەن ئىككى قاراقچىنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان دەردلىك نىدانى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىشى؛ بېقىۋالغان پەرزەنتلىرى — ئىلتەمۇر بىلەن گۈلپەرىگە قىلغان مېھرىبانلىقى ۋە ئاتىدارچىلىقى بۇ مەشھۇر ئالىمنىڭ ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر زات ئىكەنلىكىنى روشەن نامايان قىلسا؛ ئۇنىڭ تەخت، ھوقۇق تالىشىش ماجرالىرىدىن، تۈگمەس ئىچكى نىزالاردىن، بۆلگۈنچىلىك، پارچىلىنىش ھەرىكەتلىرىدىن، يۇرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق ئەقىدىلىرىدىن يىرگىنىشى، شۇنىڭدەك كەينى-كەينىدىن كەلگەن ئېغىر جۇدالىق، قايغۇ-ھەسرەت ۋە مۇساپىرچىلىق ئالدىدا چۆكۈپ كەتمەي، ئاجايىپ يۈكسەك جاسارەت بىلەن ئۆزىنى ئۇلۇغ ئىلمىي ئەمگەككە بېغىشلىغانلىقى بۇ مەشھۇر ئالىمنىڭ ئىنتايىن قەيسەر، ئىرادىلىك، يۈكسەك غايىگە، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتكە ئىگە ئالىيجاناپ ئىنسان ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلىدۇ.

روماندا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە يېزىقچىلىق پائالىيىتىگە خېلى كەڭ سەھىپە ئاجرىتىلغان. يازغۇچى ئەسەر قەھرىمانىنىڭ تۈركىي قەبىلىلەر ياشايدىغان كەڭ زېمىننى كۆنچىقىش چېگرىسىدىن تاكى كۈنپېتىش چېگرىسىغىچە ئارىلاپ چىقىپ، تۈرلۈك قەبىلە ۋە ئۇرۇقلارنىڭ تىل، شىۋە ئالاھىدىلىكى، تۇرمۇش ئەھۋالى ھەم جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي، ئىجتىمائىي شارائىتى، تارىخى ھەم مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇپ چىققانلىقىنى؛ ئىلمىي تەكشۈرۈش جەريانىدا گاھىدا تومۇزنىڭ ئۆتتەك ئىسسىقىدا بىر يۇتۇم سۇغا تەشنا بولۇپ، قۇم بارخانلىرىنى كېزىپ

ئۆتكەنلىكىنى، گاھىدا قەھرىتان قىشنىڭ جۇدۇنلىرىدا قار-مۇزلۇق ئۆتكەللەردىن ئۆتكەنلىكىنى؛ قىسقىسى، قەشقەردىن تارتىپ ئىدىقۇت، دەشتى قىپچاق، ئىدىل بويلىرىغىچە سوزۇلغان ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا ئۇنىڭ كۆرمىگەن كۈنى قالمىغانلىقىنى، سەمەرقەند، بۇخارا، نىشاپور، باغداد قاتارلىق شەھەرلەردە باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاخىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىنى ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۆزىنى ئىلىم-پەنگە بېغىشلىغان بىر ئۇلۇغ پىداكار ئالىمنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتقان.

بەدىئىي ئەسەرلەردە، جۈملىدىن رومانلاردا مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ھەرقانداق پېرسوناژ ئەسەر قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش، تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈش، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى بىر روماندا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار كىتابخانلارغا گويا كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەت تەسىراتىنى بېرىدۇ. ئەسەر قەھرىمانى ئاشۇ جەمئىيەتتە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئاشۇ پېرسوناژلار بىلەن ئالاقىلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر پەيدىنپەي نامايان بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارىتى ئارقىلىق جانلاندۇرۇلغان بۇ جەمئىيەتتىكى ھەربىر پېرسوناژ كىتابخانلارنى گۈزەللىككە ئىنتىلىش ۋە خۇنۈكلۈكتىن نەپرەتلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەنگەن بەزى پېرسوناژلار ھەتتا كىتابخانلار قەلبىدە ئەسەر قەھرىمانىدىنمۇ چوڭقۇرراق ئىز قالدۇرالىشى مۇمكىن.

«مەھمۇت قەشقەرى» ناملىق روماندا يارىتىلغان مۇھەممەت بۇغراخان، يۈسۈپ قادىرخان، سۇلايمان ئارسلانخان، بۇبى رابىيە ئالتۇن تارىم، شەيخۇلئىسلام ھىسامىدىن ئىبىن مۇسا، ھۇسەيىن ئىبىن خەلەپ، تۇرۇمتاي، چولپانئاي، ياۋلاق سارىغ، ھەيدەر ئىبىن ياقۇپ، ئازاق بەگ، ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم، ئىبراھىم تېگىن، ئالىپ ئارسلان، سۇلتان مەلىك شاھ، تۈركەن خاتۇن، ئابۇئەلى نىزامىلمۇلۇك تۇسى، گۈلپەرى، ئۇلتەمۇر قاتارلىق پېرسوناژلار كىتابخانلارنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. يازغۇچى روشەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بۇ پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق بىزگە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مۇرەككەپ جەمئىيەت ئەھۋالىنى، ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى بېسىپ ئۆتكەن جاپا-مۇشەققەتلىك سەپەرنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ.

يۈسۈپ قادىرخان ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوردىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە چوڭ تېگىن سۇلايمان ئاتىسىنىڭ ئورنىغا خاقان بولىدۇ. ئىككىنچى تېگىن مۇھەممەت بۇغراخان ئۇنىۋانى بىلەن ئورۇنباسار خان دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. يازغۇچى مۇشۇ ئىناق، قەيسەر قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قانداق بۇزۇلغانلىقىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، كىتابخانلارنى قايىل قىلىدۇ. بۇ ئاكا-ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بەرگەندە، بىز ئۇلارغا نەپرەتلىنىشنىڭ ئورنىغا قاتتىق ئېچىنىمىز. بىزدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ نەپرەت تۇيغۇسىنى بىر-بىرىگە تىغ كۆتۈرۈپ چىققان بۇ قېرىنداشلار ئەمەس، بەلكى چېقىمچى، پۈرسەتپەرەس، قارانىيەت شەيخۇلئىسلام ھېسامىددىن ئىبنى مۇسانىڭ خاقانىيىنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمرانى سۇلايمان ئارسلان قاراخاننى قىلتاققا چۈشۈرۈش يولىدا ئوينىغان رەزىل ئويۇنلىرى قوزغايدۇ. چۈنكى كىتابخانلارغا ئارسلان خان بىلەن بۇغراخان ئوتتۇرىسىدىكى دەسلەپكى ئىختىلاپنىڭ ھىسامىددىن ئىبنى مۇسا ئىسىملىك مۇشۇ شەيخۇلئىسلامنىڭ كاساپىتىدىن تېشىلىپ چىققانلىقى سىر ئەمەس. ھىسامىددىن ئىبنى مۇسا ئىناق ئاكا-ئۇكىلار ئوتتۇرىسىغا نېمىشقا قەستەن ئوت ياقىدۇ؟ چۈنكى بۇغراخان ئاكىسىنىڭ ئۇنىڭغا شەيخۇلئىسلاملىق مەنسىپى بېرىشىگە قوشۇلمىغان. ھەتتا ئاكىسى بىلەن بولغان بىر تالاش-تارتىشتا «ھىسامىددىندەك شەخسىيەتچى ئادەملەر ئوردىغا كىرىپ قالسا، ئىش بۇزۇلىدۇ. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن خۇشامەتچىلىك بىلەن چېقىمچىلىقتىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ» دېگەن. ئايغاقچىلار بۇ گەپلەرنى ھىسامىددىنگە يەتكۈزۈپ قويغان. ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان بۇغراخانغا قاتتىق ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەن. «قەشقەر تەختىگە بۇغراخان چىقىپ قالسا، تۈگەشكىنىم شۇ... شۇڭا ئاكا-ئۇكا خانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارازچىلىقنى ئۇلغايتىپ، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى چېچىش كېرەك. ئەگەر ئىچكى ئۇرۇش بولۇپ قالسا، تېخىمۇ ياخشى. بۇنداق ئۇرۇشتا، ئەلۋەتتە، ئاستانىدىكى چوڭ خاننىڭ يېڭىپ چىقىشى تۇرغان گەپ.» ھىسامىددىن ئىبنى مۇسا ئاشۇنداق نەپسانىيەتچى، ئىچى قوتۇر، كۆڭلى قارا ئادەم بولغاچقا، بۇغراخاننىڭ ئۈستىدىن ھەدەپ پىتنە-پاسات تارقىتىپ، يوق يەردىن تۆھمەت ئۇندۇرۇپ، ھەتتا «قوش قىلىچ بىر قىنغا پاتماس» دەپ ئاشكارا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بارغانسېرى يىرىكلەشتۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا، كىتابخانلارنىڭ بۇ قارانىيەتكە بولغان غەزەپ-نەپرىتى قايناپ تاشىدۇ. بۇ پېرسوناژ يەنە بىر جەھەتتىن ئارسلان خان بىلەن بۇغراخان خاراكتېرىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈش ھەم تولۇقلاش رولىنى ئوينىغان.

ئارسلان خان ھەقىقىي مۇسۇلمان ھۆكۈمدارغا مۇناسىپ ئىش قىلىش ئۈچۈن، تۈرلۈك مۈرەككەپ، چىگىش مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، خانلىقنىڭ ئىچكى-تاشقى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆزى شەيخۇلئىسلاملىق مەنسىپىنى بەرگەن بۇ ئادەم بىلەن پات-پات كۆرۈشۈپ، مەسلىھەتلىشىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چېقىمچىلىقىدىن بارا-بارا بىزار بولۇشقا باشلايدۇ. شەيخۇلئىسلامنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىلا، ئۇنى كۆڭۈلسىز خىياللار ئىلكىگە ئالىدىغان، ھىسامىددىننى كۆرسىلا، ئۇنىڭ چىرايىنى قايغۇ تۇمانلىرى باسىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شەيخۇلئىسلامنىڭ «قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس» دېگەن زەھەرلىك سۆزلىرى ئارسلان خاننىڭ يۈرىكىنى يىلاندەك چاقىدۇ. خان چېقىمچىلىق بىلەن خۇشامەتچىلىكتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بۇ ئادەمنىڭ گەپلىرىگە ئانچە ئىشىنىپمۇ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا بىرقانچە قېتىم قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ ۋە ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا بۇنداق خۇشامەتچى، چېقىمچىلارغا ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي خىزمەت

قىلالايدىغان قابىلىيەتلىك خادىملارغا تايىنىش لازىملىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. ھىسامىددىن بىر قېتىم خانغا مەھمۇت قەشقەرىنىمۇ چاقىدۇ. شۇ چاغدا ئارسلان خان «ئالىملارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئارتۇقچە چات كىرىۋېلىش ياخشى ئەمەس، شەيخۇلئىسلام، ئىلىم ئۆگىنىمەك پەرز ۋە سۈننەتتۇر، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن قاراخانىلارنىڭ بىزدىن ئىلگىرىكى خاقانلىرىمۇ ئىلىم ئەھلىگە كەڭ ئىمتىياز بەرگەن. دېمەك، ئىلىم ئۆگىنىمەك يەنە ۋاجىپتۇر» دەپ، ئۇنىڭ گېپىنى قېقىۋېتىدۇ. خان بىلەن ھىسامىددىن ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل مۇناسىۋەت بىزگە خاقانىيىنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمرانى سۇلايمان ئارسلان قاراخاننىڭ بىرلىكنى، ئىناقلىقنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىغان، ئادالەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، پاك-دىيانەتلىك شاھ ئىكەنلىكىنى روشەن ھېس قىلدۇرىدۇ.

مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ قۇۋلۇق-شۇملۇقتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ھىسامىددىندەك بىر يارامسىز، ئىقتىدارسىز شەخسكە شەيخۇلئىسلاملىق مەنسىپى بېرىشكە قەتئىي قارشى تۇرغانلىقىنىڭ ئۆزىلا بىزگە بۇ مىجەزى چۈس، قاپىقى يامان خاننىڭ ئۆزگە خاس خاراكتېرىدىن ئېنىق ئۇچۇر بېرىدۇ.

يازغۇچى بۇغراخاننى ئىنسان تەبىئىتى نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ئىنچىكە تەسۋىرلىگەچكە، بۇ ئوبراز ناھايىتى تەبىئىي ھەم تەسىرلىك چىققان.

بۇرۇنقى سۈرلۈك، قەيسەر بۇغراخان شاھلىق تەختىگە چىقىپلا، غەمكىن، ياۋاش بوۋايغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ ھەسرەتلىك خىياللارنىڭ ئازابلىق سىقىشلىرىدىن بىر كۈنمۇ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ خۇددى تۈپتىن ئايرىلىپ تېنەپ قالغان قېرى تۆگىلا ئوخشىشىپ قالىدۇ. خان جەمەتىنىڭ كۆپچىلىك ئەزالىرى ئۇنى خان دەپ ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇ ئۆزىگە سىرداش تاپالمايدۇ. ياش ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ يېقىن ئۆتكەن غەمگۇزارى ھۆسەيىن ئىبنى خەلەپمۇ ئۇنىڭغا چىراي ئاچمايدۇ ھەمدە ئۇ تەكلىپ قىلغان شەيخۇلئىسلاملىق مەرتىۋىسىدىن باش تارتىدۇ. بىر نەچچە ئەۋلاد بۈيۈك خاقانلارنىڭ تۇرار جايى بولۇپ كېلىۋاتقان ھەشەمەتلىك سارايمۇ، ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلار ئولتۇرىدىغان ئالتۇن تەختمۇ ئۇنىڭغا شادلىق بېغىشلىيالمايدۇ. ئۇنىڭغا يۈرىكىنى بەجايىكى سانسىز بۇدۇشقاقلارنىڭ تىكەنلىرى تاتىلاۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇ قاتماللىققا پېتىپ قالغان ئوردا ئىشلىرىنى ئوڭشىلۇق بىرتەرەپ قىلالماي، كېچە-كۈندۈز بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ، ئاخىرى چارچايدۇ. شاھلىق تەختىدە پەقەت 15 ئايلا ئولتۇرغان مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ مۇرەككەپ ھەم زىددىيەتلىك روھىي دۇنياسى روماندا ئاشۇنداق جانلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى كىتابخانلار قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرىدۇ.

بۇغراخاننى ئۆز قويندىكى پەرىشتە سۈپەتلىك زەھەرلىك يىلان چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ. روماندا بۇغراخاننىڭ بۇ قىساسكار، زوراۋان خانىشنى سۈرەتلەشكە ئانچە كۆپ سەھىپە ئاجرىتىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خان جەمەتىگە قىلغان ئېغىر زىيانكەشلىكى، يۈرتىۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، مەزھەپچىلىك ئەقىدىلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ،

خەلققە كەلتۈرگەن چىدىغۇسىز بالايى-ئاپەتلىرى «ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم» دەپ ئاتالغان بۇ قانخورلار، تەلۋە خانىشنى ھەققەتەنمۇ ئاز ئۇچرايدىغان سۇيىقەستچىلەر تىپى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى مۇشۇ جاللات تەرىپىدىن ئويۇشتۇرۇلغان قانلىق توپىلاڭ جەريانىدا كۆيۈمچان بوۋىلىرىدىن، قەدىرلىك ئاتا-ئانىسىدىن، ۋاپادار رەپىقىسى چولپانئايدىن، خاس مەھرىمى تۇرۇمتايدىن ئايرىلىدۇ.

روماندا مەھمۇتنىڭ ئانىسى — بۇبى رابىيە ئالتۇن تارىم ئوبرازى ئارقىلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قەيسەرلىكى ھەم ئەقىل-پاراستى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

مەھمۇتنى ئۆز قولىدا ئوقۇتۇپ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك ھۈنەر، ماھارەت ئۆگىتىپ، ئۇپال ۋە قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى ئالىملار ھەم ئالىي زاتلارنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە ياخشى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپ، ئاندىن مەشھۇر ساچىيە مەدرىسىسىگە ئوقۇشقا بەرگەن بۇ ئوقۇمۇشلۇق، پاراسەتلىك خانىش ئوغلىنىڭ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ توي، نىكاھ ئىشلىرىدا يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلىتىنى نامايان قىلىپ، كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى ئىختىيارسىز لەرزىگە سالىدۇ. روماندا بارىبىت ۋە خارىپنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالالايدىغان، ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىل تارىنى تىترەتكۈدەك ناخشا ئېيتالايدىغان، ئۇيغۇر ۋە ئەرەب يېزىقلىرىدىكى كىتابلارنى ئوقۇيالايدىغان ھەمدە ئاشۇ ئىككى خىل يېزىقتا نەزمىمۇ يازىدىغان، ئەبجەد ھېسابىنىڭ يېگىچە بىر خىل ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىپ چىققان، شاھمات ئويناشقا ئۇستا، قىلىچۋازلىق ماھارىتىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن بۇ خانىشنى تەسۋىرلەشكە خېلى كەڭ سەھىپە ئاجرىتىلغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، روماندا يارىتىلغان بۇبى رابىيە ئالتۇن تارىم ئوبرازى ۋە بۇ پېرسوناژنىڭ پائالىيىتىگە بېغىشلانغان سەھىپىلەر ئەسەرگە ئۆزگىچە بەدىئىي پۇراق ئاتا قىلىپ، «مەھمۇت قەشقەرى» ناملىق بۇ رومانىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

خۇشامەتچى، ھەسەتخور، ئىككى يۈزلىمچى، ئەمەلپەرەس ھەيدەر ئىبن ياقۇپ تۈز مىجەز، قەھرىمان سەركەردە ئازاق بەگنى ئۇستىلىق بىلەن قىلتاققا چۈشۈرگەندە، بىزغەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىمىز.

ئەسلىدە قەشقەردىكى بىر باج مەھكىمىسىدە خەتتاتلىق قىلىدىغان ھەيدەر خىيانەتچىلىك، شەھۋەتخورلۇق قىلمىشى بىلەن قوغلاندى بولۇپ، قېقىلىپ-سوقۇلۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى باغداتقا بېرىپ قالىدۇ ۋە شەھەرلىك مەھكىمىدە كاتىپلىق خىزمىتىگە ئورۇنلىشىۋالىدۇ. ئۇنىڭ تاپقان-تەرگىنىنىڭ تولىسى باش كاتىپنىڭ يانچۇقىنى تولدۇرۇش، ھاكىم، بازار، باج، سېلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار ۋە باشقا مەنسەپدارلارغا زىياپەت بېرىش بىلەن تۈگەيدۇ. ئۇ ھەر دائىم قانداق قىلغاندا تېخىمۇ مۇھىمراق ئورۇندا ئىشلەيدىغان بىرەر ھوقۇقدارنى قىلتاققا چۈشۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى، قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشىراق خىزمەت تېپىشنى ۋە قانداق قىلىپ بىرەر مەنسەپكە ئىگە

بولۇشنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىدۇ.

سالجۇقىلار ئەينى يىللاردا باغدادتا يېڭىدىن چوڭ بىر دىۋان تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇ دىۋان پۈتۈن ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ بارلىق مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغانىدى. مۇشۇ دىۋاننىڭ ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان ئازاق بەگ كۆپ جەڭلەرگە قاتناشقان قەيسەر، سەركەردە بولۇپ، ئات مىنىشكە بەكمۇ ئامراق ئىدى. ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ دىۋانبېگىنىڭ مۇشۇ ھەۋەسىدىن ۋە دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئانچە ئىنچىكلەپ ئويلاپ كەتمەيدىغان تۈز، بىغەملىكىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ كېتىدۇ. چەۋەندازلىق ھەۋىسىگە بېرىلىپ كەتكەن تۈز كۆڭۈل دىۋانبېگى بارا-بارا ھەيدەرنىڭ سوۋغىلىرى ئىچىدىكى ھالاللىرى بىلەن ھاراملىرىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرى تۈز كۆڭۈل، ساددا بەگ بىلەن ھىيلىگەر قاقباش تەڭلا موللاق ئاتىدۇ.

ئازاق بەگ جەڭ مەيدانلىرىدا ئات مىنىپ، قىلىچ ئويىنىتىپ، بۈيۈك سالجۇقىلارنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشقان پېشقەدەم جەڭچى، قەھرىمان سەركەردە ئىدى. ئۇ دۈشمەننىڭ ئوق ۋە تىغلىرى ئالدىدا قورقۇپ قالمىغان، ھايات-ماماتلىق سىناقلاردا ۋىجداننى پاك تۇتقانىدى. ئاخىرى بىر تادان تۈلكىنىڭ قۇيرۇق شىپاڭشىتىشىغا تاقابىل تۇرالمىدى. كارغا كەلمەس بىر خۇشامەتچى يارامىلىق بىر ئەزىمەتنى يولدىن چىقاردى.

ھەيدەر ئىبنى ياقۇپنىڭ مەھمۇت قەشقەرىگە قىلغان ھەسەتخورلۇقى، زىيانكەشلىكى ھەمدە باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇكنىڭ ھەيدەر ئېلىپ كەلگەن تەڭگە، تىللا ھەم ھەر خىل جاۋاھىرلار بىلەن تولدۇرۇلغان خالتىنى ۋە چىرايلىق دېدەكنى قوبۇل قىلماي، ئۇنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىشى كىتابخانلارنىڭ ئۇلۇغ ئالىمغا، پاك-دىيانەتلىك ئەمەلدارلارغا بولغان كۆڭۈلۈك ھېسداشلىقىنى، شۇنىڭدەك ئالدامچى، سۇيىقەستچىلەرگە بولغان ھەققانىي غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغايدۇ. دېمەك، يازغۇچى ئۆز رومانىدىكى مۇشۇ بىرقانچە پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى يورۇتۇش ئارقىلىق كۆپ قاتلاملىق ئېستېتىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.

ئالىپ ئارسلان ۋە مەلىك شاھتىن ئىبارەت ئىككى ئەۋلاد سۇلتانلارغا باش ۋەزىر بولۇپ دانىشمەنلىكى بىلەن تونۇلغان، كۆپ قېتىملىق ئالەمشۇمۇل جەڭلەردە ئاجايىپ ئەقىل-پاراسىتىنى نامايان قىلىپ شان-شۆھرەت قازانغان ئابۇ ئەلى نىزامىلمۇلۇك تۇسى تاج ۋە تەخت تالىشىش قۇيۇنىدا ئۆز ئادەملىرىنىڭ قولىدا جان بەرگەندە، سالجۇقىلار سۇلالىسىگە 20 نەچچە يىل ساداقەتمەنلىك بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن بۇ پېشقەدەم باش ۋەزىرنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر بەختسىزلىككە ئىختىيارسىز قاتتىق ئېچىنىمىز.

يازغۇچى پارسلار تائىپىسىدىن چىققان بۇ دانىشمەن باش ۋەزىر بىلەن جەلالىيە تۈركەن خاتۇن خاراكتېرىنى ۋە بۇ پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن توقۇنۇشنى

www.uyghurkitap.com



تەسۋىرلەشتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن دادىل قەلەم تەۋرىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. جەلالىيە تۇركەن خاتۇن خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىك ھەم ئىككى ياقلىمىلىق كىتابخانلارنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە چوڭقۇر قېزىلغان.

سۇلتان مەلىك شاھنىڭ كىچىك خانىشى جەلالىيە تۇركەن خاتۇن قابىلىيەتلىك، تەدبىرلىك، جىگەرلىك، ئىرادىلىك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز سۆزلۈك، قەبىلۋاز، ھوقۇقخۇمار، ھىيلىگەر ھەم ئۆكتەم ئايال بولۇپ، ھوقۇق پەلەمپىيىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى باسقۇچىنى تالىشىش ۋە تارتقۇزۇپ قويماسلىق يولىدا جانپىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇ بۇ كۈرەشتە باش ۋەزىر نىزامىلمۈلۈكنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق رەقىبى ھېسابلايدۇ ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەيدۇ. بۇ ھىيلىگەر خانىش سۇلتانغا ئەركىلەپ ياخشىچاق بولۇۋېلىپ، باشقىلارغا ھەيۋە قىلىپ، سەمەرقەندلىك، قەشقەرلىق قەبىلداشلىرىنى يېنىغا تارتىپ، ئوردىدىكى ھەممە ئىشنى دېگۈدەك قولىغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. ئۇنىڭ يولسىزلىقى پېشقەدەم باش ۋەزىرنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلتاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنلا قانلىق توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. بۇ چاغدا تۇركەن خاتۇن قەھرلىك ۋە قۇدرەتلىك ئايال سەركەردە سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ.

دانىشمەن باش ۋەزىر نىزامىلمۈلۈك بىلەن خانىش تۇركەن خاتۇن ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىشىش كەيپىياتىنىڭ ئۆلگىيىشى بىلەن يۈز بەرگەن پاجىئەلىك ۋەقەلەر — باش ۋەزىر نىزامىلمۈلۈكنىڭ تەخت تالىشىش بورانلىرىدا كۆكرىكىگە نەيزە يەپ ئۆلۈشى، تۇركەن خاتۇن بىلەن ئۇنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى مەھمۇتنىڭمۇ بۇ بەختسىزلىكتىن ئامان قالمىغانلىقى مىللىتىمىز تالاي ئەسىرلەردىن بۇيان تارتىپ كېلىۋاتقان ئىناقسىزلىقنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ئىختىيارسىز ئېسىمىزگە سالىدۇ. دانىشمەن باش ۋەزىرنىڭمۇ، ئەقىللىق خانىشنىڭمۇ، بەش ياشلىق نارەسىدىنىڭمۇ ئاشۇنداق ئىناقسىزلىقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن قۇرلارنى ئوقۇغان كىتابخانلار چوڭقۇر خورسىنماي قالمايدۇ.

روماندىكى تۇرۇمتاي ئوبرازىنى ۋاپادارلىقنىڭ، ساداقەتمەنلىكنىڭ تىپى دېيىشكە بولىدۇ. يازغۇچى بۇ پېرسوناژ بىلەن ئەمەلنى نەپسانىيەتچىلىكنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغان ياۋلاق سارىغ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قول قىز كۈمۈشنى تالىشىش ۋەقەسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق مەھمۇت قەشقەرىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ماھىرلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن.

تۇرۇمتاي دېگەن كىچىككىنە بىر قۇشنىڭ نامى ئىسىم قىلىپ قويۇلغان بۇ تاقىر باش قول يىگىت مەھمۇت قەشقەرىگە باشتىن-ئاخىرى ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ ئۇۋپالنىڭ سىرتىغراق توغرا كېلىدىغان بىركەنتتىكى كۈمۈش ئىسىملىك بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ئەمما كۈمۈشنى تاشبالىقنىڭ شەھۋانى ھەۋەسكە ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كەتكەن زالىم بېگى ياۋلاق سارىغ زېمىندارىدىن سېتىۋېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. تۇرۇمتاي پەقەت شۇ چاغدىلا ئىنسان ئۈچۈن ئەركىنلىكنىڭ نەقەدەر

قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىدا قاتتىق توقۇنۇش، پارتلاش يۈز بېرىدۇ. ئادەتتە مۇلايىم، ئەدەپلىك يۈرىدىغان بۇ قۇل يىگىت بىر كۈنى بۇغداي شارابىنى بولۇشىغا ئىچىپ، ئەسەبىيلىك بىلەن غەلۋە كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭ مەھمۇت قەشقەرىگە كۆمۈش توغرىسىدا ھاجايانلىنىپ سۆزلەپ بەرگەنلىكى ۋە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈز بەرگەن كۈچلۈك داۋالغۇشلار بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا قۇل بىلەن ئالىمنى ھەقىقىي ئىنسان، ھېسسىياتچان ئادەم، جانلىق ئوبراز سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ. تۇرۇمتاي بىلەن كۆمۈشنىڭ چىرايىدا شادلىق كۈلكىسى ئويىنىغانلىقى، تۇرۇمتايىنىڭ قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنىشى قاتارلىق تەپسىلاتلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، بىزنىڭ ئۇلۇغ ئالىمغا بولغان ھۆرمىتىمىز تېخىمۇ ئاشىدۇ. تۇرۇمتايىنىڭ ئاخىرىدا مەھمۇت قەشقەرىنى قوغداش يولىدا بەختكە قارشى قازا تېپىشى بۇ ساداقەتمەن، پىداكار يىگىتنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرىدۇ.

روماندا تەسۋىرلەنگەن ياۋلاق سارىغ ئوبرازىمۇ خېلى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئوبراز بىلەن ھىسامىدىن ئىبنى مۇسا ئوبرازى يىلتىزداش بولۇپ، ئۇلار ئوخشاشلا كىتابخانلارنىڭ رەزىللىككە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى ئۇلغايتىدۇ.

ئەمەلىي دېھقانلارنى بوزەك قىلىش، خورلاش ۋە قاتتى-سوقتى قىلىشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغان ياۋلاق سارىغ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئارىلىششى بىلەن گۈزەل قۇل قىز كۆمۈشتىن ھەم دېھقانلاردىن زورلۇق-زومبۇلۇق بىلەن تارتىۋالغان بىرمۇنچە ئاشلىقتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئالىمغا نىسبەتەن كۆڭلىدە قاتتىق ئۆچمەنلىك ساقلايدۇ. ئارسلان خان بىلەن بۇغراخانلارنىڭ ئارىسى بۇزۇلۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغاندا، بۇ پۇرسەتپەرەس، قارانىيەت بەگ خوجايىنى ھىسامىدىن ئىبنى مۇسانىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئوردىغا كىرىپ، مەھمۇتنى بوۋىسىغا چاقىدۇ ۋە شەيخۇلئىسلامنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مىڭبېشىلىق ھەربىي مەنسەپكە ئېرىشىۋالىدۇ. ئىچى زەھەر بىلەن تولغان بۇ قىساسكار بەگ مەھمۇت قەشقەرىدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ پۇرسىتى ئەمدى كەلدى دەپ قاراپ، ئوپالنى ئىشغال قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆزى تەلەپ قىلىپ ئۈستىگە ئالىدۇ. روماندا ئىنتايىن رەزىل ئويۇنلارنى ئويناپ مەيدانغا چىققان بۇ نەپسانىيەتچى، زالىم بەگمۇ ئاخىرى تارىخنىڭ ھەققانىي جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ۋاپادار ئايالى چولپانئاينىڭ ئۆتكۈر قىلىچى ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ. قىسقىسى، ياۋلاق سارىغنىڭ روماندا سۈرەتلەنگەن يىرگىنچلىك ھايات سەپىرى ۋە ھالاكەتلىك تەقدىرى يازغۇچىنىڭ بۇ پېرسوناژ ئۈستىدىمۇ ماھىرلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، مۇئەييەن ئېستېتىك ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

روماندا خېلى كەڭ سەھىپە ئىگىلەپ تۇرغان چولپانئاي ئوبرازىمۇ بىر قەدەر جانلىق يارىتىلغان بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ ئېسىدىن ئوڭايلىقچە كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. ئالىمنىڭ ئەقىللىق، جەڭگەرلىك، ۋاپادار ئايالى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن چولپانئاي مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلىتىنى، سۇنماس ئىرادىسىنى، پاك روھىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دۇنياسىنى تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىشتە ئالاھىدە رول ئويناپ، بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرىدۇ. شۇڭا، بىز قىيامەتلىك ئېرى ئۈچۈن، مۇھەببىتى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان بۇ ۋاپادار ئايالنىڭ بەدىنىگە تۇيۇقسىز ياۋۇز دۈشمەننىڭ نەيزىسى ئۇرۇلغاندا، خۇددى ئۆزىمىز زەخىملەنگەندەك قاتتىق ئازابلىنىمىز.

يازغۇچى پەرھات جىلان روماندا يەنە ئىلتەمۇر، گۈلپەرى ئوبرازلىرى ئارقىلىق مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر زات ئىكەنلىكىنى كىتابخانلارنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىدۇ. يازغۇچى گۈلپەرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە باغلاپ، سوغدىلارنىڭ گۈزەل رىۋايەتكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان تارىخىنى ئۇستىلىق بىلەن سۈرەتلەپ بەرسە، ئىلتەمۇرنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرى ئارقىلىق ئەينى زامانىدىكى بەزى ئەھمىيەتلىك تارىخىي ۋەقەلەرنى رومانغا ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرۈۋېتىدۇ.

بۇ روماننىڭ يەنە بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، يازغۇچى ئەسەر قەھرىمانىنى سەپەرگە ئاتلاندۇرۇش ئارقىلىق كىتابخانلارنى ئەينى زامانىدىكى شەھەرلەر، جۇملىدىن ئىدىقۇت زېمىنى ھەم تۈركىي قەبىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ، شۇنىڭدەك ئالىمنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق ئىككى خەنزۇ سودىگەر بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتىنىمۇ ئوبرازلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ.

روماندىكى كىيىم-كېچەك، توي مۇراسىملىرى، دىنىي مۇراسىملار، ئوردا بەزمىسى، نورۇز سەيلىسى، چەۋگەن توپ تەسۋىرلىرى، قوشاق-بېيىتلار، ئەپسانە، رىۋايەتلەر كىتابخانلارغا يازغۇچىنىڭ بۇ ھەقتە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ نەقەدەر ئېسىللىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۈيۈك نامى، تەڭداشسىز شان-شۆھرىتى ئۇنىڭ ئالەمگە مەشھۇر ئەسىرى — «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن زىچ باغلانغان. مەھمۇت قەشقەرى ئاساسەن مۇشۇ بۈيۈك قامۇسى ئارقىلىق دۇنياغا تونۇلغان. مۇشۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئالىمنىڭ ئۇلۇغ نامىنى بىزگىچە يەتكۈزگەن. مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئۆلمەس ئەسىرى ئارقىلىق تۈركىي تىللار تەتقىقاتى تارىخىدا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئۇسۇلىنى تۇنجى بولۇپ قوللىنىپ، تۈركىي تىللارنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا پۇختا ئاساس سالغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» سېلىشتۇرما لۇغەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، جۇغراپىيە، تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، ئۆرپ-ئادەت، ھەربىي ئىشلار ساھەلىرىدىكى كەڭ دائىرىلىك بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور ھەجىملىك ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتتۇر. شۇڭا كېيىنكى زامانلاردا گېرمانىيە، ۋېنگرىيە، رۇسىيە، ئەنگلىيە، تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردە بۇ بۈيۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقى توغرىسىدا مەخسۇس كىتابلار ۋە يىرىك ئىلمىي ماقالىلەر يېزىلدى، بۇ كاتتا ئىلمىي ئەسەر ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنى تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىيالى بىلەن

تەمىنلىدى. ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۈيۈك نامى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئارقىلىق دۇنياغا كەڭ تارقىلىپ، ھەرقايسى ئەل خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. شۇڭلاشقا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەمگەك بىلەن ئۆتكەن ھاياتىغا بېغىشلانغان يىرىك بەدىئىي ئەسەردە ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق بۈيۈك قامۇسى توغرىسىدا نۇقتىلىق قەلەم تەۋرىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئالىمنىڭ دۇنيا ئىلىم-پەن ساھەسىگە قوشقان تەڭداشسىز ئۇلۇغ تۆھپىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك يورۇتۇپ بەرگىلى بولماي قالىدۇ. يازغۇچى پەرھات جىلان بۇ نۇقتىنى ئەستىن چىقارمىغان. شۇڭا، ئۇ «مەھمۇت قەشقەر» ناملىق روماندا ئالىمنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەمگىكى توغرىسىدا خېلى جىق قەلەم تەۋرەتكەن. كىتابخانلار يازغۇچىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئوبرازلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئەمما روماندا بۇ جەھەتتە يەنىلا مەلۇم بوشلۇق ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ سۈپىتىنى زادى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ئۈستۈرگىلى بولىدۇ؟ مېنىڭچە، نۆۋەتتە بۇ مەسىلىنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رومان ژانىرى بىر قەدەر جانلىنىپ، يازغۇچىلىرىمىز تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان رومانلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپىيىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر دۆلىتىمىزدە رومان ئىجادىيىتى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئۈچ چوڭ ئىشنىڭ بىرى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇلۇشقا باشلىدى. شۇڭا بىزنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتىمىز، ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىز نۆۋەتتە رومان ئىجادىيىتىدە بايقالغان، ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كونكرېت مۇھاكىمە قىلىپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، رومانچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇشى لازىم.

مېنىڭچە، نۆۋەتتە ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا مۇھاكىمە قىلىشقا، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەلىي، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر بىر قەدەر كۆپ. ئالايلۇق، بەزى ئاپتورلار رومانىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى ئۇنىڭ تېمىسىغا باغلىق دەپ قارىسا، بەزى ئاپتورلار يېتەرلىك خام ماتېرىيال ياكى قىزىقارلىق ۋەقەلىك بولسىلا، كىتابخانلارنى جەلپ قىلغۇدەك رومان يازغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، تېما نادىر ئەسەر ئىجاد قىلىشنىڭ كاپالىتى ئەمەس. ئۆلمەس ئەسەرنى ھەرقانداق تېمىدا يېزىش مۇمكىن. يېتەرلىك بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە بولمىغان ئاپتور ئەڭ ئەھمىيەتلىك دەپ قارالغان تېمىدىمۇ ئېسىل ئەسەر يارىتالمايدۇ. تالانتلىق يازغۇچىلار كىشىلەر كۆزىگە ئىلمايدىغان ياكى باشقىلار تەرىپىدىن تولا چاينالغان تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلىپمۇ قالتىس ئېسىل ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيدۇ. قىسقىسى، گەپ تېمىدا ئەمەس، بەلكى تاللىۋالغان تېمىنى قانداق يورۇتۇپ بېرىشتە، ئاشۇ تېما ئارقىلىق كىتابخانلارغا كۈچلۈك ئېستېتىك زوق تەقدىم قىلىش-قىلالماسلىقتا. شۇڭا رومان ئىجادىيىتىدە بەزى تېمىلارنى ئۇچۇرۇپ، بەزى تېمىلارنى چۆكۈرۈشتىن ساقلىنىپ، تېمىنىڭ كەڭ، رەڭدار بولۇشىغىمۇ، تېمىنىڭ

www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر قېزىلىشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ئۆز ئەسىرىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنى قانداق سۈرەتلىگەنلىكىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. پېرسوناژلار ئوبرازى كۆڭۈلدىكىدەك يارىتىلمىسا، يازغۇچىنىڭ ئىگىلىگەن خام ماتېرىياللىرىنىڭ ھەرقانچە مول، تاللىغان تېمىسىنىڭ ھەرقانچە ئەھمىيەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بەدىئىي غايىسىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ بەدىئىي غايىسى، ئاساسەن، ئۆز ئەسىرىدىكى كونكرېت، جانلىق، تەسىرلىك، ھېسسىي ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق رومانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى، ئاساسلىقى، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار ئوبرازى بەلگىلەيدۇ.

يازغۇچى پەرھات جىلانىنىڭ «مەھمۇت قەشقەرى» ناملىق رومانىدا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار كىتابخانلارغا كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بېغىشلىيالمىغان بولسا، ئۇ تاللىغان ئەھمىيەتلىك تارىخىي تېمىمۇ يازغۇچىنى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرەلمىگەن بولاتتى. يازغۇچى ئۆزى يورۇتۇپ بەرمەكچى بولغان زامان ۋە تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتلىرىنى ھازىرلىغان. بولۇپمۇ تىل ئىشلىتىش، بەدىئىي توقۇلما قىلىش ۋە ئىنسانىنىڭ روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېتەرلىك بەدىئىي ماھارەت يېتىلدۇرگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ئاددىيلىقتىن، جانسىزلىقتىن، سۇنئىيلىكتىن، ئۇقۇملاشتۇرۇشتىن خالىي. بۇ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىكى خاسلىق، مۇرەككەپلىك ۋە كۆپ قاتلاملىق خۇسۇسىيەت ئۇلارنى تىرىك ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ، كىتابخانلار بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ بەدىئىي ئوبرازلار كىشلەرنىڭ گۈزەللىكتىن زوقلىنىش، رەزىللىكتىن نەپرەتلىنىش ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنى چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە ئىگە قىلىدۇ.

بۇرۇن تالانتلىق يازغۇچىمىز پەرھات جىلانىنىڭ «پۇل»، «ئالتۇنقاندىكى توي» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىزگە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي دىتىنى روشەن ھېس قىلدۇرغانىدى. «مەھمۇت قەشقەرى» ناملىق رومان ئۇنىڭ زور، مۇرەككەپ تارىخىي تېمىلاردا كىتابخانلار زوقلانغۇدەك يىرىك بەدىئىي ئەسەرلەرنى يازالايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بىز بۇ تىرىشچان يازغۇچىمىزنىڭ ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور ئۈتۈق تىلەيمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر ساۋەم ئىبراھىم

ئاۋگۇستو مونتوروس (گىۋاتىمالا)

# تايلېر ئەپەندى

(ھېكايە)

پوس تايلېر ئەپەندىنىڭ ئامازون يايلىقىدا ئادەم بېشى ساتقانلىقى توغرىسىدىكى پاراڭ ئاڭلىماققا غەلىتە، ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى يۈزدە-يۈز راست ئىدى.

تايلېر ئەپەندى ئەسلىدە ئامېرىكىنىڭ بوستون شەھىرىدىن ئىدى، ئۇ دەسلەپتە كۈتۈپخانىدا كۈن بويى باش كۆتۈرمەستىن تىرىشىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاقىۋەتتە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1937-يىلى باشقىچە تىرىكچىلىك يولى ئىزدەپ ئانا يۇرتىدىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدى. 1944-يىلى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئامازون رايونىغا كېلىپ، شۇ يەردىكى بىر ئىندىئان قەبىلىسىگە سىڭىپ كەتتى.

ئۇ ئادەتتە قاپاقلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئاچ-زېرىن يۈردى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي قەبىلىدىكىلەر ئۇنى «ياقا يۇرتلۇق گاداي» دەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇششاق باللار ئۇنىڭ ساپسېرىق ساقال-بۇرۇتىنى قويۇپ بېرىپ، تىكەندەك يالغۇز يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، قوللىرىنى شىلتىپ مازاق قىلىشاتتى. ئۇنىڭغا تاشمۇ ئېتىشاتتى. ئەمما تايلېر ئەپەندى ئۆز ئورنىنىڭ مۇشۇنداق تۆۋەن بولۇپ قالغانلىقىدىن زارلانمايتتى. چۈنكى ئۇ «ۋىلىيام نائىت ئەسەرلىرى توپلىمى» نىڭ بىرىنچى تومىنى ئوقۇپ مۇنداق بىر ھەقىقەتنى يەنى بايلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىچ تارلىق قىلىپ كۆز قىزارتمىسىلا، گاداي بولۇپ قېلىشنىڭ خىجىل بولىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەنىدى.

بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن ئىندىئانلار تايلېر ئەپەندىنىڭ غەيرىي تەقى-تۇرقى ۋە كىيىم-كېچەكلىرىگە كۆنۈپمۇ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرى، ئۆزگىچە تەلەپپۇزلۇق گەپلىرى، ھەتتا بۇ دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ بەكلا ھۆرمىتىنى قوزغاپ، دىپلوماتىيىگە دائىر بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تۈرتكە بولغانىدى.

تايلېر ئەپەندىنىڭ كۆڭلى غۇربەتچىلىكتە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ بىر كۈنى زادىلا

بولالماي، ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا كىرىپ ياۋا مېۋە تېپىپ يەپ، قورسىقىنى ئەستەرلمەكچى بولدى. ئۇ ئورمانلىقتا ئۇيان-بۇيان قاراشقا پېتىنالماي ئالدىغا قاراپ ئۇدۇل مېڭىۋەردى. ئالاھەزەل بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈشىگىلا ئۇنىڭغا ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر ئىندىئاننىڭ ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ قاراپ تۇرغانلىقى كۆرۈندى. ئۇ ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. نېملا دېگەنبىلەن تايلېر ئەپەندى ئۇنچىۋالا قورقۇنچاق ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ قورقماستىن ئىسقىرتقىنىچە ھېچنېمە كۆرمىگەندەك يولىغا مېڭىۋەردى.

ھېلىقى ئىندىئان ماراپ تۇرغان يېرىدىن خۇددى مۈشۈكتەك سەكرەپ چىقتى--دە، تايلېر ئەپەندىنىڭ ئارقىسىدىن «ئادەم بېشى ئالامسىز؟ نەق پۇلغا ساتىمەن، نەق پۇلغا ساتىمەن!» دەپ ۋارقىرىغان پېتى ئەگەشتى.

ئىندىئان سۆزلەۋاتقان ئىنگلىز تىلى ئىنگلىز تىلىغىمۇ ئوخشىمايتتى. شۇنداقتىمۇ تايلېر ئەپەندى ئىندىئاننىڭ قولىدىكى قۇرۇپ كەتكەن ئادەم بېشىنى ئۆزىگە ساتماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى. بۇ يەردە ئۆلگۈچىنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ تاۋار ئورنىدا ساتىدىغان ئادەت ئەزەلدىن بار ئىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، تايلېر ئەپەندى ئادەم بېشىنى ئالالمايتتى. ئەمما ھېلىقى ئىندىئان تايلېر ئەپەندى مېنىڭ باياmقى چالا-پۇچۇق ئىنگلىزچە سۆزۈمنى زادى چۈشىنەلمىدى دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ئىنگلىزچىنى تۈزۈكرەك سۆزلىيەلمىگىنىگە خىجىل بولدى. شۇڭا ئۇ ئادەم بېشىنى سوۋغات ئورنىدا تايلېر ئەپەندىگە ھەدىيە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە بايام ئۆزىنىڭ ئىنگلىزچىنى بۇزۇپ سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى.

تايلېر ئەپەندى ئۆزىنىڭ كەيپىگە خۇشال-خۇرام يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى كېچىسى ئۇ پالما پاخىلىدىن ياسالغان ئەسكى تۆشەكتە يېتىپ، بۇ غەلىتە سوۋغاتقا ئۇزۇنغىچە سەپسالدى ۋە تولىمۇ خۇشال بولدى. كەپە جىمجىت ئىدى. پەقەت داپشاقلىق بىلەن جۈپلىشىش كويىغا چۈشكەن شەھۋەتخور چىۋىنلارنىڭ گىژىلدىغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. تايلېر ئەپەندى باشنىڭ چېچى بىلەن ساقال-بۇرۇتىنى بىر-بىرلەپ ساناپ چىقتى، ئۇ خۇددى ئۆزىگە قاراپ تەبەسسۇم قىلىپ، ئۆزىنى شۇنچىلىك قەدىرلىگەنلىكىگە مىننەتدار بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنگەن كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. ئۇ باشنى مۇشۇنداق ئىخلاس بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق گويا ئۇنىڭدىن غايەت زور ئېستېتىك لەززەت ئالماقچى ئىدى.

تايلېر ئەپەندىنىڭ بىلىمى تولىمۇ چوڭقۇر ئىدى. ھەمىشە چوڭقۇر خىيال سۈرەتتى، دۇنيادىكى تۈرلۈك شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە جاۋاب ئىزدەيتتى. ئەمما بۇ قېتىم ئادەم بېشىغا نىسبەتەن ئىلگىرىكىدەك پەلسەپىۋى پىكىر يۈرگۈزۈشتىن زېرىكتى. ئۇ بۇ باشنى يىراقتىكى — نيۇ-يوركتىكى تاغىسى لارستۇنغا ئەۋەتىپ بېرىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى لارستون بۇرۇندىنلا لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ مەدە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىيەت-سەنئىتىگە بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتى.
بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تايلېر
ئەپەندى لارستوننىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى.
ئۇ خېتىدە ئادەتلەنگەن گەپلەر بىلەن
ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن، ئادەم بېشىدىن
يەنە بەشنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ
قىلغانىدى. تايلېر ئەپەندى تاغىسىنىڭ
تەلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.
ئۇنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق ئاسانلا ماقۇل
بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ جاۋاب
خېتىدە: «تەلىپىڭىزنى قاندۇرىمەن،
ئامىتىڭىز تەگداشسىز بولغاي» دەپ
يازدى. لارستون جاۋاب خەت يېزىپ،
تايلېرغا قاتتىق مىننەتدارلىق بىلدۈردى
ۋە خېتىنىڭ ئاخىرىدا ئادەم بېشىدىن يەنە
ئوننى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.
تايلېر ئەپەندى يەنە خەت يېزىپ
«خىزمىتىڭىزدە بولۇش مەن ئۈچۈن تولىمۇ
شەرەپ» دېدى. ئەمما بىر ئايدىن
كېيىن لارستون باشتىن يەنە يىگىرمىنى
ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ
چاغدا كالتە پەم، يۈز-كۆزىنى ساقال-بۇ-
رۇت باسقان تايلېر ئەپەندىدە ئىختىيارسىز
تاغام ئادەم بېشى سودىسى قىلىۋاتقان
ئوخشايدۇ، دېگەن گۇمان پەيدا بولدى.
لېكىن ئۇ دەسلەپتە ئادەم بېشىنى تاغىسىغا
قىممەتلىك مەدەنىيەت-سەنئەت بويۇمى
ئورنىدا ئەۋەتىپ بەرگەنىدى.

تايلېر ئەپەندىنىڭ گۇمانى پۈتۈنلەي
توغرا چىقتى، تاغىسى راستىنلا ئادەم بېشى
سودىسى قىلىۋاتاتتى. ئۇ بىر خېتىدە
ئەھۋالنى جىيەنى تايلېرغا يوشۇرماستىن
ئېنىق ئېيتتى. ئۇ خېتىدە بۇ غايەت زور
پايدا كەلتۈرىدىغان چوڭ سودا، دېگەنە-
دى. بۇ خەۋەر تايلېر ئەپەندىنىڭ
يۈرىكىنى ئىختىيارسىز ئويناتتى، ئۇنىڭ باي
بولۇش خىيالىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي تايلېر تاغىسى
بىلەن بىرلىشىپ بىر شىركەت قۇردى.
تايلېر قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان ئادەم
باشلىرىنى يىغىش ۋە پوچتا ئارقىلىق
ئەۋەتىپ بېرىشكە مەسئۇل بولدى، لارستون -
ئەپەندى ئۇلارنى ئامېرىكا بازارلىرىدا
ئەڭ يۇقىرى باھادا ساتىدىغان بولدى.

ئەمدىلا ئىش باشلىنىپ تۇرۇشىغا
تايلېر يەرلىكلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتا
بەزىبىر ئاۋارىچىلىكلەرگە يولۇقتى. ئەمما
يۆسىپ ھىنرى شىرىمان توغرىسىدا ئىلمىي
ماقالە يېزىپ شۆھرەت قازانغان بوستونلۇق
بۇ قىرائەتخان شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ سىيا-
سىئونلارغا خاس ئىستىبداتىنى نامايان
قىلغانىدى. ئۇ بۇ دۆلەت دائىرىلىرىدىن
ئىمپورت كېنىشكىسىغا ئېرىشىپلا قالماستىن،
بەلكى يەنە مۇددىتى توقسان توققۇز
يىللىق مەخسۇس ئېلىش-سېتىش سودا
ئىمتىيازىغىمۇ ئىگە بولغانىدى. ئۇ ھېچقانچە
كۈچىمەيلا يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار
ۋە داخانلاردىن تەركىب تاپقان قانۇن
چىقىرىش ئورگانلىرىنى قايىل قىلدى،
ئۇلارنى دۆلەتكىمۇ، خەلققىمۇ پايدىلىق
بۇ سودىنىڭ بۇ رايوننى تېزلا تەرەققىي
قىلدۇرىدىغانلىقىغا ئىشەندۈردى. باش يىغىش
ئىشى ھەر قېتىم يېرىم يولدا ئاقساپ
قالغاندا، تايلېر ئەپەندى ھەممىلا يەردە
كىشىلەرگە ئىش پۈتكەندىن كېيىن مۇشۇ
رايوندىكى سۇيى كەم ئاھالىلەرگە

www.uyghurkitap.com



ناھايىتى پاكىز ۋە تەملىك بىر خىل ئىچىملىك يەتكۈزۈپ بېرىمىز، دەپ كاپالەت بەردى. بۇ تايلېر ئەپەندى تەتقىق قىلىپ مەخپىي رېتسېپ ئارقىلىق ياساپ چىققان ئىچىملىك ئىدى.

قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ ئەزالىرى خېلى ئۇزۇن باش قاتۇرۇپ، بۇ سودىنىڭ پايدا-زىيىنىنى دەڭسەپ كۆردى. بۇ سودىنىڭ زور پايدا بېرىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى گويا قازاندا ۋاراقلاپ قايناۋاتقان سۇدەك مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە قايناپ تاشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۈچ كۈندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئادەم بېشى ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن تايلېر ئەپەندىنىڭ ۋەتىنىدە ئادەم بېشى سودىسى بىر مەھەل دەۋر سۈردى. دەسلەپتە ئادەم بېشى پەقەت يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگىلا خاس ئېسىل بۇيۇم بولدى. ئەمما دېموكراتىيە دولقۇنىنى ھېچكىممۇ توسىيالمايدىغان ئامېرىكىدا ئادەم بېشى سودىسىنىڭ ھېچقانداق چەكلىمىسى بولمىغاچقا، پەقەت پۇللا بولسا ھەممە ئادەم ئۇنى ئالالايتتى. شۇڭا، بىرنەچچە ھەپتە ئۆتمەيلا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بەس-بەستە باش سېتىۋېلىشتى.

قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان ئادەم بېشىنى تىزىپ قويمىغان ئائىلىلەر ھاللىق ئائىلە ھېسابلانمايدىغان بولدى. جەمئىيەتتە ئادەم بېشى يىغىدىغان بىر توپ كىشىلەر تېزلا بارلىققا كەلدى. ئارقىدىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە ئون يەتتە باش يىغىسا خەيرلىك بولماسمىش، ئاقىل كىشىلەر پەقەت ئون بىر باش يىغىمىش دېگەندەك غەلىتە گەپ-سۆزلەرمۇ تارقىلىپ، بۇ ئىش تولىمۇ چاكىنىلىشىپ كەتتى. ئەمما ھەقىقىي سەنئەت بۇيۇمى ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئادەم بېشىدىن رايى قايتقانىدى، ئۇلار ئالاھىدە باشلاردىن باشقىلىرىنى ئاسانلىقچە سېتىۋالمايدىغان بولۇشقانىدى. ئارىدا پرۇسسىيىلىكلەردەك ساقال قويۇۋالغان، گېنېراللاردەك سۈرلۈك، تولىمۇ غەلىتە بىر باش بار ئىدى. كىشىلەر ئۇنى دانېيىل ئىنستىتۇتىغا ئاپىرىپ بەردى. ئىنستىتۇت كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان، لاتىن ئامېرىكىسى خەلقلىرىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى نامايان قىلىدىغان بۇ باشقا سېتىۋېلىق بىلەن دەررۇ ئۈچ مىليون ئەللىك مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بەردى.

شۇنىڭ بىلەن ئىندىئانلار قەبىلىلىرىدە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش بولدى. ھازىر ئۇلارنىڭ قانۇن چىقىرىش مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدا يالىڭاياغ ماڭىدىغانلار قالمىدى. ھەر شەنبە ياكى دۆلەت بايراملىرىدا بۇ تار كوچىلار قىزىپ كېتەتتى. پارلامېنت ئەزالىرى تايلېر شىركىتى سوۋغا قىلغان ۋېلىسىپىتلىرىنى مىنىشىۋېلىپ، قوپال-بوم ئاۋازلىرى بىلەن كۈلۈشۈپ پاراڭ قىلىشقاچ كىيىملىرىگە تۇتۇلغان رەڭمۇ رەڭ قۇش پەيلىرىنى سىلىكىشەتتى.

ۋەھالەنكى، دۇنيادىكى ياخشى ئىشلارنىڭ ھامان چېكى بولىدۇ. سىز كىشىلەر تازا تەييارلىقسىز تۇرغاندا ئادەم بېشى ئۈكسۈپ قالىدىغان ئەھۋال كېلىپ

چىققانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگۈچىلەرنىڭ بېشى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانىدى. بۇ ھال خەلق سالامەتلىكى مىنىستىرىنىڭ بېشىنى بەكمۇ قاتۇردى. تۇمانلىق بىر كېچىدە، مىنىستىر قاپقاراڭغۇ ئۆيدە ئايالىنىڭ يۇمشاق-گۈزەل بەدىنىنى سىلىغاچ ئۆزىنىڭ باش قېتىنچىلىقىنى يەنى كىشىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ، تايلېر شىركىتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئوخشاش سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتە ئۆزىنىڭ ئىلاجسىز قېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئايالى بۇلارنى ئاڭلاپ، ئېرىگە بەك تىنت-تىنت بولماسلىقىنى، ئۆزىنىڭ بىر ئەپچىل پىلانى بارلىقىنى، ھەرقانداق قىيىن مەسىلىنىمۇ گەپ يوق ھەل قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى بالدۇرراق ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلدى.

ئادەم بېشى يېتىشمەسلىكنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كەسكىن تەدبىر قوللىنىلمىسا بولمايدىغاندەك قىلاتتى. يەنە قاتتىق قوللۇقلۇق بىلەن ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى يولغا قويۇشقا توغرا كېلىۋاتاتتى. قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق يېنىك جىنايى قىلمىشلار بولسىمۇ ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىغا ئاساسەن ئۇلارنى دارغا ئېسىش، ئېتىش چارىلىرى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى قارار قىلىشتى.

ئادەتتىكى كىچىككىنە بىرەر سەۋەنلىكمۇ كەچۈرگۈسىز جىنايەت سانالدى. ئالايلۇق، بىرەرى پاراڭ ئارىلىقىدا غەرەزسىز ھالدا «بۈگۈن ھاۋا نېمدېگەن ئىسسىق» دەپ سالسا، بىرەرى تېرمومېتر بىلەن تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەپ بېقىپ، ھاۋانىڭ ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇنچە ئىسسىق ئەمەسلىكى بايقالسا، ئۇ كىشى ئىنتايىن ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن ھېسابلىنىپ، ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغان ئەترەتكە ئېلىپ بېرىلىپ بىر پاي ئوق بىلەن جېنىدىن جۇدا قىلىنىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن تايلېر شىركىتى بىر باشقا ئېرىشەتتى. ئەمما مېيىت ئۇزاتقۇچىلارغا بېشى يوق جەسەتلا قالاتتى.

بىمارلار توغرىسىدىكى قانۇن لايىھىسى ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا ناھايىتى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغالدى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىك ئەلچىلەر ئۆمەكلىرى ۋە دوست ئەللەرنىڭ ۋەزىر-مىنىستىرلىرىمۇ بۇ لايىھىگە بولغان قاراشلىرىنى ئىپادىلەشتى.

كىشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان بۇ قانۇن ماددىلىرىغا ئاساسەن، بارلىق بىمارلار يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە ۋەسىيەتنامە يېزىپ، بىر تەرەپ قىلىنىشنى كۈتۈشى كېرەك ئىدى. كىمكى مۇشۇ مۆھلەت ئىچىدە كېسىلىنى باشقىلارغا يۇقتۇرالسا، شۇ كىشى غايەت زور تۆھپىكار ھېسابلىناتتى، ناۋادا ئۇ كىشى كېسىلىنى بىر نەچچە ئائىلە ئەزالىرىغا يۇقتۇرالسا، مېھىر-شەپقەتكە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ بىرنەچچە ئاي ياشىشىغا ئىجازەت بېرىلەتتى. ئۇششاق-چۈششەك كېسەللەر ياكى بېشى ئاغرىغان، قىزىتمىسى ئېشىپ كەتكەنلەر پۈتۈن گراژدانلارنىڭ كەمسىتىشىگە ۋە ئالىيىپ قاراشلىرىغا ئۇچرايتتى. ئۇلار كوچا-كويلاردا كېتىۋاتقاندا، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ يۈزىگە تەپتارتماستىن تۈكۈرسە بولىۋېرەتتى. بۇ قانۇن بۇ دۆلەتنىڭ

تارىخىدا تۇنجى قېتىم كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى (بېلىش كېرەككى، بۇ دۇنيادا نوبېل مۇكاپاتىنىڭ تۆرلۈك نامزاتلىرى چىقىپ تۇرىدۇ). نۇرغۇن كىشى ۋاقىتسىز ئۇ ئالەمگە كېتىپ، ئەڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى نامايان قىلدى. بۇ ھەرىكەت بۇ دۆلەتتىكى بىر ئوچۇملارنىڭ ئىپتىخارى، پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ شەرىپى ھېسابلاندى.

ئادەم بېشى سانائىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلىشى باشقا سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. (ئالدى بىلەن ئادەم بېشى قاچىلايدىغان نەپىس ساندۇقچە ياساش بارلىققا كەلدى، بۇ ئىش تايلېر شىركىتىنىڭ تېخنىكىلىق يېتەكچىلىكىدە قالتىس روناق تاپتى). بۇ دۆلەت شۇنىڭدىن باشلاپ «ئىقتىساد زور دەرىجىدە ئاشىدىغان» يېڭى دەۋرگە كىردى. ئادەم بېشى سانائىتىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغانلىقىنى يېڭىدىن قۇرۇلغان، تولۇق نەقىشلەنگەن ئۇزۇن كارىدورلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ خانىملىرى كەچقۇرۇن بۇ ئېسىل كارىدورلاردا سەيلە قىلاتتى. بىر مۇخبىر چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، بۇ خانىملارغا قاراپ شىلەپىسىنى پۇلاڭلاتتى ۋە كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇلاردىن ئېھتىرام بىلەن تىنچلىق-ئامانلىق سورىدى، بۇ خانىملار كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلاتتى. ئۇلار مۇخبىرغا ئارقا-ئارقىدىن: «ياخشى! ياخشى! ناھايىتى ياخشى!» دېيىشتى.

شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ جەزمەن ئېسىڭىزدىن چىقمايدۇ، بىر مۇخبىر مەلۇم بىر سورۇندا چۈشكۈرۈپ، شالىلىرى ئەتراپقا چاچراپ كەتكەن. ئەمما، ئۇ شۇ ھامان بۇ جىنايەتتىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرىدىغان سەۋەب تېپىپ چىقالمىغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۇچىغا چىققان ئۇنسۇر دەپ ئەيىبلىنىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان. بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ دۆلەتنىڭ تىل-ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدىكىلەر نەس باسقان بۇ مۇخبىرنىڭ مەملىكەت بويىچە ئەڭ قابىلىيەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئەمما، بۇ چاغدا ئۇنىڭ بېشى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ، باشقا بەختسىزلەرنىڭ بېشى بىلەن ئوپئوخشاش بولۇپ قالغان.

شۇ كۈنلەردە تايلېر ئەپەندى نېمە ئىشلار بىلەن بەنت بولۇپ يۈرىدىغاندۇ؟ شۇ تاپتا ئۇ زۇكتۇكنىڭ خاس مەسلىھەتچىسى. ناۋادا شەخسىي تىرىشچانلىق بىلەن ئامىتى كېلىپ مەنسەپ-ئابرويى تېز ئۆستى دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ جەھەتتە تايلېر ئەپەندىگە دۇنيادا ھېچكىم يېتەلمەيتتى. ئۇ ھازىر بېيىدى، كۆڭلىمۇ ئەمىن تاپتى، ئاخشاملىرى خىرامان ئۇخلايدىغان بولدى. چۈنكى، ئۇ «ۋىلىيام نائىت ئەسەرلىرى توپلىمى» نىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تومىدىن «پەقەت كەمبەغەللىكى كەمسىتىپ ئانى تاپمىساڭلا مىليونېر بولۇش شەرەپلىك ئىش» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى ئوقۇغانىدى.

ئادەم بېشى سودىسى كۈنسېرى گۈللىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئاخىرى بۇ دۆلەتتە ھايات قالغانلارنىڭ پەقەتلا چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلار، مۇخبىرلار ۋە ئۇلارنىڭ خانىملىرىلا ئىكەنلىكى كىشىلەرگە مەلۇم

بولدى. تايلېر ئەپەندى بىر ئەقىل ئىشلىتىۋىدى، خىيالىغا قالتىس پىلان كەلدى، ئۇنىڭچە ئەمدى باشقا قەبىلىلەرگە تېگىش قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئىدى. بېيىيدىغان، گۈللىنىپ روناق تاپىدىغانلا ئىش بولسا، تېگىش قىلىشنىڭ يامىنى يوق ئىدى. تايلېر ئەپەندىلەر قورال-ياراغنىڭ كۈچى بىلەن ئۈچ ئاي ئىچىدىلا بىرىنچى قەبىلىدىكىلەرنى قىرىپ تاشلاپ، ئورنىغا باشقا ئىگە بولدى. بۇ چاغدا تايلېر ئەپەندى بىر بۈيۈك ئىمپېرىيە بولۇشنىڭ تەمىنى تېتىپ، ھەيۋىسىنى كۆرسەتتى. ئارقىدىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى قەبىلىلەرنى بىر-بىرلەپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى، ئۇلارنى توختىماستىن قىرغىن قىلدى، بۇنىڭغا ئۇ مەت قىلىپمۇ قويمىدى. بىر كۈنى تايلېر ئەپەندى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەمدى قىرغىن قىلىدىغان قەبىلە تاپالمايۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

ئەمدى ھېكايىمىز ئاخىرلىشاي دەپ قالدى.

ئۇزۇن كارىدور-زاللار چۆلدەرەپ قالدى. ئۇ يەردە بىرەر-يېرىم ئايال ياكى قولتۇقىغا كىتاب قىستۇرۇۋالغان كاتتا شائىرلارنىڭ ناگان-ناگاندا ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشكىنى كۆرۈنۈپ قالاتتى.

كوچا-كويلاردا ئادەملەر بارغانسېرى شالاڭلاشتى، ۋېلسىپىتلارمۇ ئانچە چېلىقمايدىغان بولدى. كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكىدەك كۈلكە-پاراڭلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى، ھەممە يەرنى غەم-قايغۇ باسقانىدى.

ئۆلۈك ساندۇقى ياساش ئىشىمۇ ئىلگىرىكىدىن كاساتلاشتى. كىشىلەر ئۆزلىرىنى دەھشەتلىك چۈش كۆرگەندەك ھېس قىلىشتى. ئۇلار چۈشلىرىدە چۆنتەكلىرى توشقۇچە پۇل تېپىشاتتى، بۇ پۇللارنى ياستۇق-تەكىيلىرىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇشاتتى. ئەمما، ئەتىسى ئويغىنىپلا چۆنتەكلىرىنىڭ قۇپقۇرۇق تۇرغانلىقىنى بىلىشەتتى.

نېملا بولمىسۇن، بۇ سودىنى ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ راۋاجلاندۇرۇش كېرەك ئىدى. ئەمما ھايات قالغانلار بېشىنىڭ كېسىلىپ يات ئەلگە ئېلىپ كېتىلىشىدىن قورقۇپ يۈرەكئالدى بولۇپ كېتىشكەنىدى.

تايلېر ئەپەندىنىڭ مەملىكىتىدە ئادەم بېشىغا بولغان ئېھتىياج كۆپەيسە كۆپەيدىكى، ئازايمىدى. ئۇ يەردىكى بازارلارغا خۇدانىڭ كۈنى خىلمۇخىل يېڭى نەرسە-كېرەكلەر سېلىنسىمۇ، كىشىلەر بۇلارغا كۆز قىرلىرىنى سالماي، لاتىن ئامېرىكىسىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئادەم بېشىغىلا يۈگۈرۈشەتتى.

ئاقىۋەت بوھران يېتىپ كەلدى. لارستون گويا ئېلىشىپ قالغاندەك ئادەم بېشى ئېلىشنى كۈن بويى توختىماي سۆيلەيتتى. ئۇ شىركەتنىڭ كۈندىن-كۈنگە خارابلىشىۋاتقان ئىقتىسادىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەستىن، جېيىننىڭ ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە ئامال قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ يۈردى.

ئىلگىرى مال كۈندە بىر قېتىم يېتىپ كېلەتتى. ئەمدى ئايدا ئاران بىر قېتىم كېلىدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مالنىڭ سۈپىتىمۇ ئىلگىرىكىگە يەتمەيتتى. قولىغا قاندىقى چۈشسە شۇندىقى، ھەتتا ئاياللار-

نىڭ، بالىلارنىڭ ۋە سوتچىلارنىڭ باشلىرىمۇ كېلىدىغان بولدى. بىركۈنى مال توساتتىن ئۈزۈلۈپ قالدى.

ھاۋا تۇتۇق بىر جۈمە كۈنى لارستون پاي چېكى سودا بازىرىدىن ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. بازاردىكى كىشىلەرنىڭ ۋاقىراپ-جارقىراشلىرى ۋە ئالاقزادىلىكلىرى ئۇنىڭ قۇلاق-مېڭىسىنى يېدى، ئۇ دېرىزىدىن سەكرەپلا ئۆلۈۋالماقچى بولدى (ئۇ ئۆزىنى تاپانچە بىلەن ئېتىۋېلىشنى خالىمايتتى، چۈنكى ئۇ ئوق ئاۋازىدىن قورقاتتى). ئۇ ھېلىلا كەلگەن خالتىنى ئېچىۋىدى، جىيەنى تايلېر ئەپەندىنىڭ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان بېشى كۆرۈندى. بۇ باش ئامازون رايونىدىن كەلگەنىدى. لارستون بۇ باشنى كۆرۈپ گويا بىر شوخ بالىنىڭ چىرايىنى كۆرگەندەك، جىيەنى تولىمۇ ئۇڭايسىزلىنىپ، ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «كەچۈرۈڭ، مېنى كەچۈرۈڭ! مەن بۇنداق ئىشنى ئەمدى زادى قىلمايمەن» دەۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولدى.

(«چەت ئەل ھېكايىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1986-يىللىق 11-سانىدىن)

ئابدۇسالام ئابلىز تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئۇسمانجان ساۋۇت

لېۋ تولستوي (روسيه)

# مەسەللەر

## شەپەرەك

ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئۇچار قاناتلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولۇپتۇ. شەپەرەك ئارىلاشماي، قايسى تەرەپ غەلىبە قىلسا شۇ تەرەپكە قېتىلىشنى ئويلاپ، بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ. دەسلەپ قۇشلار ھايۋانلارنى مەغلۇب قىلىپتۇ. شەپەرەك دەرھال قۇشلار توپىغا قېتىلىپ، ئۆزىنى قۇش دەپ ئاتاپتۇ. كېيىنكى قېتىملىق جەڭدە ھايۋانلار قۇشلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپتۇ. بۇ چاغدا شەپەرەك ئۆزىنىڭ چىشىنى، پۇت-تىرناقلىرىنى ۋە ئەمچەكلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭمۇ ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ھايۋانلار توپىغا قېتىلىپتۇ. ئاخىرقى جەڭدە يەنە قۇشلار غەلىبە قىلىپتۇ. شەپەرەك دەرھال قۇشلارغا قوشۇلماقچى بولغانىكەن، قۇشلار ئۇنى ئۆزلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن قوغلىۋېتىپتۇ. ھايۋانلارمۇ ئارىغا ئالماپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەپەرەك ھايۋانلار بىلەنمۇ، قۇشلار بىلەنمۇ ئارىلىشالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. پەقەت كېچىگىمۇ، كۈندۈزگىمۇ تەۋە بولمىغان گۇگۇم مەزگىلىدىلا ئۇچۇپ يۈرەلەيدىغان، دەرەخلەردىكى كامارلاردىلا ياشايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

## قاغا بىلەن ئاق كەپتەر

بىر كۈنى قاغا ئاق كەپتەرلەرنىڭ ناھايىتى ياخشى كۆتۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئاق رەڭدە بوياپ، كەپتەرلەرنىڭ لاپىسىغا كىرىۋاپتۇ. كەپتەرلەر دەسلەپتە ئۇنى سېزەلمەپتۇ. بىراق، قاغا بۇ يەردە ئېرىشكەن ئامەتتىن خۇدىنى يوقىتىپ قويۇپ قاقىلداپ سالاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەپتەرلەر دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇنى لاپاستىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. قاغا يەنە ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا قايتىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. لېكىن ئۆزىنى ئاق رەڭدە بويىۋالغاچقا قېرىنداشلىرى ئۇنى كۆرۈپلا سۈرۈپ-توقاي قىلىپ، ئۆز توپىدىن قوغلىۋېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## يىڭناغۇچ بىلەن چۈمۈلە

كۈز كۈنلىرى چۈمۈلىلەرنىڭ غەملىگەن بۇغدايلىرى نەملىشىپ قاپتۇ. چۈمۈلىلەر بۇغدايلىرىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇۋاتسا، ئاچ قالغان بىر يىڭناغۇچ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇلاردىن ئازراق ئوزۇق بېرىشنى تىلەپتۇ. چۈمىلەر:

— سەن يازدا نېمىشقا ئوزۇقلۇق جۇغلىۋالمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىڭناغۇچ:

— يازدا ناخشا ئېيتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئوزۇقلۇق جەملەشكە ۋاقتىم چىقمىدى، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا يازچە ناخشا ئېيتقاندىكىن قىشچە ئۇسسۇل ئويناپ چىق، — دەپتۇ چۈمۈلىلەر.

## ئىلمىي ئوغۇل

بىر كىشىنىڭ شەھەردە ئوقۇۋاتقان ئوغلى بىر كۈنى دەم ئېلىشقا سەھراغا قايتىپ كەپتۇ. دادىسى:

— بالام، بۈگۈن خامانغا بارايلى. ئارىنى ئېلىپ ماڭا ياردەملىشكىن، — دەپتۇ. ئوغلى خۇش ياقمىغان هالدا:

— دادا، مېنىڭ شەھەردە ئۆگەنگەنلىرىم ساپلا ئىلمىي نەرسىلەر، سەھرالىقلارنىڭ گېپىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئارا دېگەن قانداق نەرسە ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋە ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ هويلىغا كىرىشىگە يەردىكى ئارىنىڭ ئۇچىغا دەسسىۋاپتۇ. ئارا دەستىسى قاڭقىپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە تېگىپتۇ. ئۇ دەرهال پېشانىسىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— قايسى دۆت ئارىنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويغاندۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

(ل. تولستوينىڭ «چۆچەك ۋە مەسەللەر توپلىمى» دىن)

سالامەت هاشىم تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر يۇلتۇز تېيىپجان

# تۆمۈر داۋامەت ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

1996-يىل 28-نويابىر بېيجىڭدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەيىۋەنجاڭى تۆمۈر داۋامەتنىڭ يېڭى نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

«شېئىرىي ھېسسىياتنى مۇھەببەت كۆزى بىلەن بايقىغان، تۇرمۇشنى شېئىرىي تىل بىلەن ئىپادىلىگەن.» بۇ، يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىس، ئالىملار ئۇنىڭ يېڭى نەشر قىلىنغان توپلاملىرى — «دوستلۇق سەپىرى»، «بوستانلار ئارىلاپ»قا باھا بېرىپ ئېيتقان سۆزلىرى.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى تۆمۈر داۋامەتنىڭ مۇنداق بىر ئادىتى بار: قەيەرگە بارسا بىرەر شېئىر يازىدۇ. ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن تارتىپلا شېئىر، ناخشا تېكىستى، قوشاقلارنى يېزىشقا باشلىغان ۋە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا ئۆسكەن شائىر تۆمۈر داۋامەت قايناق ھېسسىياتقا تولغان قەلىمى بىلەن شىنجاڭنىڭ تاغ-دەريالىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە خەلق تۇرمۇشىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى كۈيلىگەن. تۆمۈر داۋامەت «ھايات مەشئىلى» ۋە «سۆيۈملۈك يۇرتۇم» ناملىق شېئىر توپلاملىرىدا ئانا يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ۋە تۇرمۇش توغرىسىدىكى چوڭقۇر ئوي-پىكىرلىرىنى ئىپادىلىگەن ئىدى.

يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىس، ئالىملار تۆمۈر داۋامەتنىڭ يېڭى شېئىرلار توپلىمى «بوستانلار ئارىلاپ» ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن يازغان «دوستلۇق سەپىرى» قايناق ھېسسىيات ۋە مۇھەببەت بىلەن تولغان، ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ئەسەرلەر، دەپ مەدھىيىلىدى.

(«خەلق گېزىتى»نىڭ 1996-يىل 29-نويابىر سانىدىن ئېلىندى.)

خاسىيەت ئەمەت تەييارلىغان

www.uyghurkitap.com



## ئىككى چوڭ قۇرۇلتاي مۇنبىرىدە


يېقىندا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ 6-قۇرۇلتىيى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5-قۇرۇلتىيى تارىخىي ئەھمىيەتلىك مۇھىم قۇرۇلتاي بولدى. بۇ ئىككى قۇرۇلتايغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىدىن 53 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتاي داۋامىدا ھەر مىللەت ۋەكىللىرى ھەيۋەتلىك خەلق سارىيىدا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنى بىۋاستە ئاڭلاش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. شۇنداقلا مۇئاۋىن زۇڭلى جۇرۇڭجى ھەم چيەن چىچېننىڭ مۇھىم دوكلاتىنى بىۋاستە ئاڭلىدى.

ۋەكىللەر تولۇپ تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق بىلەن يىغىنغا تولۇق قاتنىشىپ، يىغىننىڭ تۈرلۈك كۈنتەرتىپلىرىنىڭ تولۇق ئورۇندىلىشىغا ئاكتىپ ھەسسە قوشتى. بۇ قېتىمقى يىغىن دېموكراتىك، ئىتتىپاقلىق، غەيرەتنى ئۇرغۇتىش، گۈللەندۈرۈش يىغىنى بولدى.

قۇرۇلتايدا ئاپتونوم رايونىمىزدىن چېن خۇڭبۇ، قەييۇم تۇردىلار جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە سايلاندى.

قەييۇم تۇردى، مەتىمىن ھوشۇر، شاكەن ئوڭالباي (قازاق)، جۇتاۋ (ئارمىيە ۋەكىلى)، لى شۇيۈەن (بىڭتۈەن ۋەكىلى)لەر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە سايلاندى. قەييۇم تۇردى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك كومىتېتى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

(ئۆز خەۋىرىمىز)





جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ 6-قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان
شىنجاڭ ۋەكىللىرى بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ ئالدىدا .



جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5-قۇرۇلتىيىغا
قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللىرى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





تارىم

《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：《博格达》 电子排版中心
印　　刷：　新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所

1997-يىل 2-سان (432-سان). 47-يىل نەشرى.
تۈزگۈچى: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4516214
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号：　ISSN 1002—9044
国内统一刊号：　CN 65—1010/I
国外代号：M 4461
邮发代号：58—66　定价　4·00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66-58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى 4.00 يۈەن

邮政编码：830000　پوچتا نومۇرى:

广告许可证：新工商广字 00528139 号